# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (15)

ئەسەر مەنبەسى: باغداش مۇنبىرى، ئەزىمەتلەر مۇنبىرى، ئىزدىنىش مۇنبىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تور بېتى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2016-يىلى 1-ئاي

www.kitaphumar.net

# مۇندەرىجە

1 . ئۇيغۇرلاردا مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۇنى تەقسىملەش ئادىتى ..............................................
..............................................................ئابدۇقەييۇم مىجىت 3
2 . چەنپەنلەر كىم ..................................................غوجائەخمەد يۇنۇس 12
3 . موڭغۇل ـ ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تىللار ئارىسىدىكى يىلتىزداشلىق..........
....................................................................................ئابدۇۋەلى تۇرسۇن ئەر تۇرا 17
4 . موڭغۇل تىلىدىكى ‹خوتۇن كۇن› كەلىمىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە.......23
5 . پەلسەپە : ئىلىم ـ پەن بىلەن دىن ئارىلىقىدا.........................گۇشپىينوف 26
6 . جەڭ تۇتەكلىرى ئارىسىدىكى كۇنلەر ۋە تۇنلەر...................................
. ..............................................................ئابلىمىت مۇھەممىدى ئاقيولى 41
7 . پەزىلەتلىك جامائەت ئەربابى، داڭلىق شائىر، مەشھۇر يازغۇچى، يىتۇك ئالىم
ئابدۇرېھىم ئۆتكۇرنىڭ ئىددىيۋى قاراشلىرى. ................... ....... تۇردى سۇلتان 70
8 . قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي ـ پەلسەپۋى پىكىرلىرىدىكى
ئورتاق ئامىللار[1] ..................................................................ئابدۇرېھىم تۇرسۇن 100
9 . شىئە ـ ئىسمائىلىيە مەزھىبى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا.......................
......................................................مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىم 124
10 . ئايالدىن باشلانغان قىسمەت ...........................نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 158
11 . «ئۇغۇزنامە»نىڭ مۇتىنى قۇرۇلمىسى ھەققىدە .........ئابدۇسالام شۇكۇرنۇھ 176
12 .ئىسلام دىنىدىن تېرورلۇققا نەزەر.........................ئەھمەتجان ھەسەن 194

# ئۇيغۇرلاردا مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۇنى تەقسىملەش ئادىتى



**ئابدۇقەييۇم مىجىت**

«مىراس ـ ئۆلگەنلەردىن قالغان مال- مۈلۈك » ياكى « ئۆلگەنلەردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ئىلمىي، ئەدەبىي، مەدەنىي، كەسپىي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسە » بولۇپ، مىراسقا ئىگە بولۇش « مۈلۈك ۋارىسلىقى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىراس قالدۇرۇش ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى ئىنسانلاردا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولىشىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ناتۇرال (ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان) ئىگىلىك شەكلىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ ئازدۇر- كۆپتۇر ئېشىنچا مەھسۇلاتلارغا ئىگە بولغان. ئائىلە شەكىللىنىپ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىپتىدائىي ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن تەدرىجىي ھالدا پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش يۈزىسىدىنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشى ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئۇنىڭ بىرەر پەرزەنتى ياكى بىرەر يېقىن تۇغقىنىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچى قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقىلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا قانداق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنى قانداق تەقسىملەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئەل ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن مۇئەييەن ئورتاق تونۇش، چۈشەنچىلەر ، قائىدە ـ يۇسۇن ۋە ئادەت ـ ئۇدۇملار شەكىللىنىشكە باشلىغان. « ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكى بولغان ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە:

www.kitaphumar.net

« ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىنغان. ئۆلگەندىن كېيىنكى مىراس ئۇرۇق ئىچىدە قالغان. ئۇنىڭغا شۇ ئۇرۇقنىڭ ئەزالىرى ۋارىسلىق قىلغان. » ئىنسانلار ھەر خىل شەكىلدىكى ۋارىسلىق تۈزۈملىرىنى بېشىدىن كەچۈردى . ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە ئەنئەنىسىدىكى مەنپەئەت چۈشەنچىسى ۋە قىممە ئېڭى ( تۇيغۇسى ) ئوخشاش بولمىغاچقا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مىراس تەقسىملەشتە مىراسقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر بىر شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغان ئاساستا مۇۋاپىق تەقسىملەش ئۈچۈن بارا - بارا مۇناسىپ قائىدە - تۈزۈملەر شەكىللەنگەن. مىراس مەسىلىسى ھەممە كىشىنىڭ، يەنە كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ پايدا - مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولغاچقا ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە ۋە ئۇلار ھايات ۋاقتىدا شۇغۇللانغان ھۈنەر - كەسپلىرىگە مىراس سۈپىتىدە قاراپ ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاقى ئادەت ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغان مەزگىللەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ يازما خاتىرىلىرىدە مىراس ھەققىدە بەزى بايانلارنى قالدۇرۇشقان ۋە يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان مىراسنى ئۆزىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قانداق تەقسىملىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بەزى تەۋسىيە ۋە ۋەسىيەتنامىلەرنى قالدۇرۇشقان. ئۇيغۇرلار سۈنئىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرىنى ئادەت قانۇنىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىپ كەلگەن. بىر خۇدالىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ مىراس ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە ئادەت ـ ئۇدۇملىرىنى شۇ دىنىنىڭ مۈلۈك ۋارىسلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىملىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتقان. قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەسىرىدىن قالغان بىر قىسىم مۈلۈك ۋارىسلىقى تۈزۈملىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بىكار قىلغان. مەسىلەن، « ‹ شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى تۈركلەر تەزكىرىسى › دە ئېيتىلىشىچە، تۈرك ئائىلىلىرىدە ئاتا، تاغا، ئاكا بولغانلار ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئوغۇل، جىيەن، ئىنى بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسى، يەڭگىسى، هاممىسىنى نىكاھىغا ئېلىش ئادىتى بولغان . » ② ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، « قۇرئان كەرىم » دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بۇ خىل « ۋارىسلىق نىكاھ » تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار دىنغا ئېتىقاد قىلغاندىن تارتىپ تاكى ئېلىمىزدە يېڭى جوڭگو قۇرۇلغىچە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئېلىمىزدە 1985 ـ يىلى « ۋارىسلىق قانۇنى » چىقىرىلىپ يولغا قويۇلغىچە بولغان

ئارلىقتا خەلقىمىز مىراس تەقسىملەش ۋە مۇلۇك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرىدە يەنىلا ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە ۋە قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى. ۋەھالەنكى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقىمىزنىڭ مىراس ئىشلىرىغا ئائىت ئادەتلىرى، بۇ ھەقتىكى دىنىي ئەھكاملار ۋە ئېلىمىزنىڭ « مۇلۇك ۋارىسلىقى قانۇنى » ئوتتۇرىسىدا ئۆز ـ ئارا تەسىر قىلىش، ئۆتنۇشۇش، بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇنلىشىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇلۇك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرى يەنى مىراسقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر كۆنسېرى گەۋدىلەنمەكتە. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ھەر خىل ئىگىلىك شەكلى ۋە ھەر خىل دىنىي ـ ئېتىقادلارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندۈرگەن مىراس ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسى، ئادەت ـ ئۇدۇملىرى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى فولكلور ۋە مەدەنىيەت ئىلمى نوقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى بار. مىراسلارنى شەكلىگە قاراپ ماددىي مىراس ۋە غەيرى ماددىي مىراس دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. بىز بۇ ماقالىدە پەقەت ماددىي مىراس ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىلا توختىلىمىز.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇلۇك ۋارىسلىقى مەسىلىسىگە ناھايىتى بۇرۇنلا دىققەت قىلغانلىقىنى قەدىمكى ۋەسىقىلەر ۋە يازما يادىكارلىقلارغا قاراپ جەزملەشتۈرەلەيمىز. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىيەتنامە ۋە مىراس بۆلۈشۈش ھەققىدىكى ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلاردا مۇكەممەل بولغان مۇلۇك ۋارىسلىقى تۈزۈمى ۋە كىشىلەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆز مال ـ مۈلكىنى قانداق تەقسىملەش ھەققىدە ۋەسىيەتنامىلەرنى قالدۇرۇش ئادىتى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىنمۇ مىراس ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز . «دىۋان» دا : « خۇمارۇ ــ مىراس. بۇنى ئاتامدىن خۇمارۇ بۇلدىم . ــ بۇنى ئاتامدىن مىراس قىلىپ ئالدىم . »③ دېيىلگەن. «دىۋان» دا يەنە «خۇمارۇ» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل مەنىسى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ : « خۇمارۇ ـ يادىكار. ئەستىلىك ئۈچۈن بېرىلگەن مال ياكى نەرسە. چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە ، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بۇيىچە، ئۇنىڭ مىلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە خاقانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە ‹ خۇمارۇ › دېيىلىدۇ . » ④ بۇنىڭدىن قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قىلىپ قالغان مىراسىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئۆز خاقانىغا تەقدىم قىلىدىغان مىراس بېرىش ئادىتى بولغانلىقى بىلىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا « قۇتاغۇ بىلىك » تىمۇ « ‹ قۇمارۇ › سۆزى ‹ مىراس،

ۋەسىيەت، تەۋەرۇك، يادىكار › مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن .» ⑤ بۇ ئىككى كىتابتىكى « مىراس » مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنىڭ بىر ھەرپىلا ئوخشىمايدۇ . « دىۋان » دا: « خۇمارۇ » دېيىلسە، « قۇتادغۇبىلىك » تە « قۇمارۇ » دېيىلىدۇ. ئىشقىلىپ ئاتالغۇنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ مەزگىللەردە مىراس قالدۇرۇش ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللىگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچىنىڭ قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ بولغۇچە بالىلارنىڭ مىراس بۆلۈشىشى باشقىلار تەرپىدىن قاتتىق ئەيىپلىنىدىغان ئىش، دەپ قارىلىدۇ. قانۇندا ‹ ئۆلگۈچىنىڭ مال - مۈلكى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىنلا تەقسىملەنسە بولىدۇ › دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا بۇنداق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. ئەگەر بالىلار ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرسى بېرىلىپ بولغىچە مىراس بۆلۈشۈشكە چۈشۈپ كەتسە جامائەت تەرپىدىن « ئارانلار تۇرۇپتىكەن. ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشى يەرگە تېگىپ بولغىچە تالاشقا چۈشتى. » دەپ ئەيىپلىنىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ھەتتا بالىلار ‹ئاتا - ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيمىز › دەپ شۇ ئۆيدە ئوغۇلنىڭ كىچىكىنى ئولتۇرغۇزىدۇ. بەزى بالىلار ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مىراسنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ كىچىك ئىنىسىغا بېرىدۇ.

مىراس ۋارىسلىرى ئۆزىگە تېگىدىغان مىراسنىڭ ھالال بولۇشىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ . شۇڭا ئەگەر مىراس قالغان مال - مۈلۈككە زاكات بېرىش زۆرۈر بولسا ئاۋۋال زاكىتىنى ئۆيرىۋېتىپ ئاندىن تەقسىملەيدۇ. يەنە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ بىرەرسىگە بېرىدىغان قەرزى بولسا مىراسىنى تەقسىملەشتىن بۇرۇن مال - مۈلۈكتىن پۇل قىلىپ قەرزنى بېرىۋېتىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغاندا مېيىت نامىزنى ئوقۇيدىغان ئىمام جامائەتنىڭ ئالدىدا : ‹ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىلىپ - بىلمەي بىرەرسىڭلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويغان ياكى نەرسە كېرەكلىرىڭلارنى ئېلىپ قويغان ئىشلىرى بولسا رازى بولۇڭلار! ناۋادا مەرھۇمنىڭ بىرەر قەرزى بولسا ئۇنىڭ مىراسىدىن پۇل قىلىپ تۆلەپ بېرىلىدۇ ياكى مەرھۇمنىڭ بالىلىرى رازى قىلىدۇ ! › دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ـــ ئەگەر قەرز قەرزى ھۆججىتى بولمىسا ـــ بىر تەرەپنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن قارىشى تەرەپنىڭ زىيانغا ئۇچراپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئاممىۋى تونۇش ۋە ئەخلاق جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

مىراسخورلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى ناتايىن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ بالىلىرى ( مىراسخورلىرى ) تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا شۇ ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنى، خوشنىسى ياكى

www.kitaphumar.net

خالىغان بىرەرسى بۇنداق يېتىم بالىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال - مۈلۈككە قاراپ تۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىلار ئۆزىنىڭ مىراسىغا ئىگە بولالىغۇدەك بولغاندا ئاندىن ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنداق يېتىم بالىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال - مۈلۈككە قاراپ تۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان كىشى ‹ ۋەسى › دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر قاتتىق كېسەل تارتىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بولسا، ئەگەر بالىلىرى كىچىك بولسا ئۆزىنىڭ بىرەر تۇغقىنىغا بالىلىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىشنى ھەمدە ۋەسىيلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئۇيغۇرلاردا بالىلار ئۆز ئاتا - ئانىسىدىن قالغان نەرسىنىڭ قىممىتى بولۇش - بولماسلىقى ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك ماددىي ئۆلۈشنىڭ قانچىلىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئاز كۆرمەي ، مىراس قالغان نەرسىنى « ئاتا - ئانامدىن قالغان ! » دەپ ناھايىتى قەدىرلەپ، ئۆز ئۆيىنىڭ تەۋرۈك نەرسىسى سۈپىتىدە تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ ۋە ئاسراپ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا « مىراستىن مۇشتەك تەگسىمۇ ئال » دېگەن ماقال كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپ ئەخلاقىدا ئەگەر بىرەر ئائىلىدە شۇ ئۆينىڭ بېشى (ئاتىسى) ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرەرسى ئاتىسىنىڭ كەسپىنى بىر مىراس سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئۆزۈلدۈرۈپ قويماي، داۋاملاشتۇرۇپ ئېكتىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ قالغان مال - دۇنياسىغىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھۈنەر - كەسپلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە ئۇلار شۇ ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىشلەتكەن رىساللەرنى ئەتىۋارلاپ ساقلاشقا ۋە ئۆزىدىن كېيىن بۇ ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا « ئاتا كەسپى بالىغا مىراس » دېگەن ماقالمۇ كەڭ تارقالغان. شۇنداقلا خەلقىمىزدە ئاتا كەسپىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي راۋاجلاندۇرغانلار، ياخشى ئۆگەنگەنلەر روناق تاپىدۇ، ئاتا كەسپىنى ئۆگەنمەستىن تاشلىۋەتكەنلەر ياكى بۇزغانلارنىڭ ھال - كۈنى ياخشى بولماي ئۆمرى خارۇ - زارلىقتا ئۆتىدۇ، دېگەن كۆزقاراشمۇ بار. ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان تەۋەررۈك بۇيۇملاردا باشقىچە بىر خىل خاسىيەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئاتا - ئانىسى ئىشلەتكەن شۇ نەرسىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسە ئۇلارنىڭ روھىنىڭ ئۆزىنى يۆلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشىنىش تۈيغۇسى تۈپەيلىدىن مىراس بۇيۇملارنى ئەتىۋارلاش، ئۇنى ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئەقىدە قىلىش ئىبگى ئۇيغۇرلارنىڭ مۈلۈك ۋارىسلىقى چۈشەنچىلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىراس ۋەسىيەت قالدۇرۇش شەكلى بىلەن ياكى ۋەسىيەت قالدۇرۇلمىغان بولسا ئەل - يۇرت ، قۇلۇم - خوشنىلارنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئۆيرىپ

قويۇشى بىلەن تەقسىملىنىدۇ. مىراس ئۆيرىيدىغاندا مەھەللە ئاقساقاللىرى شۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ باللىرىدىن ‹ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قويغان ۋەسىيەتنامىسى ياكى بىرەرسىگە تاپىلاپ قويغان ئاغزاكى ۋەسىيتى بارمىدى ؟ » دەپ سورايدۇ . ئەگەر بولسا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ۋەسىيتىگە ئاساسەن مىراس تەقسىملەيدۇ. ئەگەر ھېچقانداق ۋەسىيتى بولمىسا ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە ئايرىپ قويىدۇ . ئەگەر مىراس لىللا، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئۆيرىلمىسا مىراسنى كۆپ ئېلىۋالغۇچى ياكى مىراسنى ناھەق ئايرىغۇچى « يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋالغان» دەپ دىن ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىپلىنىدۇ. ئاتا بىلەن ئانىنىڭ باللىرىغا قالدۇرىدىغان مىراسى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر ئۆيدە ئەر ـ ئۆيال ئورتاق ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر باللارغا ئورتاق تەقسىملەنسىمۇ، ئورتاق ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تەقسىملەشتە ئەرلەر ( ئاتىلار ) ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ئوغۇللار، ئاياللار ( ئانىلار ) ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى قىزلار ئالىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن ، ئانىلار كۆپىنچە ئۆزىنىڭ تويلۇق ئۈزۈك ، ئالتۇن زىرە ... قاتارلىق نەرسىلىرىنى قىزلىرىغا مىراس قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئەرلەر ئۆزىنىڭ يېنىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن پىچاق، تۇمار ... دېگەندەك نەرسىلەرنى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپتە ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىنى ئوغۇللىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ. ئۆلۈپ قالغۇچىنىڭ باللىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسىدىن، بولۇپمۇ كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك نەرسىلىرىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئۆز مەھەللىسىدىكى يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇق كىشىلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ ئازىيىشى، ياكى شۇ سەدىقىنىڭ ساۋابىنىڭ ئۇلارنىڭ روھىغا يېتىپ تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

مىراسنى ئەمەلى تەقسىملىگەندە « ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوغۇل، قىز، ئۆيال ھەممىسى مۈلۈك ۋارىسلىق (مىراسخورلۇق) ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما ئەمەلىي تەقسىماتتا ئوغۇلغا قارىغاندا قىزغا ئىككىدىن بىر ئۈلۈش، ئايالغا تۆتتىن ياكى سەككىزدىن بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى يوق بولغان تەقدىردە مۈلۈك قىزلار ئوتتۇرىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ھېچقانداق پەرزەنتى يوق، ئەمما قانداش تۇغقان ۋە ئايالى بولغان تەقدىردە شۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆلۈشتىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ باشقا ھېچقانداق يېقىنلىرى بولماي، پەقەت ئۆگەي ئاكىسى، ئاسراندى پەرزەنتى بولسا مۈلۈك ۋارىسلىق ھوقۇقى شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. مۇنداق پەرزەنتلەردىن بىردىن ئۇشۇق بولغان تەقدىردە ئۇلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى يەككە ـ يىگانە بولسا، ئۇنىڭ مۈلكى جامائەتنىڭ كېڭىششى بىلەن جامائەت خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا مال ـ مۈلۈكنىڭ مەلۇم قىسمىنى پەرزەنتلىرىنىڭ بىرەرىگە ياكى ئايالىغا ( ئۆگەي ۋە ئاسراندى پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ ) بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ياكى شۇنداق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مۈلۈكنىڭ شۇ قىسمى تەقسىماتقا كىرگۈزۈلمەيدۇ ... تۇرمۇشلۇق بولمىغان ئۇغۇل، قىزلارغا مۈلۈك تەقسىماتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە توي ئىشلىرىنىڭ خىراجىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، تېگىشلىك نىسبەتتىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇقراق مۈلۈك قالدۇرۇلىدۇ . »⑥ ئاتىسى ئۆلۈپ قالغاندا، تېخى تۇغۇلمىغان قورساقتىكى بالىغىمۇ مال - مۈلۈك تەقسىملىگەندە مىراس بېرىلىدۇ . ئەگەر بالا ھايات تۇغۇلسا ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان مىراس بېرىلىدۇ ھەمدە بىرەرسى بۇ بالا ئۈچۈن ۋەسى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا يەرمۇ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدىغان نەرسە ھېسابلىناتتى، لېكىن بۇ ئادەت ئېلىمىزنىڭ يەر قانۇنى ۋە ۋارىسلىق قانۇنى تەرىپىدىن بىكار قىلىندى. قەدىمكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە خان - پادىشاھ ۋە بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ ئىدارە قىلغان زېمىنلىرى ۋە تەختتە ئەمەللىرىمۇ بىر خىل مىراس سۈپىتىدە قالدۇرىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھايات ۋاقتىدا كېيىن باللىرىنىڭ ئۆزىدىن قالغان مال - مۈلۈك ۋە ھوقۇقنى تالىشىپ جېدەل - ماجرا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زېمىن ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن. مەسىلەن، « ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئوغۇز خاقاننىڭ ئولۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە دەۋىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ زېمىنلىرىنى باللىرىغا بۆلۈپ بېرىشى — فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي مۈلۈك ۋارىسلىقى ۋە مىراس تەقسىملەش ئادىتىنىڭ بىر روشەن ئىپادىسىدۇر. قالدۇرۇلىدىغان مىراسنىڭ قانداق بولۇشى ئىگىلىك شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ئاساسەن مال - چارۋىلار، يايلاق ... قاتارلىقلارنى مىراس سۈپىتىدە قالدۇراتتى، لېكىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن بولسا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ مىراس قالىدىغان مال - مۈلۈكلىرى بولغان.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئوغۇللار ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، ھۇرۇن، نىيىتى يامان ۋە ئاچكۆز ئاكىسىنىڭ، ئەمگەكچان، ساددا، قانائەتچان كىچىك ئىنىسىغا ( كەنجى بالىنىڭ ) تېگىدىغان مىراستىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بەرمەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى ھەمدە كەنجى ئوغۇلنىڭ بىر كۈنى خىزىرغا ئۇچراپ قىلىپ ناھايىتى زور بايلىققا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلەر كۆپىنچە چۆچەكلەرنىڭ ئاساسى سيۇژىتى بولۇپ كەلگەن. بۇ مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە كىشىلەرنىڭ مىراس

تەقسىملەشتە ئادىل بولۇش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ باشقىلارنىڭ نېسۋىسىنى يەۋالماسلىققا ئۈندەلگەن .

ماددىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، غەيرى ماددىي مىراسلارنىمۇ ئەقلىي يۈسۈندا قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش زۆرۈر. مىراس مەسىلىسى ھەق - تەلەپ، ۋارىسلىق، گۇۋاھلىق، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۆرپ - ئادەت ، ئەخلاق، دىنىي - ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ مەسىلە بولغاچقا، بۇنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

---

### ئىزاھاتلار:

① « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لوغىتى » ( قىسقارتىلمىسى )، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 - يىل، 9 - ئاي نەشرى ، 1080 - بەت .

② دىلمۇرات مەھمۇت:« قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ ۋارىسلىق نىكاھ › ئادىتى توغرىسىدا»، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2005 - يىل 2 - سان ، 85 - بەت .

③،④ مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل 8 - ئاي 1 -نەشرى ، 1 -توم 581 - بەت .

⑤ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: « قۇتادغۇ بىلىك »، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 - يىل 1 - نەشرى، 190، 6322 ، 6324 - بېيىتلار.

⑥ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: « ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى، 233-، 234 - بەتلەر .

---

### پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى [ مىسىر ]: « ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە — مارجانلار » ( ئۇيغۇرچە )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003-يىل 12 - ئاي نەشرى .

② جۇ شىنچى، لى ۋەن تۇگەن ( راخمان نىياز، ئايشەم نىياز، رەيھان راخمانلار تەرجىمە قىلغان ) : « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ يېشىمى » ( ئۇيغۇرچە )، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى ، 2002 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى.

بۇ ماقالە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 1ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە «16 قېتىملىق خانتەڭرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن.

مەنبە: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى كونا تورىېتى

# چەنپەنلەركىم

**غوجائەخمەد يۇنۇس**

«چەنپەن» ياكى «چەمپەن» خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ بولۇپ، خەنزۇچە «遣返» دەپ يېزىلىدۇ، مەنىسى «سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلار (جىنايەتچىلەر)» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاتالغۇ تارىخ كىتابلىرى، ساياھەت خاتىرىلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ.

تارىخچى لىيۇ زىشياۋ (1937ـ1999) ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسىم 2ـكىتابىدا چىڭ سۇلالىسى (1644ـيىلىدىن 1911ـيىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈمىتىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشىنى بىر خىل ئاساسلىق ئىقتىسادىي سىياسەت قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا زور كۈچ بىلەن يولغا قويغانلىقىنى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، «ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى»، «مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى»، «پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى» دىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىپ چىققانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ:«مەھبۇسلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى دېگەندە، بۇ يەرگە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەر بىر مەھبۇسقا 12 مو يەر ۋە ھەر بىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرگە بېرىلىدىغان ئوزۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنىڭ يېرىمىنى بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۆكۈمەتكە يىلىغا ئالتە دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى.» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1987ـيىلى 10ـئاي ئۇيغۇرچە 1ـنەشرى 999ـبەت)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982ـيىلى 1ـئايدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 1ـكىتابىدا مىلادى 1760ـيىلى ئاگۈي قوشۇن باشلاپ ئىلىغا ئورۇنلىشىپ، بوز يەر ئاچقانلىقى، بۇ جەريانىدا «تۇغلۇقلار تېرىقچىلىقى»، «سۈرگۈنلەر تېرىقچىلىقى» ۋە «ئاھالە تېرىقچىلىقى» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تېرىقچىلىق يولغا قويۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ:«يەنە بىرى سۈرگۈنلەر (سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر) تېرىقچىلىقى. ئىلىدىكى سۈرگۈنلەر تېرىقچىلىقىدا، ھەر بىر ئادەم 12 مو يەر تېرىتتى، بىر قىسىم سۈرگۈنلەر تەلكىدە

تېرىقچىلىق قىلىدى، بۇ يەر شىدى (غەربىي يەر) دەپ ئاتالدى. يەنە بىر قىسمى لاما كۆرەسى جىلغىسىدا بولۇپ، بۇ يەر (لىياڭدى) دەپ ئاتالدى. ئىلىدىكى باشقا يەرلەردىمۇ سۇرگۈنلەر تېرىقچىلىقى بار ئىدى.» (ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 445-بەت)

روسىيەلىك شەرقشۇناس تىلشۇناس، مىللەتشۇناس ئاكادېمىك ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف (فرىدىخ ۋىلھېلىم)(1918-1937) «سىبىردىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ 6-بۆلۈمى «ئىلى ۋادىسى» ئۆزىنىڭ 1862-يىلى 7-ئايدا غۇلجىغا قىلغان ساياھىتىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چەنپەنلەرگە ئائىت قۇرلار بار. «بەزى يەرلەدە بەدەنلىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپى يالىڭاچ ئىشلەمچىلەرگىمۇ ئۇچرىدۇق. نۇرتاي ① بۇلارنىڭ چەنپەن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.» «چەنپەنلەرنىڭ جەنۇبىي چىندىن (گۇڭدوڭ، خنەن، غەربىي جەنۇب، ئوتتۇرا چىن، غەربىي چىندىن) سۇرگۈن قىلىنغان ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ يىراقتىكى ئىلى ۋادىسىغا ھەيدىلەتتى ۋە دەسلەپكى ئۈچ يىلدا پادىشاھلىققا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى. ھەر يىلى يۈز چەنپەن كىلەتتى ۋە ئەڭ ئېغىر ئىشلارغا قويۇلاتتى.» «ئۈچ يىللىق ئەمگەك ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىدا ئەركىن ياشىيالايتتى.» «دېھقانچىلىق قىلىدىغان چەنپەنلەردىن تەخمىنەن بەش مىڭ كىشىنىڭ دەل ئىلى ساھىلىدا ئەپيۇن يېتىشتۈرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى سۆزلەنمەكتە.» «ئاتا-ئانىلار كەپسىز بالىلىرىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن <چەنپە كېلىۋاتىدۇ> دەيتتى. چەنپەنلەر چوشقا گۆشى، ئىت گۆشى، چاشقان، پاقا ۋە يىلانغان ئوخشىغان كۆرگەنلىكى نەرسىنى يەيدۇ. ھېچقاندەك يەردە چەنپەنلەردەك ئوغرى، قىمارۋاز، ھاراقكەش، ئەپيۇنكەش يوقتۇر». «بىر چەنپەن ئۈچ چىنلىق ياكى ئىككى تارانچىدەك ئىشلەيتتى.» (نەقىللەر تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان قولىيازمىدىن ئېلىندى)

«چەنپەن» دېگەن ئاتالغۇ «نۇزۇگۇم قوشاقلىرى» دىمۇ ئۇچرايدۇ:

مەن كۆرمىدىم ئاتامنى،
مېنى باققان ئانامنى.
چەنپەن بىرىپ ئۆلتۈرگەن،
ئۈچ ياشتىكى بالامنى.

(بۇ قوشاقنىڭ 3-مىسراسىدىكى «چەنپەن بىرىپ ئۆلتۈرگەن» دېگەن سۆزگە قاراپ، «چەنپەن زەھەر بولىشى مۇمكىن» دېگۈچىلەرمۇ بار)

تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەھبۇسلارنى چېگرا رايونلارغا ئەۋەتىپ

ئۆزگەرتىش يولىسىدىن ئۇلارنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى جۇڭگودا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا يولغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى فېئودال سۇلالىلەرمۇ مەھبۇسلارنى چېگرا رايونلارغا ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ ۋە سۈرگۈن قىلىپ، چېگرانى قوغداش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىرراق خىلاپلىق قىلغان، ئەمما جىنايىتى ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە توشمايدىغان جىنايەتچىلەرنى چېگرا رايونلارغا ئەۋەتىپ ۋە سۈرگۈن قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان، بۇ ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، جىنايەتچىلەرنىڭ ئىككى جايلاردىكى جەمئىيەت تەرتىپىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجىزلاشتۇرۇلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، چېگرا رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش تېزلىتىلىپ، شۇ چاغدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چېگراغا نۇرغۇن قوشۇن ئورۇنلاشتۇرغان، ھەربىي قوشۇننىڭ ماددىي ئەشيا ۋە ئاشلىق تەمىناتىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، چېگرا رايونلارنىڭ جاي-جايلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بارغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربىي قوشۇنلارنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش (ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى) ۋە ئىچكى جايلاردىكى دېھقانلارنى چېگرا رايونلارغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش (پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى) كە زور كۈچ بىلەن تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى جايلارنىڭ ئۆلكىلىرىدىن تۈركۈم-تۈركۈملىگەن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىمۇ چېگرا رايونلارغا ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلىش، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. جىنايەتچىلەرنى چېگرا رايونلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شۇ جايلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى كۆپەيتىلىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئېچىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلىشى كۈچەيگەن، شۇنداقلا ئىچكى جايلاردىكى ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى ئازايتىلغان، بۇ ئارقىلىق چېگرا رايونلارغا سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ياراملىق ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. مۇنداق جىنايەتچىلەر «چەنپەنلەر» (سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر) دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چەنپەنلەر مەملىكەتنىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، جىنايىتى خىلمۇ خىل بولغان. ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى «سىياسىي جىنايەت

ئۆتكۈزگەن چەنپەنلەر» ۋە «جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەن چەنپەنلەر» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزگەن چەنپەنلەر، ئاساسلىقى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان ئاۋام ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەر خىل مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقان ئەزالار ۋە دىنني زاتلار، ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان، مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ئەسكەرلەر ھەم فېئودال ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىسىز دەپ قارىغان ئادەملەردىن ئىبارەت بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ 11-يىلى (1806-يىلى) تۇتۇۋېلىنغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچى ئاما ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جىنايەتچى سۈپىتىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن. جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەن چەنپەنلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇرەككەپرەك بولغان، ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇلۇش تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن، پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز بولغان، ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن كۆچۈرۈم قىلىشقا بولىدىغان ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەردىن ئىبارەت بولغان.

جىنايەتچىلەرنى چېگرا رايونلارغا مەجبۇرىي ئەۋەتىشتىكى بىر مۇھىم مەقسەت بۇ جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش بولغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇنداق جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش، ھاشارغا سېلىش ۋە قۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولغان. چەنپەنلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەممىدىن تۆۋەن بولغان، قۇل قىلىنغان ۋە تېرىقچىلىققا سېلىنغان چەنپەنلەرنىڭ خالىغانچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىكچىلىق قىلىش ئەركىنلىكى بولمىغان، خالىغانچە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىش شارائىتىمۇ بولمىغان. چەنپەنلەردە ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلغان يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىلا بولغان، ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەتكە ھەقسىز تاپشۇرۇلغان. ھاشارغا سېلىنغان چەنپەنلەرنىڭ كۈنلىرى تېخىمۇ تەس بولغان، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك مېۋىسى ئۇلارغا مەنسۇپ بولمىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېگرا رايونلارغا ئۆزگەرتىلىشكە ئەۋەتىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن جەمئىيەتكە يېڭىۋاشتىن قايتىش يولى شۇ جايغا ماكانلىشىپ پۇقرا بولۇش، ئەسلىي يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ۋە ھەربىي قوشۇنغا كىرىپ ئەسكەر بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئەڭ چوڭ چەنپەنلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلغان جاي سانجىدا بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى (1762-يىلى) 1-تۈركۈمدىكى چەنپەنلەر شىنجاڭغا كەلگەندىن تارتىپ چيەنلۇڭنىڭ 32-يىلى (1767-يىلى) غىچە بولغام بەش يىل ئىچىدە سانجىدىكى

چەنپەنلەر 1640 قا يەتكەن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قوشقاندا نەچچە مىڭ ئادەمگە يەتكەن.

دېمەك، مەھبۇسلارنى چېگرا رايونلارغا سۈرگۈن قىلىش تۈزۈمى بىر خىل پاسسىپ ئەدلىيەلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى بولماي، بەلكى زامان ۋە ماكان جەھەتتە ھالقىپ ئۆتۈش تەس بولغان تەرەققىي تاپمىغان تارىخىي شارائىتتىكى بىر قەدەر كۈچلۈك تەشەببۇسكارلىققا ئىگە كەڭ قورساق مەجبۇرلاش ۋاستىسى بولغان، ئۇ مەھبۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قايتا زىيان يەتكۈزۈشىنى ئازايتقان. مانا بۇ-مەھبۇسلارنى چېگرا رايونلارغا سۈرگۈن قىلىش تۈزۈمىنىڭ فېئودال جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن كېيىنكى چاغلارغىچە داۋاملىشىپ كېلەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ-تەزكىرە كومىتېتىدىن ئارامغا چىققان)

مەنبە: ئىلى دەرياسى ژورنىلىنىڭ 2012-يىللىق 1-سانىدىن

www.kitaphumar.net

# موڭغۇل ـ ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تىللار ئارىسىدىكى يىلتىزداشلىق

ئابدۇۋەلى تۇرسۇن ئەر تۇرا

موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىلى ، شۇنىڭدەك باشقا قېرىنداش تىللار بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلار ئارىسىدا گىرئاماتىكىلىق ، لېكسىكىلىق ۋە فونىمىلىق تۈزىلىش جەھەتتە روشەن ماسلىق ، ئوخشاشلىقلارمۇ باردۇر . بۇلارنى نەزەرگە ئالغاندا ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بىر مەنبەگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تىللار ئارىسىدا سۆز مەنىللىرى جەھەتتىن ئايرىم ۋە نىسپىي پەرىقلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ هال بۇلارنىڭ ئۆز ئارا بىردەكلىكى بىلەن خېلىلا روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار جۈملىدىن باشقا قېرىنداش ممللەتلەر ، قەدىمدىن بۇيان قويۇق ئىجتىمايى ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن، شۇڭا بۇ هال ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن ئىدى. موڭغۇللا 12ـ ئەسرلەردە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغاندىن بۇيان بۇ ممللەتلەر ئارىسىدىكى سوبۇكتىپ ۋە ئوبۇكتىپ جەھەتتىكى ئالاقىلەر تېخىمۇ قويۇقلاشقان . شۇڭلاشقىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى خېمىر تۇرۇچ قىلغان موڭغۇل مانجۇ ، سولۇن ... يېزىقلىرى هازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىمەكتە .

بىز تۆۋەندە بۇ تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە شەكلى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مۇهىم ئوخشاشلىقلار ھەققىدە مۇناسىپ سېلىشتۇرمىلارنى ئېلىپ بارماقچىمىز : ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹‹ قۇلاق ›› سۆزى موڭغۇلچىدە ‹‹ كۇلاگۇ ›› شەكلىدە ; تۇرۇكچە ‹‹ ئومۇز ›› ( مۈرە ) سۆزى موڭغۇل تىلىدا ‹‹ ئومۇر ـ ئۇگۇن›› (كۆكرەكنىڭ ئۈستى، مۈرە دىگەنلىك) هالەتتە كېلىدىغانلىقى مەلۇم . تۈرۈكچە ‹‹ ساچ ›› ئۇيغۇرچە ‹‹ چاچ ›› سۆزى بولسا موڭغۇلچە ‹‹ ساچۇغ ›› يەنى ‹‹ ساچ + ئۇغ = ساچۇغ ›› شەكلىدە كېلىدۇ ؛ بۇنىڭ كونكىرىتنى مەنىسى ‹‹ پىشانىنىڭ ئۈستىدىكى چاچ ، ياكى كۇكۇلا›› دىگەنلىك بولىدۇ. ئۇندىن باشقا تۈرۈكچە ‹‹ تويۇك ›› سۆزى موڭغۇلچىدا ‹‹ تويىك ›› (توي+ ىك= تويىك) شەكلىدە كېلىدۇ . تۈرۈكچە ۋە ئۇيغۇرچىدا بار بولغان ‹‹ ئىنىك ، ئۆكۈز ، بۇزاغى (موزاي) ، كۇزۇ (قوزا) ، تېكې ( تېكە)، كويۇن ( قوي ) ، كوچ ( قوچقار) ›› قاتارلىق هايۋان ئىسىملىرىمۇ موڭغۇل تىلىدا ھەم ئوخشاش شەكىل ۋە ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ . تۈرىك

تىلىدىكى ‹‹ گۈچلۈ ( كۈچلۈك ) ، گۈچ ( كۈچ ) ، كاتى ( قاتتىق ) ، يىل ( يىل ) ، چاغ ( ۋاقىت ) ، ياپماك ــ ئېتمېك( ئەتمەك ، قىلماق ) ...›› قاتارلىق سۆزلەرمۇ موڭغۇل تىلىدا بەزى ھەرىپلەرنىڭ تەللەپپۇزىدىكى پەرىقلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئۇخشاشتۇر . ئۇندىن باشقا ‹‹ يېشىل ، سېرىق ، قارا ، كۆك ›› قاتارلىق رەڭلەرنىڭ ئاتىلىشىمۇ موڭغۇلچە ۋە تۈرۈكچە تىللار بىلەن ماس تۈزىلىش ۋە ماس مەنىگە ئىگەدۇر ..

يۇقارىقى ئەمەلىي پاكىتلار ، جۈملىدىن سۆزلەر ئارىسىدىكى مەنىداشلىق گىراماتىكىلىق تۈزىلىشنىڭ ئۇخشاشلىقى ، بۇ تىللار ئارىسىدىكى يىلتىزداشلىقنىڭ خېلىلا قۇيۇقلىقىنى دەلىللەيدۇ . شۇنداقتىمۇ قىسمەن مىكرو پەرىقلەر مەۋجۇت ئەمما چوڭ ئەمەس مەسىلەن : موڭغۇلچىدىكى ‹‹ ئى ›› تاۋۇشى بەزىدە تۈرىكچىدىكى ‹‹E›› غا ئۆزگەرسە بەزىدە سوزۇق تاۋۇش ‹‹ ئۇ ›› غا ئالمىشىدۇ . ھازىرمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تىللاردا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان رەڭ ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ‹‹ سېرىق ›› ( سېر+ ئىق = سېرىق ) دىگەن سۈپەت سۆزنىڭ ، قەدىمقى ئۇيغۇر ـ تۈرۈكچىدىمۇ شۇنداق ئاتالغانلىقى يەنى ‹‹سئرا ›› (سئرا + ئا = سئرا) ( مەنىسى سېرىق رەڭ دىگەنلىك ) شەكلىدە كەلگەنلىكى مەلۇم . .

ئۇيغۇر تىلىدىكى پارتىلىغۇچى تاۋۇش ‹‹ گ ›› موڭغۇل تىلىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ ، بۇ تاۋۇش سۆز ئارىسىدا ئىشلىتىلگەندە ، تۈرۈكچە سۆزلەردە ‹‹بۇزاگۇ››، موڭغۇلچىدا ‹‹ بۇرفگۇ ›› شەكلىدە كېلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر ـ تۈرىك تىلىدىكى ‹‹ئارغ›› (پاكىز) سۆزى موڭغۇل تىلىدا ‹‹ ئارغىن ›› نامىدا كەلگەن بولۇپ ، بۇ سۆزلەردە كەلگەن ‹‹ غ ›› سىرىلىڭغۇ تاۋۇشمۇ ئوخشاشلا ھەر ئىككى تىلغا ئورتاقتۇر . موڭغۇل تىلىدىمۇ سۆزلەر جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز تاۋۇشلارغا بۆلىنىدۇ .

بۇلاردىن باشقا موڭغۇل تىلىدىكى ئالماشلارنىڭ ، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئورنى جەھەتتە ئىگە بولۇپ كېلىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتە، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تىللار بىلەن ئورتاقلىققا ئىگەدۇر. يەنى بۇ ھال تۈركى تىللاردىن تۇۋا ، ياقۇت ( شەرىقى سىبىرىيەدە) ، ئالتايلار ( جەنۇبىي سىبىرىيەدە ) ، قازاق ، تاتار ، ئۇيغۇر ، تۈرۈك ، ئۆزبېك ، تۈركمەن، قىرغىز، گاگاۋز ، چۇۋاش ، قارا قالپاق ، ... تىللىرى بىلەن تامامەن ئۇخشاشتۇر.

بىز تۆۋەندە بۇ تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىق ۋە شەكىلداشلىق ، فونىمىلىق تۈزىلىشى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ، سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىمىز : يەنى قەدىمقى موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇرچىدىكى ‹‹بەخت ـ قۇت›› دىگەن سۆز ‹‹ خۇتۇ ›› دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىدا ‹‹ قۇتۇق ›› (قۇت+ ئۇق = قۇتۇق) شەكلىدە كېلىدىغان بولۇپ، مەنىسى ‹‹قۇت ــ بەخت ›› دىگەنلىك بولىدۇ؛

ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق كىلاسسىك سىياسىيونى، شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى ‹‹ قۇت ئادغۇ بىلىك ›› (مەنىسى : قۇت ـ بەخت كەلتۈرگۈچى ئىلىم ) دىكى ‹‹ قۇت ›› كەلىمىسىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئاتالما بولۇپ ، يۇقارىقى مۇڭغۇلچىدىكى سۆز ‹‹ خۇتۇ›› بىلەن بىردەكلىككە ئىگەدۇر . ‹‹ ئورخۇن ـ ئەنساي مەڭگۈ تاشلىرى›› دا بۇ سۆز ‹‹ قۇتلۇغ (قۇت + لۇغ = قۇتلۇغ ) ›› ( مەنىسى : بەخت ) شەكلىدە كەلگەن .

‹‹خارا ›› ياكى ‹‹خار›› (بۇ سۆزنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى ‹‹ قارا رەڭ ›› دىگەنلىك ، بىز بۇنىڭغا ئالاقدار بولغان موڭغۇلچە سۆز ‹‹خارانى›› (خارا + نى = خارانى)››( مەنىسى : قارا رەڭنى ) دىگەنلىك بولىدۇ ; بۇ يەردىكى موڭغۇلچە سۆز ياسىغۇچى قۇشۇمچە ‹‹ نى ›› ئۇيغۇر تىلىدىكى چۈشىم كېلىش قۇشۇمچىسى ‹‹ نى ›› بىلەن تامامەن ئوخشاش رولغا ئىگە . موڭغۇل تىلىدىكى يۇقارىقى رەڭ چۈشەنچىسى ‹‹ خار ›› (قارا رەڭ ) ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تىللاردىمۇ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇيغۇرچىدا بۇ سۆز ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ ‹‹ قارا خان ››( قارا خان ) سۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ، بۇ قەدىمقى ئۇيغۇرلاردا تۇتىملىق رەڭ ئۇقۇمى بىرلەشكەن ئادەم ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ سۆزدىكى ‹‹ قارا ›› ، ‹‹ خان ›› چۈشەنچىلىرىنىڭ بەرى موڭغۇلچىدا ئوخشاش مەنە ۋە شەكىلدە كېلىدۇ . ; بۇ ھەقتە موڭغۇلچىدا ‹‹ خارا ئۇتاي ›› ( قارا كۆز ) سۆزى بار ، بۇ ئورخۇن ئابىدىلىرىدە مۇنداق كەلگەن ‹‹ قارا كۆلتى سۇڭۇشتۇمىز...›› ( مەنىسى : ئۇلار بىلەن قارا كۆلدە سوقۇشتۇق ... ) بۇ مىسالدىكى ‹‹ قارا ››بىلەن موڭغۇلچىدىكى‹‹ خارا ئۇتاي ›› (قارا كۆز ) دىكى ‹‹ خارا ›› مەنىداشلىقتا ئىگە بولۇپ ، بۇ خىل رەڭ ئۇقۇمىنىڭ باشقا قېرىنداش تىللاردىكى ئاتىلىشى مۇنداق : يەنى قەدىمقى تۈركچىدە ‹‹ قارا›› ، ھازىرقى تۈركچىدە ‹‹ كارا ›› ، تۈركمەنچىدە ‹‹ گارا ›› ، تاتارچىدا‹‹ قارا ›› ، قازاقچىدا ‹‹ قارا ›› ، ئۆزبېكچىدە ‹‹ قارا›› ، ئۇيغۇرچىدا ‹‹قارا ››، ياقۇتچىدا ‹‹ خارا ›› چۇۋاشچىدا ‹‹خۇرا››.

موڭغۇللاردىمۇ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى بولغان ، شۇڭا ئۇلار ئادەم ئىسمىلىرىنىمۇ رەڭلەر بويىچە ئاتاشقان ‹‹ چاغان خان›› بۇ موڭغۇلچە ئادەم ئىسمى بولۇپ ، ‹‹چاغان›› (مەنىسى: ئاق رەڭ ) دىگەنلىك . ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ ‹‹ ھەيۋەتلىك ، ئۇلۇغ ›› دىگەن مەنىسىمۇ مەۋجۇت . بۇ سۆزدىكى ‹‹خان›› سۆزى ‹‹خان ـ پادىشا›› دىگەنلىك بولىدۇ . بۇ ئۇيغۇرچىدىكى ‹‹ خان ـ پادىشا›› بىلەن ئوخشاش مەنىگە ۋە شەكىلگە ئىگە . ئۇندىن باشقا موڭغۇللاردا ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىسىنىڭ سىمۋۇللى بولغان بايراقلارمۇ ئۇلار ئۇلۇغلىغان رەڭلەر بويىچە ئاتالغان ‹‹ كۆۋي شار›› (سېرىق بايراقلىق ـقەبىلە) ، ‹‹كۆك تال›› ( كۆك بايراق) ، ‹‹ چاخان كوخ›› (ئاق بايراق) ، ئۇندىن باشقا ‹‹ خارا بوخ ›› (قارا بۇقا) موڭغۇلچىدىكى بۇ رەڭ چۈشەنچىلىرىگە ئائىت سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ۋە قېرىنداش تىللاردا

مەۋجۇت .

‹‹ تورپېن›› موڭغۇلچە سانىنى بىلدۈردىغان سۆز بۇلۇپ مەنىسى ‹‹تۆت ›› دىگەنلىك ، بۇ سۆز قەدىمقى تۈركچىدە ‹‹ تۆرىت ›› ، هازىرقى تۈركچىدە ‹‹دۆرىت ›› ، تاتارچىدا ‹‹دۆرت›› ، تۈرۈكمەنچىدە ‹‹ دۆرت ›› ، قازاقچىدا ‹‹ تۆرىت ›› ، ئۆزبېكچىدە ‹‹ تورت ›› ، ئۇيغۇرچىدا ‹‹ تۆت ›› ياقۇتچىدا ‹‹ تۈۆرت ›› ، چۇۋاشچىدا‹‹ تاۋاتتا›› شەكلىدە كېلىدۇ؛ بۇ سان ئۇقۇمى قەدىمقى ئۇيغۇر مەڭگۈتاشلىرىدا ‹‹ تورت ›، شەكلىدە كەلگەن.

‹‹كۆكې›› ياكى ‹‹گۆك››( موڭغۇلچە مەنىسى كۆك ئاسمان) بۇ تۈرىك تىلىدا ‹‹ ماۋى ـ گۆك›› دىيىلىدۇ . موڭغۇلچىدا كۆك ئاسماننى يەنە‹‹ تېڭكېرى ›› دەپمۇ ئاتايدۇ . بۇ سۆز ‹‹ تەڭرى ›› دىگەنلىك بولۇپ ، بۇ تۇتىملىق ئاتالمىنىڭ قەدىمدە تۈرۈكلەردىن موڭغۇللارغا قوبۇل قىلىنغانلىقى مەلۇم . ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدا هازىرمۇ ‹‹ تېڭكېرى قۇملۇقى›› دىگەن يەر بار، مەنىسى (تەڭرى قۇملۇقى) دىگەنلىك. بىزگە مەلۇم ‹‹ تەڭرى ›› ئۇقۇمى قەدىمقى ئۇيغۇر ـ تۈركچىدە ‹‹ ئىلاهي ـ كۆك ئاسمان››نى كۆرستىدىغان ئۇقۇم ئىدى، ‹‹تەڭرى تېغىنىڭ نامى شۇ نامدىن كەلگەن ›› لىكى هەممىزگە مەلۇم .

شۇڭلاشقىمۇ موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىڭگىزخان هەرقانداق ۋاقىتتا ، ئۆزىنى ‹‹كۆك تەڭرىنىڭ ئوغلى- تەڭرىنىڭ يەردىكى ۋەكىلى... ›› دىگەن ئىدى ; چۈشۈرگەن يارلىقلىرىنى بولسا ‹‹ ئۇلۇغ كۆك تەڭرىنىڭ نامى بىلەن باشلىدىم... ›› دەپ يازغان ؛ چىڭگىزخان ‹‹ كۆك بابا ›› ئىلاهىغا تىۋىناتتى . داڭلىق تىلشۇناس ، فولوكلۇرشۇناس بېزېرتىنوۋ يازغان: ‹‹تەڭرى ئانىنزىمى : تۈرۈك ۋە موڭغۇللارنىڭ دىنى ››ناملىق كىتاپتا ، تۈرۈكلەردە 17 ، موڭغۇللاردا 99 كۆك ـ ئاسمان ئىلاهىنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنىڭ ئىچىدە 77سى ‹‹ سۇ ئىلاهى ۋە يەر تەڭرىسى ›› دەپ يازغان . كۆك تەڭرى ئۇقۇمى ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل شۇنىڭدەك باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئورتاقتۇر. بۇ سۆز قەدىمقى تۈرىكچىدە ‹‹ كۆك ›› ، هازىرقى تۈرۈكچىدە ‹‹ گۆك ›› ، تۈرىكمەن تىلىدا ‹‹ گۆك ›› ، ئۆزبېكچىدە ‹‹ كۆك ›› ، تاتارچىدا ‹‹ كۆك ›› ، ئۇيغۇرچىدا ‹‹ كۆك ›› ، ياقۇتچىدا ‹‹ كۈئۆك › ، چۇۋاشچىدا ‹‹ كاۋاك ›› شەكلىدە كېلىدۇ . ئۇندىن باشقا موڭغۇللاردىمۇ بار بولغان ‹‹ تېنكېرى ›› ( مەنىسى : تەڭرى ) سۆزىنىڭ باشقا تۈركى تىللاردىكى مەنداش ۋە شەكىلداشلىقى مۇنداق : قەدىمقى تۈرۈكچىدە ‹‹ تېڭرى ›› ، هازىرقى تۈرۈكچىدە ‹‹تانرې››، تۈرۈكمەنچىدە ‹‹ تانرۇ›› ، تاتارچىدا ‹‹تانرې››، ئۇيغۇرچىدا ‹‹ تەڭرى ›› ، ياقۇتچىدا ‹‹ تانارا›› ، چۇۋاشچىدا ‹‹ تۇرا ›› بولۇپ كېلىدۇ . بۇ سۆز ئۇرخۇن ئابىدىللىرىدە ‹‹ تېڭرى ،- گۆك ›› بولۇپ كېلىدۇ .

‹‹مۇران›› بۇ سۆزنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى ‹‹دەريا ئېقىن›› دىگەنلىك؛ مەسلەن؛ ‹‹

مۆرېن ئۆسۇ ›› (مەنىسى دەريا سۈيى) دېگەنلىك؛ ‹‹ئونان مورېنت›› (مەنىسى ئۇنان دەرياسى دېگەنلىك) ، بۇ سۆز تۈرۈكچىدە ‹‹مۆران›› (دەريا ئېقىن) دېيىلىدۇ ؛ بۇ ئورخۇن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە مۇنداق كەلگەن ‹‹ كۆپ مۆرېنلېر- ئۆگۈزلېر بار ئېرتى... ›› ( مەنىسى كۆپ دەريا ــ ئېقىنلار بار ئىدى) ، ‹‹ ئۆسۇ ››بۇنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى‹‹ سۇ ›› بولۇپ، بۇ سۆز قەدىمقى تۈرۈكچىدە ‹‹سۇۋ›› ، ھازىرقى تۈرۈكچىدە ‹‹ سۇ ›› ، ئۇيغۇرچىدا ‹‹ سۇ ›› ، تۈرۈكمېنچىدە ‹‹ سۇۋ ›› ، تاتارچىدا ‹‹ سىيۇۋ ›› ، قازاقچىدا ‹‹ سۇۋ ›› ، ئۆزبېكچىدە ‹‹ سۇۋ ›› ياقۇتچىدا ‹‹ ئۇل ›› چۇۋاشچىدا « سىۋ »شەكلىدە كېلىدۇ.

‹‹ ئېرى ››( ئېر + ى = ئېرى) ، موڭغۇلچە مەنىسى ‹‹ ئەر›› بۇ سۆز ھازىرقى تۈرۈكچىدە‹‹ ئادەم ، كوجا ـ، ئېركېك ›› ، قەدىمقى تۈركچىدە ‹‹ ئېر-كېك ›› ، تۈرۈكمەنچىدە ‹‹ ئېركېك ›› ، تاتارچىدا ‹‹ ئىر›› ، قازاقچىدا ‹‹يېركېك›› ، ئۆزبېكچىدە ‹‹ئىركېك›› ، ئۇيغۇرچىدا ‹‹ ئەر ›› ، ياقۇتچىدا ‹‹ئېر›› ، چۇۋاشچىدا ‹‹ ئار ›› شەكلىدە كەلسە، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ‹‹ ئېرىغ ›› شەكلىدە كېلىدۇ.

يۇقىرقىلار بىزگە موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر شۇنىڭدەك باشقى قېرىنداش تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىرىنىڭ قەدىمدىن ئىنتايىن قويۇقلىقىنى دەلىلسە ، تۆۋەندىكى تىل سېلىشتۇرمىلىرى بۇ ئىجتىمايى ئالاقىلەرنىڭ يېقىنغىچە داۋام ئەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق ،
تاغدىكى قياقلارغا ،
يارنىڭ شولىسى چۈشتى ،
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا .

بۇ خەلق قوشىقىدىكى ‹‹ قياق ›› سۆزى تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل چۆپنىڭ ئىسمى بولۇپ ، موڭغۇلچىدە ‹‹ خياق›› دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئىككى تىلدا ئوخشاش مەنىگە ئىگە . بۇ قوشاقتىكى ‹‹ سۇ ›› ئومۇمەن موڭغۇلچىدا ‹‹ ئۆسۇ ›› دېيىلىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق ، قوشاقتىكى ‹‹ بۇلاق ›› موڭغۇلچىدا ‹‹ بۇلاگ ›› شەكلىدە كېلىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ‹‹ ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇم ، بۇلۇڭكەي غولى بىلەن...›› دېگەن قوشاقتىكى ‹‹ ئات ›› سۆزى موڭغۇلچىدە ‹‹ ئاتۇ ››، شەكلىدە ، ‹‹ غول ›› سۆزى ‹‹ گول ›› شەكلىدە كېلىدىغان بولۇپ ، ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى ‹‹ ئېقىن ، دەريا ، سۇ ›› دېگەنلىك بولىدۇ .

خۇلاسىلىگەن چېغىمىزدا بىز يۇقارقىلاردىن موڭغۇل - ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش

مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمايى ئالاقىلەرنىڭ ، يىلتىزداشلىقنىڭ ، تىل مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېقىنلىقىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ، بۇ تىللار ئارىسىدىكى يىلتىزداشلىقنىڭ ئۈزۈلمىگەن داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كەلگۈسىدىمۇ داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ......

مەنبە : ‹‹ ئىلى كەچلىك گېزىتى ›› نىڭ 2011 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى سانى

# موڭغۇل تىلىدىكى ‹‹ خوتۇن كۆن›› كەلىمىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

تارىختىن بۇيان ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى ياشىغان رايون ، مۇھىت ، ئىجتىمايى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بويىچە ، خوشنا قەۋملەر تەرىپىدىن ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن . بۇ ناملار ئەشۇ مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان يېتىلدۈرگەن مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا خاسلىقلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئەنئەنىۋىي خاسلىقلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغاندۇر. شۇڭلاشقىمۇ بۇ مىللەت ناملىرى ھەرقايسى ئەسىرلەردىن بۇيان يوقالماي قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ . شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ ناملار قانداقتۇر بەزىلەر دېگەندەك ‹‹باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش›› نى مەقسەت قىلغان بولماستىن، شۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ -ئادەتلىرىنى چىقىش قىلغاندۇر .

قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى يايلاق مىللەتلىرى مەركىزى ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولى ئۈستىدىكى سودا— سېتىق قىلىدىغان قەدىمقى مىللەتلەر- نىڭ بىرى ، ھازىرقى ئىران ۋە تاجىكلارنىڭ ...ئەجدادى بولغان سوغدىلارنى ‹‹ سارتلار ›› دېگەن ناملار بىلەن ئاتاشقان ئىدى . كېيىن بۇ نام يايلاق مۇھىتىدىن ئەڭ ئاۋال شەھەر مۇھىتىغا كۆچكەن ئۇيغۇر ، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە مىراس قالدى.

بۇ سۆز قانداقتۇر شۇ مىللەتنى كەمسىتىش مەنىسىدە بېرىلگەن بولماستىن ، شۇ مىللەتنىڭ مۇھىم مىللىي ئادەتلىرىنى چىقىش قىلغاندۇر . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ‹‹ سارىت›› سۆزى قەدىمقى ‹‹ SATEK-YULU ›› (سودا ـ سېتىق ) ، ‹‹SATEKCHE›› (سودىگەر) {‹‹ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلىكى›› ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە سېلىشتۇرما نۇسخىسى ، 83- —بەت ، خۇ جېنخۇئا ، خۇئاڭ رۇنخۇئالار تۈزگەن ، 1984 — يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى } سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، كېيىن ‹‹ سودا ـ سېتىق›› مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز، ‹‹سارىت›› قا ئۆزگۈرۈپ قالغان. بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي مەنىسى ‹‹سودا — سېتىق قىلىدىغان مىللەت ›› دېگەنلىكتۇر .

ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي دەۋرىدىن كېيىن تۈركىي مىللەتلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، قازاق ، قىرغىز ... قاتارلىق مىللەتلەر مۇسۇلمان بولمىغان موڭغۇللارنى ‹‹ قالماق ›› ( قېلىپ قالغانلار ، مۇسۇلمان بولمىغانلار دېگەن مەنىدە )نامى بىلەن ئاتاشقان ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، غەربىي يۇرت سالناملىرىدە ئۇچرايدىغان ‹‹ خىتاي ›› سۆزىنىڭ

ئەسلى شەرىقتىن غەربكە سۈرۈلگەن مانجۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ‹‹ قىتان ›› لارنىڭ ئىپتىنىڭ نامىدىن كەلگەنلىكى مەلۇم . بەزىلەر بۇ نامنى موڭغۇللارنىڭ بىر شېخى بولغان ‹‹ خەلمىك ›› لەرگە باغلايدۇ .

تۈرۈكلەرمۇ قەدىمدە پارىسلارنى ‹‹ ئىرانلار ›› دېسە ، ئىرانلار تۈرۈكلەرنى ‹‹ تۇرانلار ›› دەپ ئاتاشقاندى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركىزى ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركي مىللەتلەردە ئىرانلىقلارنى ‹‹ ئەجەملەر ›› دېيدىغان ئادەتمۇ بار . قەدىمدە ئەجداتلىرىمىز جۇملىدىن شەرىقلىقلەر قۇدرەتلىك رىم ئىمپىرىيەسىنى ‹‹رۇم ›› نامى بىلەن ئاتاشقاندى . ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار قارا تەنلىك نېگىرلارنى ‹‹ھەبەش ›› نامى بىلەن ئاتاشقان . يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى بۇ مىللەتلەرنى كەمسىتىش مەنىسىدە ئەمەس ، بەلكى شۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمايى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى چىقىش قىلىپ بېرىلگەن ناملار ئىدى .

شۇنىڭغا ئوخشاش ، موڭغۇللارمۇ ئۆزلىرى بىلەن خوشنا بولۇپ ياشاپ تۇرغان ئۇيغۇرلارنى ‹‹ خوتۇن كۈن ›› نامى بىلەن ئاتىغاندى . بۇ سۆزنى موڭغۇل تىلىدىن ھەقىقىي خەۋىرى يوق ، ياكى چۈشەنچىسى يۈزە بەزى ئادەملەر موڭغۇلچە ‹‹ خوتۇن ›› سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹‹ ئايال ›› دېگەن مەنانى بېرىدىغان ‹‹ خوتۇن ›› دېگەن سۆزگە باغلاپ چۈشەندى . بۇ ئەلۋەتتە خاتا قاراشلاردۇر . ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرۈك تىلىدىكى ‹‹ كادىن ›› ( خوتۇن ، ئايال كىشى دېگەن مەنىدە ) ، قازاقچىدىكى ‹‹ قاتىن ›› ( ئايال دېگەن مەنىدە ) دېگەن سۆزلىرى بىلەن موڭغۇلچىدىكى ‹‹ خوتۇن كۈن ›› دېگەن سۆزدىكى ‹‹ خوتۇن ›› ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ ، بۇلاردا ھېچقانداق مەنە باشلىنىشى يوق ، يەنى بۇلار مەنىداش سۆزلەر تۈركىمىگە كىرمەيدۇ . ئىككىسى ئىككى خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ . موڭغۇلچە ‹‹ خوتۇن ›› دىكى ‹‹ خوت ›› سۆزى سۆز تومۇرى بولۇپ ، ‹‹ شەھەر ›› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

بەزىلەر قەدىمقى موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ تويى – تۆكۈن ، ئۆلۈم– يېتىم ، نەزىر– چىراق – ۋە مەسچىت– جامەلەردە توپ – توپ بولۇپ يۈرگىنىگە قاراپ ، ئۇيغۇرلارغا ئۇيۇشۇش ، ئىتتىپاقلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ‹‹ خوتۇن كۈن ›› دېگەن نامنى بەرگەن دېيىشسە ، يەنە بەزىلەر ‹‹ خوتۇن كۈن ›› ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلارغا ئەمەس ، بەلكى تارىختا ئۆتكەن ‹‹ خۇي – خۇي›› لارغا بېرىلگەن نام دېيىشىدۇ .

قانداقلا بولمىسۇن، بىز يۇقارىقى قاراشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى يۇقلۇقنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تولۇق دەلىللىيەلەيمىز . بۇنىڭ ئۈچۈن موڭغۇل تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلىشى ، گىراماتىكىلىق ، لېكسىكىلىق ، مورفولوگىيەلىك ، ئالاھىدىلىكى ئانالىز قىلساقلا بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ئاساسلىقى سىنتاكسىلىق ۋە مورفولوگىيەلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ . يەنى تۈپ سۆزلەرنى بىر ـ بىربىرىگە قوشۇپ ئىسىم ياساش ئۇسۇلى ، سىنتاكسىلىق يول بىلەن ئىسىم ياساش ، دېيىلىدۇ . مەسىلەن، توققۇز +تارا = توققۇز تارا ، بەل + باغ = بەلباغ ، ئارال +تۆپە = ئارالتۆپە ...دېگەندەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ، تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەرخىل قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى مەنىلىك ئىسىملارنى ياساش، مورفولوگىيەلىك يول بىلەن ئىسىم ياساش ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن، ئىش+ چى = ئىشچى، ساۋاق+ داش = ساۋاقداش ...دېگەندەك.

بۇ ئىككى خىل گىراماتىكىلىق يول ، يەنى مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىلىق ئۇسۇل بىلەن سۆز ياساش ئۇسۇلى، موڭغۇلچىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ‹‹خوتۇن كۇن›› دىكى ‹‹خوتۇن›› سۆزىمۇ مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ، يەنى ‹‹ خوت ›› قا ‹‹ ئۇن ›› دېگەن قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان .

موڭغۇلچە ‹‹خوتۇن كۇن›› دىكى ‹‹خوتۇن›› سۆز تومۇرى بولۇش بىلەن بىرگە ‹‹شەھەر›› دېگەن مەنانى بىلدۈرۈدۇ. ‹‹كۇن›› سۆزى بولسا ‹‹ئادەم، ئادەملەر›› دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈدۇ . يەنى موڭغۇللارنىڭ شەھەرلىرىدىن ‹‹ كۆك خوت›› (كۆك شەھەر)، ‹‹ ئۇلان خوت›› ( قىزىل شەھەر) قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ سۆزىدە يەنە ‹‹خۇيۇر كۇن›› (ئىككى ئادەم) ، ‹‹ تاۋان كۇن›› (بەش ئادەم) دېگەندەك سۆزلەر بولۇپ، بىز ‹‹خوتۇن كۇن ›› سۆزىنى ‹‹خوت›› (شەھەر) ، ئۇنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىسى ‹‹ ئۇن ›› نىڭ ئۇيغۇرچىدىكى ‹‹لىق ، لىك ›› شەكلىدە كەلگەنلىكىنى ، بۇنىڭغا ‹‹كۇن›› ( ئادەم) ئاتالغۇسىنى قوشقاندا ‹‹ خوتۇن كۇن ›› نىڭ ھەقىقىي مەنىسى ‹‹شەھەرلىك ئادەم›› بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز .

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، موڭغۇللار يايلاق مۇھىتىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى كۆزۈتكەن، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ سودا، بوستانلىق مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ، شەھەر مۇھىتىنى مەركەز قىلىپ ياشىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، مۇشۇ نامنى بەرگەنلىكى ئېنىق. شۇڭا ‹‹خوتۇن كۇن›› دېگەن ئاتالغۇ قانداقتۇر كەمسىتىش، ھاقارەتلەش مەنىسىنى بەرمەيدۇ.

مەنبە : ‹‹ تىل ۋە تەرجىمە ››نىڭ 2013ـ يىللىق 3 سان .

# پەلسەپە: ئىلىم ـ پەن بىلەن دىن ئارىلىقىدا

گوشپىنوف

ئەنۋەر جۇلا تەرجىمىسى

**مۇھىم نۇقتا:** پەلسەپە ئىنتايىن ئابستراكىت بىر پەن. ئۇ ئىلىم- پەن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە دىن بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. لېكىن ئۇ ئىلىم- پەن بىلەن پەرقلىنىدۇ ھەم دىن بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپە نەزەرىيىۋى تەتقىقات (مەسىلەن تەپەككۇرنى قېلىپلاشتۇرۇش)قا چېتىلىپلا قالماي يەنە ئەمەلىي مەسىلىلەر(مەسىلەن ئېتىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش)گىمۇ چېتىلىدۇ، شۇڭا پەلسەپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدە. قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئۆز تەلىماتلىرىنى تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھالىتى بىلەن بىردەك تۇرغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەيلاسوپلار بىلىملىك مەدرىس پەيلاسوپلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، پەلسەپىنى تېئولوگىيىگە خىزمەت قىلدۇرغان. يېقىنقى زامان پەلسەپىسى ئىلىم- پەنگە زىچ تۇتىشىپ كەتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى ئازاتلىق بۇرچىنىمۇ ئىلىم- پەنگە تاپشۇردى. چاغداش پەلسەپە يەنىلا ئىلىم- پەن بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. پەلسەپە باشتىن- ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئورنىنى ساقلىشى كېرەك، پەلسەپە ئىلىم- پەن ئەمەس، شۇنداقلا دىنمۇ ئەمەس، پەلسەپە دېگەن پەلسەپە.

**ئاچقۇچلۇق سۆز:** پەلسەپە ئىلىم- پەن دىن

ئەڭ ئابستىراكىت پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن پەلسەپە بىلىم پاسىلىدا تۇرىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر پەلسەپىنى كۆرسەتكەندە ھەرقانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئالاھىلىگىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرستىشكە ئۇرۇندى. پارمېنىدىس شۇنداق ئېيتقانىدى، «ئىنكارنىڭ ئېنىقلىمىسى باشلىنىش ۋە پاسىلغا توغرا كېلىدۇ». پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتىنى تەكشۈرگەن چېغىمىزدا ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دەل پاسىلنى كۆرسىتىپ، پەلسەپە بىلەن ئىلىم- پەن ئارىسىغا ھەمدە پەلسەپە بىلەن دىن ۋە تېيولىگىيە ئارىسىغا

چېگرا سىزىقى سىزىشتىن ئىبارەت. رۇسسېل پەلسەپىنى ئىلىم- پەن بىلەن تېيولوگىيىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ئىگىسىز ساھە دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ ھۆكۈم پەلسەپىگە ئېنىقلىما بېرىشتىكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ تېپىك مىسالى. ئۇ يەنە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، پەلسەپىنىڭ ئىككىنى بىر گەۋدىگە يۇغۇرىدىغان خۇسۇسىيىتىنى كۆرسەتتى: پەلسەپىنىڭ بىر قىسمى ئىلىم- پەنگە يېقىنلىشىدۇ، يەنە بىر قىسمى دىنغا يېقىنلىشىدۇ. پەلسەپە ئىدراكقا، يەنى دۇنيا ھەققىدىكى ئالاھىدە تۈردىكى بىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن ئۆزىنى ئىلىم- پەنگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەلسەپە رېياللىق بىلەن مۇئامىلەلىشىدىغان بىر خىل ئالاھىدە تىپتىكى ئەمەلىي پوزىتسىيە، بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مەسلەك بولۇپ، پەلسەپە تەتقىقاتى قىممەت نەزەرىيىسىنىڭ مەسىلىسىدۇر، بۇ مەسىلىلەر تاللاشقا ئائىت بولۇپ، بىلىمگە ئائىت ئەمەس. بۇ نۇقتا پەلسەپىنى يەنە دىن بىلەن تېيولوگىيىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

1. ھەرخىل پەلسەپە ئېنىقلىمىسىنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى پاسىلنىڭ ئارىسىغا قويۇش مۇمكىن. سولوۋيېوف شۇنداق يازغان : «بىزنىڭ ئالدى بىلەن ئۇچرىشىدىغىنىمىز پەلسەپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى خىل پەرقلىق ئۇقۇمدۇر: ئالدىنقىسىغا ئاساسلانساق، پەلسەپە پەقەت بىر نەزەرىيە بولۇپ، پەقەت ئاكادېمىيە ئىشىدۇر؛ كېيىنكىسىگە ئاساسلانساق، پەلسەپە نەزەرىيەدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى ھاياتلىق ئىشىدۇر، ئۇنىڭدىن ئاشقاندا ئاندىن ئۇ ئاكادېمىيە ئىشى بولىدۇ. بىرىنچى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا پەلسەپە پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ تونۇش ئىقتىدارىدۇر؛ ئىككىنچى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا پەلسەپە ئادەم ئىرادىسىنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىدىگە ئۇيغۇن كېلىپلا قالماي يەنە ئادەم ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ...». سولوۋيېوفنىڭ ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇكەممەل ئادەم ۋە مۇكەممەل بىلىمنىڭ غايىسى بولۇپ، مۇكەممەل ئادەم دەل ئاشۇ تونۇش، ئىرادە ۋە ھېسسىي ئىقتىدارنىڭ بىرىكمىسىنى، مۇكەممەل بىلىم دەل ئاشۇ نەزەرىيە، ئەخلاق ۋە ئىستېتىكا قاتارلىقلارنىڭ بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. سولوۋيېوفنىڭ كونكرېت تەلىماتىدىن ئاتلاپ ئۆتكەندە ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇ تۆۋەندىكى بىر نۇقتىدىن شەكسىز توغرىدۇر: پەلسەپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ياكى پەلسەپىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەلسەپىنىڭ ئالاھىدە تەرىپى دۇنياغا بولغان تونۇش ۋە نەزەرىيىلىك پوزىتسىيىدە ئەمەس، شۇنداقلا دۇنيا قاراشنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە قىممىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى، باغلىنىشى ۋە بىرىكىشىدە. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تېپىش دەل پەلسەپىنىڭ ئۆزىگە خاس كەسپى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم بولغان تىرىشىش نىشانىدۇر.

www.kitaphumar.net

بۇ خىل تىرىشچانلىق ئۇنى ئۇنىڭ يېقىن قوشنىسى ـــــ ئىلىم-پەن بىلەن دىنىنى پەرقـقە ئىگە قىلىدۇ، ھەمـدە ئـۇلار ئوتتۇرىسـىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىگىنى بەلگىلەيدۇ.

پەلسەپە ساھەسى ئىچىدىكى كەسپىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ھەمىشە ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئەڭ قىيىن ياكى ئەڭ كۆڭۈلسىز مەسىلە شۇكى، پەلسەپىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىشى.

بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئومۇملاشقان قايىل قىلارلىق جاۋاپ شۇكى، پەلسەپە ئادەمنى مەسىلىلەرگە توغرا(لوگىكىلىقى ئىنچىكە بولۇش، ئۇسۇلى ئىزچىل بولۇش، تەنقىدىي بولۇش دېگەندەك) پىكىر قىلدۇرىدۇ. پەلسەپىنى تونۇش دەپ چۈشىنىدىغان تۈردىكى مۇتەخەسسىلەر مۇشۇنداق جاۋاپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەخلاقشۇناس پەيلاسوپلار بۇنىڭغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك تولۇقلاش ئېلىپ بارىدۇ، پەلسەپە ئادەمنى دۇرۇس تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، توغرا قىممەت تەرتىپى تىكلەشكە ئۆگىتىدۇ. بۇ ئىككى ھۆكۈمنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا، لېكىن تىپىك ئەمەس.

پەلسەپە ئەلۋەتتە ئادەمنى توغرا پىكىر قىلدۇرىدۇ. بەزى ئالىملار ھەتتا پەلسەپىنى ئىدىيەنىڭ ئىدىيەسى دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئادەمنى توغرا پىكىر قىلدۇرىدىغىنى يالغۇزلا پەلسەپە ئەمەس. مەسىلەن ئالايلۇق، پەلسەپىۋىي لوگىكا بىلەن بىر قاتاردا يەنە ماتېماتىكىلىق لوگىكىمۇ بار. ئۇندىن باشقا ھەر بىر پەننىڭمۇ ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل ئىدىيە مەشىقى بار بولۇپ، ھە دېگەندىلا بىۋاستە پەلسەپىگە تايىنىپ كەتمەيدۇ

ئىككىنچىدىن، پەلسەپە جەزمەن ئېتىكىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ئارىسىغا كىرگۈزىشى ھەمـدە ئۆزىنىـڭ دۇنياغـا بولغـان تونۇشـىنى ئېتىكىلىـق قېلىپلاشـقان ھەرىـكەت پىروگىراممىسى قىلىپ تۈزۈشكە ئۆزگەرتىشى(ئادەتتە ئومۇملاشتۇرۇش) كېرەك. پەلسەپە ئادەمنى دۇرۇس ياشاشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن ئادەمنى دۇرۇس ياشاشقا ئۆگىتىدىغىنى يالغۇزلا پەلسەپە ئەمەس، يەنە دىنىي ئېتىكىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنى دۇرۇس ياشاشقا ئۆگىتىشتە ئالدىدا تۇرىدىغىنى دىنىي ئېتىكىدۇر. كارغا كېلىدىغان ئېتىكا بار بولسا ئەنئەنىدىن شەكىللىنىپ، ئۆرپ-ئادەتتىن تۇرغۇزۇلىدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمىمۇ بولىدۇ. باشقا بىر قىسىم مەۋجۇت ئامىللار بولسا نېمىنىڭ توغرا ۋە دۇرۇس ياشاش ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئادىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان قاراش ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى تىكلەيدىغان ئەندىزە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن پەلسەپىنىڭ ئاۋازى يەككە-يىگانە ئەمەس ھەم ئالاھىدە ئىمتىيازغىمۇ ئىگە ئەمەس.

پەلسەپىنىڭ خاسلىقى ئۇنىڭ تەپەككۇر قائىدىسىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىدا ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ تىكلىگەن دۇرۇس ياشاش پىروگىراممىسىدىمۇ ئەمەس. پەلسەپىنىڭ

خاسلىقى دەل بۇ ئىككى نەرسىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدە. پەلسەپىنىڭ قىزىقىدىغىنى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق بىر بىلىم، ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ، توغرىسىنى ئېيتقاندا: بۇ خىل بىلىملەر ئادەمگە نىسبەتەن بىۋاستە تۇرمۇش يېتەكچىسىلىك مەنىسىگە ئىگە. پەلسەپە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەخلاق ۋە قىممەتنىڭ مەزمۇنىغا چېتىلىدۇ، لېكىن پەقەت مەلۇم دەرىجىدىلا چېتىلىدۇ، بۇ مەزمۇنلارنى ئەقلىي مۇلاھىزە ۋە ئەقلىي دەلىللەشتىن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ ھەممە ھەققەت ئىزدەشنى مەقسەت قىلىدىغان تونۇش بىلەن ئۆز-ئارا تۇتىشىدۇ، يەنە كېلىپ مۇشۇ تونۇش مەنبە قىلىنىدۇ. مەۋجۇتلۇقنىڭ دەسلەپكى ئوبيېكتى بىلەن ئاخىرقى مۇددىئاسىنىڭ ئاساسىمۇ پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتىپ ساھەسىگە مەنسۇپتۇر. لېكىن بۇ ئىككى خىل مەۋجۇتلۇق ئاساسىنىڭ پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتىپ ساھەسىگە مەنسۇپ بولىشى پەقەتلا پەقەت ئادەمنىڭ ئەقلىي مەسئۇلىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىلا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنىڭ ئېلېمېنتىدۇر. كونكرىتنى ئىلىم-پەنلەرمۇ دۇنيانى تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسى، مەسىلەن، ئۇلار ئالەمنىڭ باشلىنىشى ياكى جانلىقلارنىڭ گېن ئاساسىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇنداق پەنلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، پەيلاسوپلارنىڭ قىزىقىدىغىنى ئادەتتىكى دۇنيا بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئەقلىي مەۋقە»دۇر، ئۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇنداق بىر قىسىم دەسلەپكى ئاساسلىرى بولۇپ، ئۇلار پەقەت تەپەككۇر قىلىنىدۇ، ئەڭ كۈچ سەرپ قىلىنىدىغان بۇنداق ئاساسلار ئەقىلغە مۇۋاپىق بولغان ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ بىردىن-بىر ئاساسىدۇر. ئەمدى ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىگە، بولۇپمۇ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئۇنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنداقتا ئۇلار دىن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھەگە ئايلىنىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئۇلارنى تەتقىق قىلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇلار ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ھەقىقىي بىلىم ئارقىلىق بېكىتكەن ھۆكۈم بىلەن ھەرىكەتكە تايىنىدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسى، پەلسەپە ئىلىم-پەن بىلەن دىننىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ، ئۇ تونۇش ئىچىدە شەكىللەنگەن مەۋجۇتلىقنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، بۇنداق ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتلەر قېلىپلاشقان پىروگراممىدىن شەكىللىنىدۇ.

2. ئادەتتە پەلسەپە دېگەن بۇ سۆزنى پوتوگۇراس ئويلاپ تاپقان دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ھازىرغىچە مۇشۇنداق ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كەسىپكە ئىزاھ بېرىش. ئۇ ئۆزىنى پەيلاسوپ (ئەقلنى سۆيگۈچى) دەپ ئاتىغان، ياكى ئېيتقاندا: ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا پەيلاسوپ دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى دانىشمەن ئاتىقىدىكى كىشىلەر (7چوڭ دانىشمەن، 7ئەۋلىيا)دىن پەرقەندۈرگەن. ئۇ 3 خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئايرىغان بولۇپ، بۇلار

ھېسسىي، ئەمەلىي ۋە بىۋاستە كۆزىتىش تۇرمۇش ئۇسۇلىدۇر، بۇ خىل ئايرىش ئاللىقاچان كىلاسسىك بولۇپ كەتتى، شۇنداقلا بۇنى پوتوگوراس ئوتتۇرىغا قويغان. پوتوگوراسىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ باغلىنىش ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغىنى بىۋاستە كۆزىتىش تۇرمۇش ئۇسۇلىدۇر؛ ئۇ پەيلاسوپلارنىڭ خاسلىقى، شۇڭا ئۇلار ئەڭ بەختلىك. پەلسەپە يالغۇزلا بىر تۈرلۈك بىلىمدىن شەكىللەنمەيدۇ. ئۇ تۇرمۇشقا بولغان يېڭى تونۇش، يېڭى قىممەت تەرتىپى ئېلىپ كەلدى. پەلسەپىدىكى بىۋاستە كۆزىتىش تۇرمۇش ئۇسۇلى ئىش قىلماسلىق بىلەن باراۋەر ئەمەس. بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى سۆزسىز بىر خىل ئالاھىدە تۇرمۇش شەكلى بولۇپ، ئىدىيە، تونۇش ۋە نەزىرىيىنىڭ شەكلىدۇر.

پەلسەپە بۇرۇن تۆۋەندىكى مۇنداق تۇرمۇش ھەرىكىتىنى ئۆز قىممىتى قىلغان تۇرمۇش شەكلىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇ توغرا ھۆكۈم قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە ئەقىل ئالدىدا ئىسپاتلاشقا ئېرىشىدۇ. بۇ پۈتكۈل قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئورتاق مەسىلىگى بولۇپ، يالغۇز سوقراتنىڭ ئىسمى بىلەن باغلىنىدىغان ئاشۇ ئېقىمدىلا ئەمەس، مۇشۇ ئېقىمنىڭ ئىچىدىمۇ مەزكۇر مەسىلە ئەڭ ئۈزۈل- كېسىل شەرھىلىنىشكە ئېرىشتى. بۇ مەسىلە يەنە ئارىستوتېل، ئېپىكور ۋە ستويىكتىمۇ بىجىرىم بار. ھەتتا ئېتىكىدىكى تۈرلۈك ئېپىكۇرىئىزم (راھەتپەرەسلىك)مۇ پەلسەپىنىڭ ئۆزىدىكى قىممەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، گەرچە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولسىمۇ. پەلسەپە تەڭرىنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى ئەقلىي تەشەببۇسكارلىق بىلەن باغلايدۇ، بۇ يەردىكى ئەقلىيلىك ھەقىقىي بىلىمنىڭ بۈلىقى، شۇنداقلا ھەرىكەت مۇددىئاسى قۇرۇلمىسىدىكى يېتەكچى پىرىنسىپتۇر.

قەدىمقى پەيلاسوپلار پەلسەپىنى فىزىكا، ئېتىكا ۋە لوگىكىغا ئايرىغان. بۇ يالغۇز پەلسەپىنىڭ 3 قىسمى ئەمەس، ئۇ يەنە قەدىمقى ئافېنا پەلسەپە تارىخىنىڭ 3 مۇھىم باسقۇچىدۇر. قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسى تەبىئەت پەلسەپىسى سۈپىتىدە باشلىنىپ، شەھەر دۆلىتى ئېتىكىسى سۈپىتىدە راۋاجلىنىپ، لوگىكا سۈپىتىدە ئاخىرلىشىپ، بۇ جەھەتلەردىكى مەزمۇنلار بىلەن ئۆز-ئارا ئۆيغۇنلىشىپ، پەلسەپىدىكى مۇكەممەل تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىمۇ ئۆزگىرىش ياسىغان: ئەڭ دەسلەپ مۇكەممەل تۇرمۇش ئۇسۇلى تەبىئەت پەلسەپىسى بىلىملىرىگە تەڭ بولغان، كېيىن سوفىستلار ۋە سوقراتتىن باشلاپ مۇكەممەل تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇكەممەل شەھەر دۆلىتى شەكلىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرمۇش قۇرۇلمىسىغا تەڭ بولغان، ئارىستوتىلدىن كېيىنكى پەلسەپىدە مۇكەممەل تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەسلى مەنىدىكى پەلسەپىۋى ئەقىل- پاراسەتكە تەڭ بولغان.

قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئالاھىدە ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى پىلاتونىزىمنىڭ ئالاھىدە تىپىك ئەھمىيىتى بار.

پىلوتىنوس (مىلادى 205~270 يىللىرى ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ، يېڭى پىلاتونىزىمنىڭ ئاساسچىسى) قا نىسبەتەن، پەلسەپە تېگىدىن مۇكەممەل كىشىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدۇر. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى پەلسەپىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق يېتىدىغان مۇكەممەللىك ئەمەس، پەلسەپىنىڭ ئۆزىلا مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئالىي شەكىلدىكى بەختتۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە بەختنى ئاشكارە پائالىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، بولۇپمۇ ھەرىكەت بىلەن تېخىمۇ بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. «بەخت قەلب پائالىيىتىدىن شەكىللىنىدۇ، قەلبنىڭ ماھىيىتى تەپەككۇر قىلىش؛ بەخت دەل مۇشۇ يەردىن تۇغۇلىدۇ». پىلوتىنۇس ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى بەختكە تۇتىشىدىغان داغدام يول قىلغان. ھازىر ناھىيىتى چۇشىنىشلىككى، ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن، ئەۋلىيالىق ماقامىغا ئوڭاي يېتىش ئۈچۈن، پىلوتىنۇس مەنىسى ۋە مەزمۇنىدىكى پەيلاسوپقا ئايلانماق كېرەكتۇر. پىلوتونۇس پەلسەپىسى ئۇ ياراتقان دۇنيا مەنزىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە بۇ ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ چوققىسىدۇر، شۇنداقلا بىردىن- بىر ئەخلاق جەھەتتىن دۇرۇس بولغان مەۋجۇت بولۇش ئۇسۇلىدۇر. شۇڭا پەلسەپە ئۆزىنى ئۆز- ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدىغان كەسىپ دەپ سانايدۇ. ئۇ دۇنيانىڭ يوقىلىشىغا، ھەتتا ئاساس سۈپىتىدىكى دۇنيانىڭ، يەنى پەلسەپىنىڭ ئۆزىدىكى مەۋجۇدىيەتنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرىدىغان ئاۋۇ ئاساسنىڭ يوقىلىشىغا قىزىقىدۇ.

3. كېيىنكى قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە بىر باسقۇچقا كىردى، كېيىن بۇ باسقۇچ ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى دەپ ئاتالدى. مەزكۇر تەرەققىيات بىلەن دىن ۋە تېيولوگىيىنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشى بار. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن مۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ، پەلسەپە تېيولوگىيەگە بويسۇنىدىغان سالاھىيەتتە تۇرىدۇ. گەرچە ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان، ئاللىبۇرۇن بېكىتىلگەن بۇ ئورنىنى، يەنى ئۇنىڭ تېيولىگىيىنىڭ دىدىكى دەپ ئاتىلىشىغا قوشۇلمىساقمۇ، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى ئەھۋال قىلچە گۇمانسىزدۇر، ئۇ دەۋردە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مۇھىم سالاھىيەتتە تۇرىدىغىنى تېيولوگىيە بولۇپ، پەلسەپە ئۇنىڭغا بېقىناتتى. پەلسەپە دىنىي پەلسەپىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ ئىنجىلنىڭ رامكىسى ئىچىدە ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتاتتى، ئىنجىلنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش پايدىلىق پەلسەپە دەپ قارىلىشىنىڭ شەرتى ئىدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە تۇغۇلىدۇ: پەلسەپە نىمىشقا تېيولوگىيىگە نىسبەتەن بېقىندىلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ كىشىلەر خىرىستىيان دىنىنىڭ رامكىسى ئاستىدا پەلسەپە بىلەن تېيولوگىيەنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلەشكەندە ھەمىشە

بۇنىڭغا دىققەت قىلىدۇ، تېيولوگىيە پەلسەپىنىڭ مۇلازىمىتىگە ئېھتىياجلىق، بىلىم ئارقىلىق ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، خرىستىيان دىنى ۋەھىيلىرى ئىلىم- پەن بىلەن ئىسپاتلانغان تىل ئارقىلىق چۈشەندۈرىلىدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي ئاڭ ئىچىدە بۇنداق ۋەھىيلەرنى تېخىمۇ مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك ھالدا مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن تېيولوگىيە بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ نىمىشقا پەلسەپىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا پەلسەپە نىمىشقا بۇ رولىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؟ پەلسەپىنىڭ دىنىي ئېتىقادقا بىلىم مۇلازىمىتى ئۆتىشى بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغىنىمۇ قانداق؟ ئەمەلىيەتتە پەلسەپىنىڭ تېيولوگىيىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىش رولىنى ئېلىشىدا ئۇنىڭ ئۆز سەۋەبى بار. قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسى ئۆز- ئۆزىدىن ئۆلگەن. 529- يىلى ۋىزانتىيە پادىشاھى جۇستىنىنىڭ يارلىق بىلەن ئافېنا ئاكېدېمىيىسىنى تاقىشىلا بۇ پاكىتنى ئىسپاتلايدۇ.

پەلسەپىنىڭ ئۆزىگە ھۆكۈم جاكارلىشىدىكى سەۋەپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسەت مەكتىپىدىكى ۋەزىپىسىنى، ئەخلاقتا ئۈيغۇن كېلىدىغان تۇرمۇش يولىدىكى ۋەزىپىسىنى بىلىم بىلەن جۇللاندۇرۇشنى رەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى يوق ئىدى، ھەمدە جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگىمۇ سازاۋەر ئەمەس ئىدى، ھەتتا مازاققا قالغۇدەكمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا كېيىنكى يۇنان پەلسەپىسى پەقەت مۇنداق شەكىل ئاستىدىلا ئاندىن مۇمكىنچىلىككە ئېرىشەتتى، يەنى، ئۇ يېڭىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۇتوپىيە بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئەقىل- پاراسەتكە ھەمدە ئەقىل- پاراسەت يولىغا تۈتىشىدىغان باشقا بىر خىل چۈشىنىش بىلەن تەمىنلىسىمۇ بولاتتى. پەلسەپە ئۆزىدىكى مەنبەگە تايىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى. پەلسەپە خرىستىيان دىنى ئىچىدىن ئۆزىدە كەم بولغان ھاياتلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە پىرىنسىپىنى تاپتى. ھەتتا شۇنداق جەزىملەشتۈرگىلىمۇ بولىدۇكى، پەلسەپە ئۇنى تاپمىدى، بەلكى پەلسەپىنى ئۇ تاپتى. چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى بىلەن دىنىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇشىنى ئالدى بىلەن دىنىي تەرەپنىڭ ھەرىكىتى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، كېيىنكى ئېتىقادىدا، دىنىي جەمئىيەت شەكىللەندۈرگەن ئىدى، دىنىي جەمئىيەت بىر تەرەپتىن دىنىي ئەقىدىدىن شەكىللەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي تەشكىلىي قۇرۇلمىدىنمۇ شەكىللەنگەن بولۇپ، شۇڭا ئۇ ئۆز ھوقۇقىنى روھىيەت ساھەسىگىمۇ كېڭەيتكەن ئىدى.

خرىستىيان دىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى جازاغا ئۇچراش ۋە جەننەت پاراغىتىنى سۈرۈش ئۇتوپىيەسى پەلسەپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قۇتقۇزۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىدى. خرىستىيان دىنى ئىچىدە پەلسەپە ئۆزىنىڭ تونۇش ئىستىگى ئۈچۈن ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئەھمىيىتىنى تاپتى. دىنىي جەمئىيەت ئارقىلىق پەلسەپە ئۆز-

ئۆزىنى پىنھانغا ئالىدىغان ھالىتىدىن چىقىپ، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كۈچىنى جەمئىيەتكە قايتۇردى. شۇڭلاشقا پەلسەپە تېيولوگىيىنىڭ بېقىندىسى دېگەن بۇ گەپمۇ پۈتۈنلەي توغرا ئەمەس، ھېچبولمىغاندىمۇ مۇكەممەل ئەمەس. پەلسەپە بىلەن تېيولوگىيە قول تۇتىشىپ ماڭىدىغان ھەمراھلاردىن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى پىكىر رامكىسى ئىچىدە تېيولوگىيە پەلسەپىنىڭ ئوتوپىيە شەكلىدىكى راۋاجىدۇر. تېيولوگىيە پۈتۈنلەي مۇنداق مەسىلىگە مەسئۇل بولدى، ئۇلار پەلسەپىنىڭ ئەخلاق مۇددىئاسى ۋە ئەڭ ئالىي ئەخلاقىي بۇرچىنى بەلگىلەپ، ئۆزىنىڭ روھقا بولغان مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى پەلسەپىگە قالدۇردى. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتساق: ئادەمنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىك مەنزىلىگە تەمىنلىگىلى بولىدىغان پائالىيەت مەزمۇنى ۋە مەقسىدىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر تېيولوگىيىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە بولدى، ئادەمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان ۋاستىلەر ھەققىدىكى مەسىلىلەر بولسا پەلسەپىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە بولدى. ئەگەر قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ 3 قاتلامدىن تۈزۈلگەن نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقساق، ئۇنىداقتا مېتافىزىكا بىلەن ئېتىكا، يەنە ئەڭ زور دەرىجىدە فىزىكىمۇ تېيولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىك دائىرىسىگە كىرىپ، لوگىكا ئاساسەن پەلسەپىنىڭ مەنىداش سۆزىگە ئايلىنىپ كەتتى. پەيلاسوپلار بولسا مەدرىس پەيلاسوپىغا ئايلاندى.

ئوتتۇرا ئەسىر ئىدىيىسىدە، پەلسەپە بىلەن تېيولوگىيىنىڭ ئۆز- ئارا مۇناسىۋىتى ئېنىقلا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەھۋال بىلەن چەكلەنمىگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇقتۇر. بۇ يەردە تەكىتلەپ قويىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ: ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيە سىستېمىسىدا پەلسەپىنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى قەدىمقى يۇنان دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئاساسلىقى پەلسەپىنىڭ كىشىلەرنىڭ روھى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىدىن كەلگەن، بۇ خىل روھى ئېھتىياج ئەڭ ئالىي مەقسەت ۋە قىممەت بىلەن، شۇنداقلا ھاياتلىقنى ياخشىلاش ئۇسۇلىغا بولغان ئىزدىنىش بىلەن ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئەگەر قەدىمقى يۇناندا پەيلاسوپلار مۇشۇنداق ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسا ئىدى، ئۇلار ئىنتايىن مەمنۇنلۇق بىلەن ئۆز نامىغا لايىق كەيپىيات ئىچىدە تۇرغان بولاتتى، مەيلى ئارىستوتېلنىڭ 1- بەخت تەلىماتى، ئېپىكۇرنىڭ بىلگىلى بولماسلىق تەلىماتى ياكى ستوئىك ئېقىمىنىڭ سوغۇق مۇئامىلە تەلىماتى بولسۇن، ئۇنداقتا ئەمدى پەيلاسوپلار بىلىملىك مەدرىس پەيلاسوپلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

4. يېقىنقى زامان پەلسەپىسى ئەقلىيلىككە، تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇشقا، تەجرىبىگە يۈزلىنىپ، ئاساسلىقى ئىلىم- پەن مېتودولوگىيىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدى. پەلسەپىنىڭ يېڭى ئورنى مۇنداق بىر نۇقتىغا تايانغان بولۇپ، ئالدىنقى بىر دەۋردىكى

پەلسەپە تېيولوگىيىنىڭ ھەمرايى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئىلىم- پەن بىلەن زىچ ئىتتىپاق تۈزدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، پەلسەپىنىڭ ئىلىم- پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى پۈتۈنلەي باشقىچە تۈس ئالدى. دىن بىلەن تېيولوگىيە ئۆز قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تۈغۇلىدۇ ۋە مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ قانۇنىيەتلەر پەلسەپىگە ئىنتايىن ئاز تايىنىدۇ: مەيلى كىم قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلىسۇن، قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسى بىر ئىلاھچىلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ھەمدە بىر ئىلاھچىلىققا مايىل بولدى، ئەمما شەك- شۈبھىسىز بىر پاكىت شۇكى، مەيلى مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسۇن ياكى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بولسۇن، ئۇلارنىڭ قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. مۇسا ئەلەيھىسسالام قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسى تۇغۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنقى دەۋردە ياشىغان بولسا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىدىن شۇنداق يىراق ياشىغانكى، ھەتتا ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان. ئىلىم- پەنگە كەلسەك، ئۇ پەلسەپىدىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك قىسمى پەلسەپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن. بۇ دەۋردىكى نۇرغۇن پەيلاسوپلار مەسىلەن، دىكارت، لىبنىز، كانتلار يەنە بىر جەھەتتىن مەشھۇر ئالىملاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىملار ئۆز تەتقىقاتىنى پەلسەپە تەتقىقاتى دەپ ئاتايدۇ. پەلسەپە زامانىۋى ئىلىم- پەننىڭ باشلىنىش مەنبەسىدۇر، ئۇ زامانىۋى ئىلىم- پەننىڭ نەزىرىيە تەستىقكارى ۋە مەنىۋى ئۇلىدۇر. بىرىنچىدىن، پەلسەپە مۇنداق بىر قاراشنى دەلىللىدى، ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت دۇنياسى ئاخىرقى رېياللىقتۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزىدە ئۆز سەۋەبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا بويسۇنماس (ھېچكىممۇ ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز) قانۇنىيەتتۇر. ئىككىنچىدىن، پەلسەپە ئىلىم- پەن مېتودى ئۇسۇلىنى تۈرغۇزۇپ چىققان بولۇپ، ئىلىم- پەن مېتودى بىلىمگە تۇتاشقان ئادەتتىكى يولدۇر، ھەممە ئادەم قوللىنىدىغان يولدۇر، چۈنكى ئادەملەر ئەقلىيلىككە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، پەلسەپە جەمئىيەت تەرەققىيات مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقتى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت مەسىلىرىنى ھەل قىلالايلا قالماي يەنە تۇرمۇشنى ئىلمىي تەشكىللىيەلەيدىغان شەكىلگە ئىگە قىلالايدۇ، بۇ خىل شەكىل ئادەمنىڭ چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. قىسقىسى، پەلسەپە ئىلىم- پەننى پائالىيەت قاتلىمىغا ئېلىپ چىقتى، بۇ خىل پائالىيەت ئادەمنىڭ ھاياتلىق مەزمۇنىغا ئىگە مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل مەقسەتلەر ئېنىكا ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئاخىرقى مۇكەممەللىكتۇر. ئەگەر بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئىلىم- پەننىڭ پەلسەپە ئوبرازى ئىكەن، ئۇنداقتا ئىلىم- پەننىڭ پەلسەپىنىڭ ياردىمى بىلەن ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيەت سىستېمىسىدا ئىگەللىگەن ئورنى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ، شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىلىم- پەن پەلسەپىنىڭ

ئېتىكىلىق قىممەت نەزىرىيىسىنىڭ داۋامىغا ئايلاندى، بۇ گويا ئالدىنقى بىر دەۋردىكى دىن بىلەن تېيولوگىيىنىڭ پەلسەپىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

5. يېقىنقى زامان پەلسەپىسى بىلىمنىڭ ئازاتلىق كۈچىگە ئىشىنىشتىن باشلاندى. باكون يېقىنقى زامان پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئۇ «يېڭى قورال» دېگەن بىر كىتاپنى يازغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىس پەلسەپىسىنى جانلاندۇرغان ئىدى، ئارىستوتېلنىڭ «قورال» دېگەن كىتاۋىغا ئوخشىمايدىغىنى، «يېڭى قورال» تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇشقا، تەجرىبە پەنلىرىگە يۈزلەندى. ئۇ يەنە «يېڭى ئاتلانتىس ئارىلى» دېگەن بىر كىتاپنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر بەختلىك دۆلەتنى تەسۋىرلىدى. بۇ يەردە كىشىلەر بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى، چۈنكى ئۇلار ئىلىم- پەننىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەتنىڭ كۈچىنى بويسۇندۇرغان ئىدى. ماركس ئۆزىنىڭ فېيېرباخنىڭ 11- تېزىسىغا تەنقىد ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە شۇنداق جاكارلىغانىدى: «پەلسەپە پەقەت ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن دۇنيانى چۈشەندۈرىدۇ، ھەم ئۇنىڭ ئىشىمۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتۇر». بۇ يەردە ماركس پەقەت ئاددىي بىر ھەقىقەتنى، يەنى پەلسەپىۋى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. دۇنيانى ئۆزگەرتىش دۇنيانى كۆڭۈلدىكىدەك، مۇكەممەل ھالەتكە ئەكىلىدۇ، بۇ خىل ئۆزگەرتىش دەل ئىلىم- پەنگە يۈزلەنگەن پەلسەپىنىڭ ئېتىكا مەنىسىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ۋەزىپىسىدۇر.

يېقىنقى زامانغا ئۆتۈش كوممۇنىزم ئوتوپىيەسى تەرىپىدىن نۇرلاندۇرۇلدى، يېقىنقى زاماننىڭ ئۆزگىچە خاس تەرەققىياتى ئاقارتىش غايىسىنىڭ رىغبىتىگە ئېرىشتى. ئەگەر 20- ئەسىرنى يېقىنقى زاماننىڭ ئاخىرلىششى دېگىلى بولسا، ئۇنداقتا يېقىنقى زاماننىڭ ئاخىرلىششىنىڭ بەلگىسى ئوتوپىيىگە قارشى تۇرۇشتۇر. تارىخنىڭ ھەجۋى يېرى دەل مۇشۇ يەردە، ئۇ رېياللىق ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئوتوپىيە غايىسىنى ئوتوپىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. مۇھىم پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە پاكىت شەكىسىز مۇشۇنداقتۇر. يېڭى ياۋروپا مەدەنىيىتى تەبىئەت كۈچىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ۋە تۇرمۇش ماددىي سۈپىتىنى ياخشىلاشتا غايەت زور، ئىنتايىن ھەيران قالارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ نەتىجىلەر ئۆتمۈشتىكى بارلىق تەسەۋۋۇرلاردىن ھالقىپ كەتتى. لېكىن بۇ كىشىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمىدى.

ئىلمىي ئەقلىيلىكنىڭ نەتىجىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھايات كەچۈرىشىنى مۇۋاپىقلىققا ئەكىلەلمىدى. ماددىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي توقۇنۇش ۋە مەنىۋىي ئەخلاقنىڭ گۇمران بولۇشىنى يېڭەلمىدى. قىسقىسى، پەلسەپە ئۈمىدىنى ئىلمىي تېخنىكا

نەتىجىلىرىگە باغلاپ، تۇرمۇشنىڭ سىرتىدىكى ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەقلىي ئىسپاتقا ئېرىشىشكە يۈزلىنىپ ئادەم ۋە جەمئىيەتنى ياخشىلىماقچى بولغان ئىدى، بۇ ئۇمىتمۇ گۇمران بولدى.

ئىلىم- پەن بىلەن تېخنىكا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى نەتىجىلىرىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ زور بولىشى تۇرغان گەپ. پەن- تېخنىكا نۇرغۇن ئىش قىلالىشى، بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ دۇنيانى قۇتقۇزالمايدۇ، مانا بۇ پەلسەپە بۆگۈنكى كۈندە دۇچ كەلگەن ھەقىقەت، پەلسەپىنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلىشقا باشلىغىنى ئۇنىڭ چوڭقۇر خاتالىقى. دېلېس بىلەن گاتتارى بىرلىشىپ يازغان «پەلسەپە دېگەن نېمە» ناملىق كىتاپتا مۇنداق يېزىلغان: «پەلسەپە بىلەن ئىلىم- پەن قارىمۇ- قارشى يولدا ماڭىدۇ». بۇ ھۆكۈمنىڭ بۇنچە كەسكىن ئەلپازىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، لېكىن ئۇنىڭ زور بىر قىسىم ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى راستتۇر. پەلسەپە ئۆزىنىڭ ئەخلاق ۋە مەنىۋى ئازاتلىق بۇرچىنى ئىلىم- پەنگە ياتلىق قىلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

6. پەلسەپە بۆگۈن قايتىدىن كېسىشمە يول ئېغىزىغا كېلىپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى، چوقۇم پەلسەپىنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپى بولغان تونۇش نەزىرىيىسى بىلەن قىممەت نەزىرىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى ئاساسنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى بىلەن تېيولوگىيىسىنىڭ بىرلىشىش تەجرىبىسى بۇنداق بىر تونۇشتا ئاخىرلىشىپ، ئېتىكىلىق قىممەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش يالغۇز ئېتىقادنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماستىن يەنە پۇختا بىلىم ۋە ئاكتىپلىق بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۇنداقتا يېقىنقى زاماندىكى ئىلىم- پەننى ئاساس قىلغان ھەمدە ئىلىم- پەن بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشقان پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان يەكۈن شۇكى، يالغۇز تونۇش ۋە تېخنىكا تەرەققىيات رامكىسى ئىچىدە، يالغۇز تونۇش ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات بايلىقىنى قوللىنىش بىلەن ئېتىكىلىق قىممەت مەسىلىسىنى ئوخشاشلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. پەلسەپىنىڭ بىر رادىكاللىقتىن، دىنىڭمۇ يەنە بىر رادىكاللىقتىن ئىلىم- پەنگە يۈزلىنىشى ھەققىدە كۆزىتىشكە ماھىر گېرمانىيەلىك ئىدىيالىست پەيلاسوپ سىپېنگىلىر ئىنتايىن ياخشى گەپ قىلغان: «پەلسەپە بۇرۇن باقىي ئالەم خارەكتىرىدىكى دىنىنىڭ دېدىكى ئىدى، ھازىر پەلسەپە ئىلىم- پەنگە ئايلىنىپ كەتمەكچىدەك قىلىدۇ، يەنى تونۇشقا بولغان تەنقىت، تەبىئەتكە بولغان تەنقىت، قىممەتكە بولغان تەنقىتكە ئايلانماقچىدەك...پەلسەپە دىن بىلەن مەخسۇس پەنلەر ئارىسىدا لەيلىگىنىچە ھەر بىر خىل ئەھۋال ئاستىدا ئوخشىمىغان

ئۇسۇللار بويىچە بېكىتىلىۋاتىدۇ، بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىدە ۋەلى- ئەۋلىيالاردەك خىسلەتنىڭ بار- يوقلىقى ياكى ئۇنىڭ ساپ مۇتەخەسسىس ۋە تەپەككۇر تېخنىكىلىق خادىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىۋاتىدۇ».

پەيلاسوپلار ساپ مۇتەخەسسىس ئەمەس. پەيلاسوپلار ھەم پوپمۇ ئەمەس. پەلسەپە ئەلۋەتتە ئىلىم- پەنگە، ئىلىم- پەننىڭ پۇختا ئاساسىغا تايانماي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما پەلسەپە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىلىم- پەنگە سىغدۇرۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، ئەگەر پەلسەپە ئىلىم- پەن بولسا ئۇنداقتا ئۇ مەلۇم خىل ئالاھىدە (كەڭ مەنىلىك، كۆچمە مەنىلىك، پەلسەپىۋىلىك)مەنىدىن بولىدۇ. پەلسەپە مۇنداق يۆلىنىشسىز ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ ۋە يۈكسىلەلمەيدۇ، يەنى پەلسەپە چوقۇم دىن بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك. لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پەلسەپە ئېنىقلا دىن بولالمايدۇ، كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پەلسەپىنىڭ ئىلىم- پەننى ئاساس قىلىشىدىكى سەۋەپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىلمىي يەكۈنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ تونۇغانلىقىدا. ئەگەر پەلسەپە ئىلىم-پەنگە يىغىنچاقلىنالمىغان بولسا، ئۇ دىن تەرەپتە ھەرىكەت قىلىۋەرگەن ھەم دىنغىمۇ ئايلىنالمىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئىلمىي تونۇشنى ئاساس قىلىدۇ. مۇنداق بىر قىسىم پەلسەپىۋى تەلىمات بار، ئۇلار ئۆزىنى ئىلىم-پەن سۈپىتىدە كۆرىدۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىلىم-پەن ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردا ئىلىم-پەندە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك پاكىت-ئاساسلار ۋە ئىشەنچلىكلىك يەنىلا كەم. يەنە بىر قىسىم پەلسەپىۋى تەلىماتلار دىنىي خاراكتېرلىك دەپ قارىلىدۇ، لېكىن ئۇلارمۇ دىنىي خاراكتېرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردا دىندا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك پارادوكسلىق، سىرلىقلىق ۋە مۆجىزە كەم. ئەستايىدىل مەنىدىن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىنلا چۈشىسەك، پەلسەپە ئىلىم-پەن بولالمايلا قالماستىن يەنە دىنمۇ بولالمايدۇ، ئۇ پەقەتلا پەلسەپىلا بولالايدۇ.

پەلسەپىنىڭ پەلسەپە بولىشىدىكى سەۋەپ ئۇنىڭ ئىلىم-پەننىڭ ماھىيىتى بىلەن ۋەھىينىڭ سىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەلۋاغدا، تەبىئەتنىڭ مۇقەررەرلىكى بىلەن ھاياتلىقنىڭ سىرلىقلىقى ئوتتۇرىسىدا خىزمەت قىلغانلىقىدا. پەلسەپە پۈتۈنلەي ئادەم توغرىسىدىكى كەسىپ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەبىئەتنىڭ مۇقەررەرلىك رامكىسىدا بۇ مۇقەررەرلىك ئارقىلىق ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكىنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىدىغان يولغا ئەكىرىشتۇر. بۇ يول قەيەردىن ئۆتىدۇ؟ مانا بۇ بۈگۈنكى زامان پەلسەپىسى دۇچ كەلگەن مەسىلىدۇر.

ئەمما ھەممە ئادەم بۇ ھۆكۈمگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۈگۈن پەلسەپە ئىزدىنىدىغان غايە ئىنتايىن كۆپ خىلدۇر. مۇنداق مۇتەخەسسلەرنى ئىنتايىن ئاسان تاپقىلى بولىدۇ، ئۇلار ئىلىم- پەننىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە داۋاملىق ئىشىنىپ، ئۆز ئۈمىدىنى پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى بىلەن باغلايدۇ، مىسالكى ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى

ياخشىلايدىغان كېلەچەك بىلەن باغلايدۇ. پەلسەپىۋىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ بارغانسېرى مودا بولۇۋاتقان يەنە بىر ۋەزىيىتى شۇكى، بولۇپمۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە تىپولوگىيە بىلەن بىرلىشىشنىڭ يېقىنقى ئاساسى ۋە ئىسپاتىنى تېپىش سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. دەسلەپتە پوستمودېرنىزملىق يول ۋە ئۇنىڭ تەشەببۇسكار قىسمى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنى پەلسەپىنىڭ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتىدىغان ئۈمىد دەپ تونۇغىلى بولىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن پەلسەپىنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەبىياتقا يۈزلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، بۇ نۇقتا پەلسەپىنىڭ تىلى ۋە باش تېمىسىنى زور دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ. بۇنداق بارلىق سىناق قىلىشلار ۋە ئۇنىڭ كونكرېتنى لاھىيەسى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇشى، قىممىتى بار پەلسەپە نەتىجىلىرى ۋە بايقاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئادەتتىكى يۆلىنىش بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى پەلسەپىگە جەڭ ئېلان قىلىشقا يارىمايدۇ، شۇنداقلا پەلسەپىنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا، مەنىۋى جەھەتتىكى كېسىشمە يول ئېغىزىدىن چىقىرىشقا ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى پەلسەپە ئەمدى ئىلىم-پەن، تىپولوگىيە، سەنئەتكە تايىنىپ ئورنىنى ۋاللىمايدۇ. پەلسەپە ئۆزىنى چوقۇم جەمئىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان مەسئۇلىيىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ھېس قىلىشى كېرەك. پەلسەپە مۇنۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالايدۇ، ئەگەر ئۇ ئەسلىيەلىسە، ئۇ يالغۇز ھەقىقەتكىلا مەسئۇل بولمىغان ئىدى، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەجبۇرىيەتنىڭ ھەقىقىتىگىمۇ مەسئۇل بولۇپ دۇرۇس تۇرمۇشقا تۈتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى، ئەگەر پەلسەپە بىر تۈرلۈك تونۇش بولسا، بىرلا ۋاقىتتا يەنە بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ بولغان ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى يالغۇز ئېيتىلغان بولغان كۆڭۈل بۆلۈشنى كۈچەيتىش ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن مۇھىم بولغىنى بىر پۈتۈن پەلسەپىنىڭ ئەخلاق مۇددىئاسى ۋە ۋەزىپىسىدۇر.

7. پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتىنى چۈشىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان قارىمۇ- قارشى تالاشقىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ قارىمۇ-قارشى تالاش پەلسەپىنىڭ سوبيېكتىپلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەسىلىدە قارىمۇ-قارشى مەيدان شۇ يەردىكى، بىر خىل ئەھۋال ئاستىدا پەلسەپە ئىدىيولوگىيەنىڭ جەمئىيەت شەكلى دەپ قارالسا، يەنە بىر خىل ئەھۋال ئاستىدا پەلسەپە شەخسنىڭ ئاڭ شەكلى دەپ قارىلىدۇ.

گېگېل ئىنتايىن ئېنىق ۋە كەسكىن ھالدا بىرىنچى كۆز قاراشنى ياقلاپ، پەلسەپىنى ئىدىيە بىلەن ئىگەللىنىدىغان دەۋر دەپ ئىزاھلىغان ئىدى.① پەلسەپە راستىنلا مۇشۇ تونۇشنى ئاساس قىلىدۇ، چۈنكى پەلسەپە تىپولوگىيە ئىچىدە، بولۇپمۇ ئىلىم- پەن ئىچىدە داۋاملىششقا ئېرىشىپ، ئۇلارغا تايىنىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك

بىرىدۇكى، پەلسەپىنىڭ كۆچكە ئىگە بولىشى ئۆزىگە ۋە پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزگۈچى شەخسكە تايانمايدۇ، بەلكى ئىجتىمائىي تەشكىلى سىستېمىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، مىسالكى دىنىي جەمئىيەت، ئىلىم-پەن ۋە دۆلەت ئارقىلىق. يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، پەلسەپە بىۋاستە ئۆزىنى ئىندىۋىدۇئال مەنىۋى تەرەققىيات ئىچىگە كۆمىدۇ. پەلسەپە تارىخىدىن بۇنداق تۈردىكى ئىپنقلىملاردىن نۇرغۇننى تېپىش مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدە نىچىنىڭ تەبىرى ئەڭ كەسكىن: «پەلسەپىدە ھەرقانداق ئىندىۋىدۇئال بولمىغان نەرسىلەر تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس...ھەرقانداق ئۇلۇق پەلسەپە ھامان ئۇنىڭ ئاساسچىسىنىڭ ئىقرارىدۇر». بۇ خىل چۈشىنىشتە پەلسەپىدىكى مەجبۇرىيەت پەيلاسوپىنىڭ ئۆز ئۆستىگىمۇ يۈكلىنىدۇ. دەرۋەقە، پەيلاسوپلار ئادەتتە ئۆز تەلىماتىغا ئىنتايىن ئىندىۋىدۇئال ھالدا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي غايىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ②. ھالبۇكى، بۇ مەيدان پەقەت قەدىمقى يۇنان دەۋرىدىلا ئاندىن يېتەكچى ئورۇنغا ۋە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش مىتودىغا ئايلانغان بولىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدىكى پەيلاسوپلار ئۇنىڭغا چوقۇم ئۆز تەلىماتىدىكى ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت مەنىسىدىن قارىغان بولىشى ھەمدە ئۆز تۇرمۇشىنى پەلسەپىۋى ئاساس سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەن بولىشى مۇقەررەر.

پەلسەپىنىڭ يېڭى ئوبرازى، مۇكەممەل ۋە ئۆز-ئۆزىنى رازى قىلىدىغان ئوبرازى مۇنداق بىر بىرىكمىگە، يەنى پەلسەپىنىڭ تونۇش نەزىرىيىسى بىلەن قىممەت نەزىرىيىسىنىڭ بىرىكىشىگە ھاجەت، بۇ چاغدا پەلسەپىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ئالاق بىلەن شەخسى ئالاقىنىڭ مىتودى بولىدۇ. پەلسەپىنى بىلىم دەپ قارىغان ۋاقىت(ئۇقۇم جەھەتتىكى دەۋر)دا، ئۇ يەنە بىر خىل تاللاش(ئىندىۋىدۇئال تەلەپچان مىتود)قىمۇ ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا، پەقەت ئۆزلىگىدىن ئىندىۋىدۇئال شەكىللەنگەن شەخسىي مەيدان بولغاندىلا ئاندىن بۇ مەيداننىڭ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەمەلىي كونكرېتنى شەكىلىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بىرىدۇكى، پەلسەپىنىڭ يېڭى خارەكتىرى ۋە يېڭى ئوبرازىنىڭ مەسىلىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنىڭ مەسىلىلىرى بىردەكلىككە ئىگە.

بۇ ئەسەر روسىيەدىكى 4 چوڭ ئاكېدېمىكنىڭ بىرى بولغان پەلسەپە پەنلىرى ئاكېدېمىكى، مەشھۇر پەيلاسوپ گۇشپىنوفنىڭ 2009-يىلى ئاۋغۇستتا يېڭى سىبىرىيىدە ئېچىلغان روسىيە 5- نۆۋەتلىك پەلسەپە قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن دوكلاتى بولۇپ، يەنە 2013-يىلى 6-ئاينىڭ 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ سۆزلىگەن دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى. ئەلۋەتتە، بىر پۈتۈن دۇنيا پەلسەپىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر پارچە ماقالە بىلەنلا پەلسەپىنىڭ ئېنىقلىمىسى تۇرغۇزۇلمايدۇ، گەرچە ئۇ

ئىنتايىن نوپۇزلۇق بىر ئاكېدىمىكنىڭ چۈشەنچىسى بولغان تەقدىردىمۇ. لېكىن نوپۇزلۇقلار ناھىيىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملەردىن خۇلاسە چىقىرىدىغانلىقى سەۋەپلىك دۇنيادىكى ناھىيىتى كەڭ دائىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# جەڭ تۆتەكلىرى ئارىسىدىكى كۆنلەر ۋە تۈنلەر

**ئاپتورى: ئابلىمىت مۇھەممىدى ئاقيولى**

سابىق مىللىي ئاتلىق 3- پولكىنىڭ ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرمازەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشىش خاتىرلىرىدىن -

سۆز بېشى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى كىرىش بىلەن، ئېلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىدىكى خوشنادۆلەت -- ھىندىستان، ئېلىمىزنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكى ۋە 1949- يىلى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئۇلۇغ ئوكيانىدىكى كىچىك ئارالغا قوغلىۋېتىلگەن جياڭ جيېشىنىڭ شۇ كەملەردە شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىمىزغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيادىكى ھېلىقى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئاشكارا ۋە خۇپىيانە قوللاشلىرى ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىدىكى كەڭ زېمىنغا ئەيمەنمەي تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇللۇق ئورنىدىكى جەڭچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ، قانلىق ۋەقە پەيدا قىلدى. ھەتتا، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئېلىمىز زېمىنىدىن تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋېلىشنى قەستلىدى.....

ئەسلىدە، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان قەدىمدىن تارتىپ ئىناق خوشنا دۆلەتلەردىن بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردەك كېلىدىغان چېگرا پاسىلى رەسمىي ئايرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئاساسەن، ئەنئەنىۋىي ئادەت چېگرا پاسىلى ئاللى بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. بىراق، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى جالاۋھەرلال نېھرو① ئېلىمىزنىڭ تىبەت (شىزاڭ) نى تېنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىدىن تەتۈرسىچە پايدىلىنىپ، 1950- يىلىدىن باشلاپ ئەسكەر چىقىرىپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى «مېكماخۇن سىزىقى»②نىڭ جەنۇبىدىن 90 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ زېمىننى يولسىزلارچە بېسىۋالدى. 1959- يىلى، شىزاڭدىكى يەرلىك ئەكسىيەتچىلەر تopىلىكى مەزگىلىدە، تەپ تارتماستىن

جۇڭگوغا تېخمۇ كۆپ زېمىن تەلىپىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. 1961- يىلدىن باشلاپ، ھىندىستان ئارمىيىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جۇڭگو- ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەربىي، شەرقى قىسمىدا ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كونترول سىزىقىدىن ئۆتۈپ، «پىلە قۇرۇتىدەك كېمىرىپ يېيىش» ئۇسۇلى بىلەن زېمىنىمىزغا تايانچ پونكىتلىرى قۇرۇپ، كۆپ قېتىم ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى ۋە چېگرا توقۇنۇشى پەيدا قىلدى. ئېلىمىز تەرەپنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ سۆھبەت ئارقىلىق كېڭىشىپ ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆپ قېتىملىق تەلىپىنى ئىزچىل رەت قىلدى. 1962 - يىلى 9- ئايدا، ھىندىستان ئارمىيىسى «مېكماخۇن سىزىقى» دىن شىمالغا قاراپ ئۆكتەملىك بىلەن ئىلگىرلەپ، قانلىق ۋەقەلەرنى ئارقا -ئارقىدىن پەيدا قىلدى. 1962-يىلى 10-ئاينىڭ 20- كۈنى 10 نەچچە بىرىگادا ئەسكىرى كۈچى بىلەن شەرق ۋە غەرپ تەرەپلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلدى. ئېلىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ قېتىمقى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى، پەقەت ئىككى ئايغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىتتا بىز تەرەپنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ جۇڭگونىڭ بوزەك قىلغىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن ئېگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە قۇدرەتلىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇ يەنە ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەرنى، ئەقىلنى لال قىلىدىغان قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى، يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قېتىملىق دەھشەتلىك ھازىرقى زامان قوراللىق توقۇنۇشى بولۇپ قالدى.

ئەنە ئاشۇ دەھشەتلىك جەڭگە، كېيىن مەن ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلغان قەھرىمان قىسىم --شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قەشقەر خاڭدىدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئاتلىق 3 -پولكىمۇ قاتناشقان. بەلكى، ئاشۇ جەڭدە كوللېكتىپ ھالدا ئاجايىپ باھادىرلىق كۆرسىتىپ، ۋەتەن سۆيەر، قەھرىمان مىللەتنىڭ پىداكارلىق مىللىي روھىنى نامايەن قىلغان، گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ پارتلاپ تۇرغان توپ ئوقلىرى ئارىسىدا، تاراسلاپ ئېتىلىپ تۇرغان ئوق مۆلدۈرلىرى ئىچىدە ۋە بوقسۇپ تۇرغان پۇرۇخ بۇسلىرى قېتىدا، كىشىنىڭ قەلب تارىلىرىنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى ياراتقان ئىدى. گەرچە مەن ئاشۇ يىللاردىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشالمىغان كېيىنكى ئەۋلات جەڭچىلىرىدىن بولسامۇ، لېكىن، ئەينى يىللاردىكى خىزمەت ئورنۇمنىڭ قولايلىقلىقى شارائىتىدىن (مەن سابىق ئاتلىق 3-پولك قوماندانلىق

www.kitaphumar.net

شـتابىنىڭ كـاتىپى، پولـك سىياسـىي باشقارمىسـىنىڭ تەشـۋىقات ۋە ئـاممىۋى ئىشـلار خادىملىق ۋەزىپىلىرىنـى ئـۆتىگەن ئـىدىم)شـۇ قېتىملىـق جەڭنىـڭ قاتناشقۇچىلىرى -- پولك رەھبەرلىرى، پولـك ئورگىنىـدىكى پىشقەدەم ئوفىتسېرلار ۋە كـۆرەش قەھرىمـانلىرى بىـلەن دائىـم بىلـلە خىـزمەت قىلىـپ، ئورتـاق تۇرمـۇش كەچـۈرۈپ، مۇڭدىشىـپ، پىكىـر ئالماشـتۇرۇش پۇرسـىتىگە ئـىگە بولغاچقـا، ئـۇلاردىن نۇرغۇنلىغـان ئاجايىـپ جەڭ ۋەقەلىكلىرىنى، قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى ۋە پەۋقۇلئاددە شارائىتتىكى تولىمۇ قىزىقارلىق ئىشلارنى ئـاڭلاپ ئـۆتكەن ئـىدىم. ئەپسۇسـكى، شـۇكەمدىكى گـۆدەكلىكىم تۈپەيلىـدىن، پىشـقەدەم ئۈسـتازلار بىۋاسـتە كەچمىشـلىرىدىن سـۆزلەپ بەرگەن ئاشـۇ قـالتىس ئەڭگىمىلەرگە ئاڭلاش بىلەنلا قانائەت قىلىـپ، يازما خاتىرە قىلىـپ چۈشۈرۈۋېلىشكە سەل قارىغان ئىكەنمەن. قولۇمدىكى جەڭ ئەھۋالى ۋە قەھرىمانلارنىـڭ تىپىـك ئىـش- ئىزلىـرى رەسمىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىپىك ماتېرىياللارنى بولسا، ئۈستىدىكى «قەتئىـي مەخپىـي» دەيدىغان ئاگاھلاندۇرۇش ئاتالغۇسىدىن چۆچۈپ، قايتا- قايتا ئوقۇۋېلىش بىلەنلا بولدى قىلغان ئىكەنـمەن. ھـالا بۈگـۈن ئارىـدىن دەل سـەل كەم يېرىم ئەسىر (42 يىـل) ۋاقىـت ئۆتكەنـدە، بـۇ ھېكـايىلەر ۋە ئەڭگىمىلەرنىـڭ بىـر قىسـىم كونكرېـت ۋاقتـى، يەر- جـاي ئىسمى، كونكرېت شەخسلەر ئىسملىرى قاتارلىقلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، بىـر قىسىم ۋەقەلەرنى ئارلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىمەن . مانا ئەمدى مىڭ بىر پۇشايمان، بىراق مەنـدە شۇ قېتىمقى ئاجايىپ جەڭگە ئائىت ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى، ئوت يۈرەك قەھرىمانلارنىـڭ پىـداكارلىق ئىـش- ئىزلىرنـى يـاش ئوغـۇل -قىزلارغـا، ئاشـۇ جەڭ ئەھۋالىغـا قىزىقىـدىغان قەلبـى پـاكىز دوسـتلارغا ئىمكـان قەدەر تولـۇق سـۆزلەپ بېـرىش ئىسـتىكى يېلىنجـاپلا تۇرغاچقـا، ئۆزۈممـۇ ئەسـلەپ، ئالاقىـدار يازمـا ماتېرىيـاللارنى ئىـزدەپ تېپىـپ، غۇلجىـدىن قەشقەرگىچە شۇ قېتىملىق جەڭگە شاھىد پىشقەدەملەرنىڭ ئادرېسىنى ئېنىقلاپ تېلىفۇن بېرىـپ، ئۆزۈمگە تۇتۇق ئىشلارنى كوچىلىدىم، سۈرۈشتە قىلدىم، ئېنىقلىدىم. شۇ تەرىقـىدە جىـدەللەپ يـۈرۈپ، ئـاخىرى بىـر يـۈرۈش چاتمـا خـاتىرىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىـك قەلەمـگە ئېلىشقا مـۇۋەپپەق بولـدۇم. مەن ئىـزدەنگەن ۋەقەلىكلەرنىـڭ يـۈز بەرگەن ۋاقتـى ئـۇزۇن، تەپسىلىي يازما خاتىرلىرى يوق دېيەرلىك، شاھىدلارنى ئىـزدەپ تاپمـاق قىـيىن بولغاچقـا، يازمىلىرىمنىـڭ تولـۇق، دەل ۋە مـۇكەممەل بولـۇپ كېتىشـى ناتـايىن. قىزىققۇچىلارنىـڭ تەدرىجى تۈزىتىپ تولۇقلايـدىغانلىقىغا، يىللارنىـڭ ئۆتۈشـى بىـلەن بـۇ ھەقتە كاتتـا ئەدەبى خاتىرە ياكى مۇكەممەل يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىشىنىمەن.

## 1.جەڭگاھقا ئاتلىنىش

زۆرۈر ئەسلەتمە: ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە ئائىت ئۆزەم بىلىدىغان ۋەقەلەر بىلەن ئەسلى شاھىدلارنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى سىيلىشتۇرۇپ، يازمىلىرىمىنىڭ چىنلىق قىممىتى ۋە خاتىرە ئەھمىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، مەن 2004- يىلى 20- مارت (شەنبە) كۈنى قىسمىدا بىللە ئىشلىگەن سەپدىشىم (كېيىن كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان) ئوسمان ياسىن بىلەن، قىسىمدىكى ۋاقتىمىزدا نام-شەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان، كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر، كورلا شەھەرلىرىدە خىزمەت قىلغان روزى ئايۇپ ئاكىنى(مەرھۇم 2008-يىلى 10- ئايدا 71 يېشىدا ۋاپات بولدى، پاكىزە روھى جەننەتتە بولغاي) ئىزدەپ خەلپە ئىرىقتىكى ئائىلىسىگە باردۇق.

روزى ئايۇپ ئاكا كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيىدىكى كادىرى بولۇپ، كورلا خەلپىئىرىقدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. 1956- يىلى چاقىرىق بويىچە ئىلى ھەربىي رايونىغا ئەسكەر بولۇپ، گارنىزون باتالىيونىدا③ جەڭچى، ئوتتىدىلىنىيە كوماندىرى (بەنجاڭ)، ئىزۋوت كوماندىرى (پەيجاڭ)، ستارشىنا ( روتىنىڭ مالىيە ۋە ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل ئىزۋوت دەرىجىلىك ئوفىتسېر، سىۋۇجاڭ) بولغان. 1962 ـ يىلى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا ئوق- دورا ھىدى بۇقسۇشقا باشلىغاندا، ئولارنىڭ روتا ( ليەن ) سى بۇيرۇق بويىچە قەشقەر ئاتلىق 3-پولكقا تولۇقلىنىپ رەسمىي جەڭگە قاتناشقان، روزى ئايۇپ ئاكا جەڭ ۋاقتىدا، پولك ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ قورال- ياراغقا مەسئۇل جولىيۇەن (ئارقا سەپ بۆلۈم باشلىقى ياردەمچىسى) ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ جەڭ ۋاقتىدا باشتىن - ئاخىرى ئاساسىي قىسىم بىلەن ئالدىنقى سەپتە بولغان....

ئائىلىسىدە ئاسما ئۇكۇل سالدۇرىۋاتقان بۇ پېشقەدەم ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىدىمنى بىلگەندىن كېيىن، بىراقلا روھلىنىپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئەينى يىللاردىكى قايناق جەڭگىۋار تۇرمۇشقا قايتقاندەك بولۇپ، پەخر ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنىڭ شۇ قېتىملىق جەڭگە ئاتلىنىش جەريانى ۋە جەڭ داۋامىدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلارنى ئەستايىدىل ھېكايە قىلىپ بەردى.

1962- يىلى شىنجاڭ توغرىسىدىكى « 29 ـ ماي » ۋەقەسى (ئىلى، چۆچەكتىكى بەزىلەرنىڭ كوللىكتىپ چەتئەلگە كېتىش ۋەقەسى) ئەمدىلا تىنچىتىلغان، يەرلىك ۋە ھەربىي قىسىمدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە رېۋىزىئونىزىمغا قارشى سىياسى تەلىم -تەربىيە قانات يايدۇرۇلىۋاتقان چاغ.

6 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا ئۇرۇش خەۋپى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقانلىقى تۇيۇلىۋاتقان، روتىمىزنىڭ كوللىكتىپ ھالدا قەشقەرگە يۆتكىلىپ، خاڭدىدا④ تۇرۇشلۇق مىللىي ئاتلىق 3- پولكقا تولۇقلىنىدىغانلىقى

تۇغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بىر قانچە كۈنلۈك جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، بىز ھەربىي ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ قەشقەر خاۋەدىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەسلىدە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق مىللىي ئاتلىق 3-پولك يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 1962-يىلى 5 - ئايدىلا قارا قۇرۇم تاغلىرىغا چىقىپ، رېئاكسىيىلىك، شالاڭ ھاۋالىق ئېگىز تاغ شارائىتىغا ماسلىشىش مەشقىنى باشلىۋەتكەن ئىكەن. بىر قىسىم جەڭچىلەر دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئېگىز، كىسلارۇتى كەمچىل، جۇدۇن- چاپقۇنلۇق ناچار تاغ ھاۋاسىغا ماسلىشالماي كېسەل بولۇپ جەڭگىۋار كۈچكە تەسىر يەتكەچكە، ئىلى ھەربىي رايۇندىن بىر مىللىي روتىنى، ئالتايدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسىمىدىن يەنە بىر مىللىي روتىنى يۆتكەپ، مىللى ئاتلىق 3- پولكنىڭ ئەسلى جەڭگىۋار كۈچىنى تولۇقلىغان ئىكەن.

بىز قەشقەر خاۋەدىغا ئامان- ئېسەن يېتىپ كەلدۇق-يۇ، ئانچە - مۇنچە ھاردۇقىمىزنى چىقىرىپ، يېڭىكەلگەن قىسىم گازارما رايونىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرى بىلەن تونۇشۇپ بولغۇچىلا، جىددىي بۇيرۇق يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇش شەپىسى چىقىپ تۇرغان چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىگە --جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى بولۇۋاتقان رايونغا قاراپ بىرىنچى دەرىجىلىك جەڭ تەييارلىقى ھالىتىدە جەڭگىۋار ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلاندۇق .

بىز تېخى كۆرۈپ قانمىغان گۈزەل شەھەر ئەزىزانە قەشقەرنى، مول - ھوسۇل مەنزىرىسى چىقىپ تۇرغان سانسىز يېزا- كەنتلەرنى، خۇشبۇي مېۋە پۇراپ تۇرغان كۈجۈم -كۈجۈم باغلارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، پەلەككە بوي سوزغان تاقىر تاغلارغا يامىشىشقا باشلىدۇق. ئۆلكە يوللىرىدا ئارغىماقتەك چاپىدىغان يېپ -يېڭى «ئازاد» ماركىلىق ھەربىي ئاپتوموبىللار ئېگىزلىككە ياماشقانسېرى تۈت - تۈتلەپ، ئارقىسىدىن كۆكۈش سېسىق گاز چىقىرىپ، مارافونچە ئىلگىرىلەشكە باشلىدۇق. بىز قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ 1- چوڭ داۋىنى ئاقاسىنىڭ ⑤ ئۈستىگە چىققاندا ئاستىمىزدا تەھت ئەسراغا يەتكۈدەك ئاجايىپ چوڭقۇر يارداۋلىق جىرانى، توخۇنىڭ ئۈچىيىدەك ھەم تار، ھەم جىددىي ئەگىملىك دۆمپەش يوللارنى، ئۈستىمىزدە ساڭگىلاپ تۇرغان غايەت زور قورام تاشلارنى، يانتۇلۇق گىرادۇسى تولىمۇ چوڭ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىسپۇسكىلارنى (يەر تۆۋىنىگە سېرىلما يول)، تىكلىك گىرادۇسى پەرەزدىنمۇ پەرىقلىق تىك پادىيوم ( يۇقۇرىغا قىيپاش تىك يول) لارنى، «S» شەكىللىك جىددىي پابۇرۇت (ئەگىم) لارنى بېسىپ، گاھىدا يۈرەكلىرىمىز جىغىلدىسا، گاھىدا كۆزىمىز چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولاتتى، گاھىدا تېنىمىزگە تىترەك ئولاشسا، گاھىدا سوغۇق تەرگە چۆمەتتۇق. بۇلار تېخى ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، ئاپتومۇبىللىرىمىز سېرىق داۋانغا ⑥ ياماشقاندا تەنلىرىمىز ئۈزلۈكسىز

بۇشىشىپ، بۇرنىمىزغا ئاچچىق پۇراق پۇراشقا، بېشىمىز چىڭقىلىپ، كۆڭلىمىز ئايىنىشقا باشلىدى. قارىماققا ئېگىز دۆڭلۈككىلا ئوخشايدىغان، ئەمما مۇساپىسى خېلىلا ئۇزۇن بۇ مەشھۇر «ئەجەل تۆپىلىكى» دىن چۈشكىچە سەپداشلىرىمىزدىن نەچچىسىنى تۇتەك ئېلىپ كېتىپ ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. يوللىرى تولىمۇ تىك ۋە جىددىي ئەگمىلىك كۆككىئارت⑦ داۋىنىدىن ئوڭۇشلۇق ئېشىپ، خالاستان ۋە قارىقاش دەريالىرىدىن ئۆتكەندە، بىز خېلىدىن بويان دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دە سەپەر قىلىۋاتقىنىمىزنى ئاندىن بىلدۇق. چاتقاللىق قاراڭغۇ جىلغىلار، يانپاش قىرلار، ئاندا ـساندا چىپلىقىدىغان كىچىك تۇزلەڭلىكلەردىكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان گىياھلار ۋە ئۇششاق ئېچىلىپ تۇرغان ياۋا چېچەكلەردىن باشقا، ئاسمان پەلەك ئۈچلۈق تاغلار تاقىر ئىدى. خېلى ياخشى ئاسرالغان بۇ شېغىل يوللاردا ئۈرۈمچى قەشقەر لىنىيىسىدە 80 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن چاپىدىغان ماشىنىلار مانا ئەمدى پۇشۇلداپ، سائەتتىگە 30 كىلومېتىرمۇ باسالمايۋاتاتتى. نىھايەت 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا كەڭشۇەر ⑧ دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. كەڭشۇەر ـ ـ قاتمۇ ـقات قاقاس تاغلار ئارىسىدىكى كەڭ كەتكەن تۈز سايىيايلاق بولۇپ، شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى لىنىيىسى ئۈستىدىكى ھاۋا شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، سۈيى مول، ئوتۇنى بار، ھەربىي قىسىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئارقا سەپ ۋە زاپاس قىسىملارنى ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا تازا باپ جاي ئىكەن. بىز 7 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 10 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە، بۇ يەردە بىر تەرەپتىن سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق «ئىدىيە توغرىلىغان» ۋە جەڭدە ئەسقاتىدىغان ھىندى تىلى ئۆگەنگەن بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن شالاڭ ھاۋالىق، رېئاكسىيىلىك ئېگىز تاغ موھىتىغا ماسلىشىش مەشقى ۋە ئەمەلىي جەڭدە قوللىنىدىغان قاتتىق ھەربىي تەلىم ـتەربىيىسىنى قانات يايدۇردۇق. ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى ھەربىي مەشق ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى دەم ئېلىۋاتقان چاغلاردىمۇ باش ئېغىر، پۇت جانسىز، كۆڭۈل ئېلىشىپ كۆز تورلىشىۋاتقان، ئاش ـ تاماق ئۆتمەي ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان ئالامەتلەر دائىم ھەمرا ئىدى. ئەجەل بۇرنىمىزغا پۇراپ، ئەزرائىل يېنىغا چىللاپ تۇرغان ئەنە شۇنداق شارائىتتا، بىز ئانا ۋەتىنىنىڭ ئامانلىقى، خەلقىمىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى ئۈچۈن چىشىمىزنى چىشىمىزغا چىشلەپ، پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئەمەلىي جەڭ قىلىش ماھارىتىنى پۇختىلىۋالدۇق.

10 ـ ئاينىڭ بېشىدا يۇقىرىدىن: «ئەمدى ئۇرۇش بولمايدىغان بولدى، تەرتىپ بويىچە قايتىڭلار» دېگەن بۇيرۇق كەلگەچكە، ھەر قايسى قىسىملار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندۇق. بىز 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا كەلگەن يول بىلەن بىر قانچە كۈن مۇشەققەتلىك سەپەر قىلىپ قەشقەرگە چۈشتۇق. بىركىچە قونىشىمىز بىلەن يەنە: «ئەمدى رەسمىي

ئۇرۇش باشلىنىدىكەن، دەرھال چېگرا سىپىگە ئاتلىنىدىكەنمىز» دېگەن خەۋەر تارقالدى.
ئېغىزدىن چىقتىمۇ بىر دەمدىلا چىڭغا ئايلىنىپ، يەنە كەلگەن يولىمىز بىلەن تاققا
سەپەرگە ئاتلاندۇق. ئارقىمىزدىن تەرتىپ بويىچە يولغا چىققان باشقا قېرىنداش
قىسىملاردىن بەزىلىرى ئەمدىلا قەشقەرگە كېلىۋاتقان ئىكەن، ئۇلار ماشىنىدىن چۈشمەي
تۇرۇپلا ئارقىغا ياندى. يەنە قالغان قىسىملار يەكەندىن، قاغىلىقتىن، يەنە بەزىلىرى
كۆدېدىن⑨، مازار داردىن⑩، شەيدۇللادىن⑪، ئىشقىلىپ قايسى مەنزىلگە يەتكەن
بولسا، شۇ يەردىن ھايالسىز ئارقىسىغا ياندى. 10- ئايدا قەشقەرنىڭ كېلىماتى ئىللىق،
يېلىك كىيىم بىلەن راھەت ئۆتكىلى بولغان بىلەن قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ ھاۋاسى قورغاق
شىۋىرغانلىق، بولۇپمۇ كەچقۇرۇن، كېچە ۋە سەھەردە سوغۇق سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتۈپ
كېتەتتى. شۇڭا ئۈچىمىزدا تېرە جىلىتكە، پاختىلىق شىم- چاپان، پۇتىمىزدا ئىسكارخۇت
(تېرە بەتىنكە، داتوشىبي)، قوللىرىمىزغا تېرە پەلەي كىيىكلىكلا ئىدى. زاپاس تېرە
جۇۋىمىزمۇ تەق ئىدى. «ئۇرۇش بولمايدىكەن»دېگەن قاراش بويىچە قەشقەر، يەكەن،
قاغىلىقتا چۈشكەن، بۇ يەردىكى ئىسسىق ھاۋاغا پايلىماي قېلىن كىيىملىرىنى تېڭىپ
قازناقتا بېسىۋەتكەنلەر، كىيىن جىددىي ئاتلىنىش بۇيرۇقى كەلگەندە ئۈلگۈرەلمىگە-
نلىكتىن، تاغ يولىدىكى قايسى ھەربىي بېكەتكە يەتسە، شۇ يەردىن قىشلىق كىيىم
سەپلەپ بېرىلىپ، توڭلاپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ سەپەردە بىز ھەربىي
ئۆتەڭدىكى ھەربىي بېكەتتە تاماق يېيىشكە ياكى يول ئۈستىدە ھاجەتكە چۈشكەندىن
باشقا، يول بويى توختىماي ماڭدۇق. شوپۇرلار ئاپتوموبىلنى نۆۋەتلىشىپ ھەيدەيتتى. بىز
كېچىسى بىر ـ بىرىمىزگە يۆلىنىپ كوزۇپ ئۈستىدە، ئاپتوموبىلنىڭ سىلكىشلىرى ئىچىدە
ئاز- تولا كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىراتتۇق ياكى خىرە ـشىرە چۈشلەر ئىلكىدە مۈگدەپ
چىقاتتۇق. يول بويى تۈتەكلىك شالاڭ ھاۋا، ئاپتوموبىلدىن چىققان چالا كۆيۈك بېنزىن
گازىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى ۋە ئۈستى بېرزىنت پالاز بىلەن يېپىلغان كوزۇپتىكى چاڭ-
توزانلىق ناچار ھاۋا تۈپەيلىدىن كۆڭلىمىز ئېلىشىپ، بېشىمىز ئاغرىپ يەتكۈچە ئازاپ
تارتاتتۇق. پۇت ـ قوللارنى ئازادە سۇنۇپ ھەركەتلەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا،
ئۇيۇشۇپ ۋە توڭلاپ تولا جەۋر سالغانىدى. لېكىن ئارىمىزدىن ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز
قاقشاپ زۇۋان سۈرمەيتتى، بۇ ئۇ جەڭچىنىڭ قېيىدىغانلىقى ياكى رەھبەرلىكتىن
ھېيىققانلىقى بولماستىن، بەلكى «بىز ۋەتەن زېمىنىنى قوغداشقا كېتىۋاتىمىز، ۋەتەن
ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشقا سېلىشتۇرغاندا بۇنچىلىك جاپا دېگەن
قانچىلىك ئىشتى؟» دەيدىغان يېتەكچى ئىدىيىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. جاپالىق سەپەر
ئۈستىدە كۆپچىلىك بىر-بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشاتتى، ئاسانلىقنى ئۆتۈنۈشەتتى، بىر
قانچە كېچە-كۈندۈزلۈك مۇشەققەتلىك جىددىي يۈرۈشتىن كېيىن، بىز ئاخىرى بىر

www.kitaphumar.net

كېچىدە تاڭ ئاتارغا يېقىن قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئاپەتلىك رايونلىرىدىن بولغان تيەنفاڭچۈينىڭ ⑫ تيەنشۈندىيەن ⑬ دېگەن يېرىگە يەتتۇق.

## 2. ئوت ۋە قان ئىچىدىكى ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش

نەچچە كېچە ـ كۈندۈزلۈك يول ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، نىشانلانغان جەڭگاھقا ئامان ئېسەن يەتتۇق ـ يۇ، بىراق، ئېگىز تاغ رېئاكسىيەسى تۈپەيلىدىن جىسمانىيىتى بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىر نەپەر سەپدىشىمىزدىن ئايرىلدۇق. 1960 ـ يىلى قىسىمغا كەلگەن بۇ يىگىت تولىمۇ خۇشخۇي، سەممىي، جاپاغا چىدايدىغان جەڭچى ئىدى. تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان، ئالدىنقى سەپكە جان تىكىپ كەلگەن بىلەن دۈشمەنگە قارىتىپ بىرەر پاي ئوق ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن بۇ سەپدىشىمىزغا ئىچىمىزدە ياش تۆكۈپ قايغۇمىزنى بىلدۈردۇق. شۇ كۈنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆزىمىزنى تۈزەشتۈرىۋېلىپلا رەسمىي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتۇق. دەسلەپتە پولك، كېيىن روتا، ئىززۋوت ۋە ئوتدىلىنىيلەر بويىچە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلدى. ھەر بىر جەڭچى ئىپادە بىلدۈرۈپ، پەقەت پىيادە ئەسكەرلەرگىلا خاس پۇختا، يېنىك تەييارلاندى. قالدۇرۇلغان يۈك ـ تاقلار ئارىسىغا ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇرۇشلۇق بىرلىكى، يۇرت ئادرېسى ۋە ۋەسىيەتنامىلىرىنى تىقىپ، يانلىرىغا ئىسىم ـ فامىلىسى، تەۋەلىكى،قان تىپى، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئادرېسلىرىنى سىېلىپ تەق قىلدى.

جەڭگە ئاتلىنىش پەيتى كەلدى. پولك كوماندىرى، پولكوۋنىك ئەزىزوپ قاسىم⑭ بەرجەست قەدەملەر بىلەن سەپراس تۇرغان قوشۇن ئالدىغا كېلىپ، جىددىي ۋە ۋەزمىن ئاھاڭدا نۇتۇق سۆزلىدى:

ـ ـ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ پەرزەنت قوشۇنى، ئۇ دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جەڭگىۋار كوللىكتىپ. بىزنىڭ ئاتلىق 3 ـ پولكىمىزمۇ ئەنە شۇ جەڭگىۋار كوللىكتىپنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ھازىر ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرى خەلقئارا ئەھدى ـ نىزاملارغا پەرۋا قىلماي ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ـ نىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بىز دۈشمەننىڭ پاسىق تاپىنى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئاشۇ بىر قىسىم سۆيۈملۈك زېمىنىمىزنى تاكى ئاخىرقى بىر جەڭچى قالغۇچە، ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز ئېقىپ تۈگىگۈچە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ تولۇق قايتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ ـ ـ خەلقىمىز بىزگە تاپشۇرغان شەرتسىز ۋەزىپە، بىزگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس ماۋزېدۇڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇ جەڭدە چوقۇم ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك!

www.kitaphumar.net

قىسىم قەسەم خاراكتېرىنى ئالغان شوئارلار بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ سۆزىگە ئىپادە بىلدۈردى. كەيپىيات ئاجايىپ ئۆستۈن ئىدى.

كونكېرېت ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، ھەر قايسى بىرلىكلەر نىشانلانغان جەڭگە ئاتلاندى. جەڭچىلەر تولىمۇ روھلۇق ۋە سۈرلۈك ئىدى. گەرچە گۆگۈم پەردىسى يېيىلغان چاغ بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچكە تولغانلىقى، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئېھتىياجىدىن پۈتكۈل ئارمىيىمىز بويىچە تېخى تۇنجى قېتىم تارقىتىلغان «56» تىپلىق ئاپتومات، «56» تىپلىق شتىكلىق يېرىم ئاپتوماتىك پىيادىلەر مىلتىقى، كالىبرى 60 مىللىمېتىرلىق كىچىك توپ (زەمبىرەك)، «56» تىپلىق يېنىك پىلىموت، ئوتتۇرا تىپلىق پىلىموت، «54» تىپلىق تاپانچا ۋە 500 گىراملىق گىرانات (قول بومبىسى) بىلەن قوراللانغان ئىدى. جەڭگە كېتىۋاتقانلار بىر ۋاقىتلىق زاپاس تاماق ئېلىپلا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىشتى. مەن ئارقا سەپ تەمىنات خادىمى بولغاچقا، كۆڭلۈم يېرىم ھالدا 2 ـ سەپتە قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىزگە 1ـسەپتىن جەڭ خەۋەرلىرى ئۈدۈللۈك يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بىز دەسلەپتە، قىسمىمىز ھۇجۇمغا ئۆتكەن جايىنىڭ بىر نامەلۇم ئېگىزلىك ئارقىسىدىكى 6ـ نومۇرلۇق تايانچ پۇنكىت ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدۇق. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ پونكىتنىڭ سەپداشلىرىمىز تەرىپىدىن تېزلا تارتىۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ پونكىتنى تارتىۋېلىش 2ـ روتىغا تاپشۇرۇلغان ئىكەن. روتا كوماندىرى 2 ـ ئىزۋوتقا ئاساسىي ھۇجۇمغا ئۆتمەي، دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ياردەمچى كۈچلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ، قالغان ئىزۋوتلارنى تايانچ پۇنكىتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. قانلىرى قىززىپ، ئالقانلىرى قىچىشىپ تۇرغان جەڭچىلەر «ھۇررا!» بىلەن خەۋپ-خەتەرگە قارىماي ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، ئوت ئېچىپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا يۈرەكئالدى بولۇپ تۇرغان دۈشمەن قولدىن بۇ تايانچ پۇنكىتنى تارتىۋاپتۇ. ئەمدى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 2ـ ئىزۋوت جەڭچىلىرى يەر شەكلى قىر-چوققىلىق بولغان بۇ جەڭگاھتا، سوغۇقنىڭ نەشتەردەك سانچىلىشىغا پەرۋا قىلماي، جۇۋا ۋە ئۇزۇقلۇقلىرىنى قالدۇرۇپ، جىددىي ئاتلىنىپ تاشيولغا 600 مېتىردەك كېلىدىغان جايغا كەلگەندە، دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقان بىر ئاپتوموبىلىنى بايقاپتۇ- دە، چاقماقتەك ھەرىكەت بىلەن پوزىتسىيە ئىگىلەپ، دۈشمەنگە ئوت ئېچىپتۇ. دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى ماشىنىدىن تاشلاپ ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىشقا باشلاپتۇ. جەڭچىلىرىمىز قوغلاشقا چۈشكەندە، دۈشمەن ئەسكەرلىرى تۈزگە قاچسا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئەگرى ـ بۈگرى قېچىپ تاغ جىلغىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھەرىكىتىمىز سەللا ئاستا بولۇپ قالسا دۈشمەننىڭ قېچىپ قۇتۇلۇش خەۋپى بارلىقىنى سەزگەن جەڭچىلىرىمىز

نۆلدىن تۆۋەن 20 گىرادۇسلۇق سوغۇققا پەرۋا قىلماي قېلىن چاپان ۋە ئېغىر ئاياغلارنى يېشىپ تاشلىغاچ نىشاننى كۆزدىن يوقاتماي قوغلاپ مېڭىپتۇ. بىر قانچە كىلومېتىرغىچە قوغلاش داۋامىدا، ئۇلارنىڭ پايپاقلىرى تىتىلىپ، تاپانلىرىنى قىيدام تاشلار تىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ قوغلىغانچە قاچقۇن دۈشمەننى تولۇق ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىن ئاندىن چاپان ۋە ئاياغلىرىنى تېپىپ كېلىپ «ئۇھ» دەپ تىنىۋېلىپتۇ.....

ئەتىسى مەن بىر قانچە جەڭچىنى ئېلىپ، ئاشپەزلەر ئۇتتەدىلىنىيىسى تەق قىلىپ قويغان تاماقنى ماشىنىغا بېسىپ، جەڭ مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتىم. جەڭ مەيدانى ئارقا سەپ ئورۇنلاشقان جايدىن 15 كىلومېتىردەك يىراقلىقتا ئىكەن. ھىندىستان قوشۇنلىرى بۇ يەرگە يېقىن-يېقىن قىلىپ ئۈچ ئىستىھكام قورۇۋالغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىستىھكامىدا ئىلغار ئېغىر قوراللار زاپاس بولغاندىن باشقا، يەنە كەينى تەرپىدە پۇختا ياسالغان 3 تايانچ نۇقتىسى بار ئىكەن. شۇنچە پۇختا ۋە ئەۋزەل پونكىتلىرى، زاپاس ئىلغار قورال - ياراغلىرى تۇرۇپ، ئۇلار يەنە بىزنىڭ بىر پەشۋايىمىزغىمۇ يارىماپتۇ. بىز جەڭگاھقا يەتكەندە توپچى قىسىملىرىمىز ئېغىر تېپتىكى زەمبىرەكلەر بىلەن دۈشمەننى ھەدەپ توپقا تۇتۇۋاتقان ئىكەن.

«گۈمبۈر- گۈمبۈر» قىلغان زالىپ ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئالدى تەرەپنى كۈچلۈك يالقۇن ۋە بوقسۇپ ئۆرلەۋاتقان قويۇق ئىس تۇتەك قاپلايتتى. يەر شەكلى جەھەتتە، ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىسىملىرىمىز ئۇچۇق تۈزلەڭلىكتە، مۇداپىئەدىكى دۈشمەن بولسا قىر- ئېدىرلار ئارىسىدا ئىكەن. دېمەك دۈشمەن تولىمۇ ئەۋزەل يەر شارائىتىدا، قىسىملىرىمىز ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولغان. جەڭچىلىرىمىز تۇنجى جەڭدىلا ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جان تىكىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەچكە، بۇ تايانچ نۇقتىغا ئورۇنلاشقان بىر پولكقا يېقىن دۈشمەننىڭ بىر كېچىدىلا ۋەتۇەرىكى چىقىپ، ئىستىھكاملار قولىمىزغا ئۆتكەن ئىكەن. زەمبىرەكچىلىرىمىزنىڭ بايىقى توپقا تۇتۇشلىرى بولسا، دۈشمەنلەرنىڭ پىتراپ كەتكەن قالدۇق كۈچلىرىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن ئىكەن.

بىز جەڭ مەيدانىنىڭ يان تەرپىدىن ئەگىپ، قولىمىزغا چۈشكەن ئارقا ئىستىھكامغا كەلدۇق. بىزنى كۆرگەن سەپداشلار ئىپتىخار ۋە شادلىق ئىچىدە ئالدىمىزغا كۆلۈمسىرەپ كېلىشتى. تۇنجى جەڭدىلا زەپەر قۇچقاچقىمۇ ئۇلار تولىمۇ روھلۇق ۋە شۇنچە تەمكىن ئىدى. ئۇلار ئوخشىتىپ ئېتىلگەن مېزىلىك تاماققا چوڭ ئىشتىھا بىلەن تۇتۇش قىلىشتى.

3- كۈنى كېچىدە، بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يۈرۈش قىلىپ، تاڭغا يېقىن دۈشمەننىڭ يەنە بىر تايانچ نۇقتىسىغا يەتتۇق. پولكىمىزنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بۇ

يەردىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا جان تىكىپ ئېلىشىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغانىكەن. جەڭ مەيدانى ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ قان ۋە توپىغا مىلىنىپ ئوڭدا-دوڭدا ياتقان ئۆلۈكلىرى، دات- پەرياد سېلىشىۋاتقان ياردارلىرى، قالايمىقان تاشلىنىپ تۇرغان قورال-ياراغلىرى، پاچاقلانغان ياغاچ، تاش، بېتون پارچىلىرى، توپ ئوقلىرىدا ئۇيۇلۇپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك سانسىز ئورەكلەر بىلەن تولىمۇ سۈرلۈك ۋە كۆڭۈلسىز كۆزگە تاشلىناتتى. جەڭگاھ بوشلۇقى بوقسۇپ تۈتەپ تۇرغان ئىس ئارىلاش چاڭ- تۈتەك ۋە ئوق ـ دورىنىڭ قاڭسىق ھىدى بىلەن تولغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن باشقا بىر قېرىنداش قىسىم ئارقىمىزدىن يېتىپ كېلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بىز ئىگىلىگەن بۇ ئورۇش مەيدانىنىڭ قالدى ـ قۇتتىسىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.....

قار قورۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز بۆلەكلىرىدىن بولغان تيەنشۈىندىيەن -- دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 ـ 6000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ (ئوكسىگېن كەمچىل)، جۇت ـ شىۋىرغان ئۆكسىمەيدىغان، ئېگىز تاغ رېئاكسىيەسى ئەڭ ئېغىر خەتەرلىك رايون بولۇپ، كىلىمات ئۆزگۈرىشى تۇراقسىز، يىل بويى قار ـ مۇزلىرى ئېرىپ بولالمايدىغان، قەھرىتان سوغۇق كۈچەيگەندە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇستىن 50 گرادۇسقىچە چۈشۈپ كېتىدىغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ھالاكەت چوققىسى» ئىدى. بۇنداق جايدا جەڭ قىلىش ئەمەس، تۇرمۇش كەچۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. ئادەتتە، نورمال نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن بولغاچقا، تاماق يېيىش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن ئىدى. قورساقنىڭ ئاستى ئاچ، ئۈستىدىن بولسا لوقما ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوكسىگېننىڭ شالاڭلىقىدىن ھەربىيچە سەپەر قازانلىرىدا مىڭ تەستە تەييارلىغان تاماق خام ـ خۇلتا پىشىپ ئېزىلىپ يىگۈسىز قايناققا ئايلىناتتى. يەنە كېلىپ قىسىم پەۋقۇلئاددە جىددىي ۋەزىپىلەر تۈپەيلىدىن بىردەم ئۇيان، بىردەم بۇيانغا يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، جەڭچىلەر ۋاقتىدا ئىسسىق تاماق يېيەلمەيتتى. ھەدېسىلا سوغۇق ھورنان، پىرسلانغان پىرەنىك ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇنداق سوغۇق، قۇرغاق تائام دائىملىق ئوزۇق بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ خالاپ يېگۈسى كەلمەس بوپقالغان ئىدى. شۇڭا، قىسىمدا «بىر تال پىرەنىك يېگەنلىك ـ بىر دۈشمەننى يوقاتقانغا باراۋەر» دەيدىغان سەپەرۋەرلىك شۇئارىمىز بار ئىدى. تاماقلىنىش بارغانسېرى قېيىنلىشىپ، جىددىي بىر مەسىلىگە ئايلانغاندىن كېيىن، مەركەزدىن بىزگە ئېلىپ يۈرۈشكە بىر قەدەر قولاي لايىھەلەنگەن يۇقىرى بېسىملىق سەپەر قازىنى ئەۋەتىپ بەردى. ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئىسسىق تائاملارغا ئېغىز تېگەلەيدىغان بولغاندىن كېيىن، جەڭچىلەر تېخىمۇ غەيرەت ـ جاسارەتكە تولۇپ، چىدىغۇسىز مۇشەققەتلەر ئالدىدىمۇ ۋايسىماي، چىشىنى چىشىغا

بىسىپ ئاداققىچە بەرداشلىق بېرىدىغان، جەڭدە تېخىمۇ قەيسەرلىك ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان بولدى.

مەن قىسىم كوللېكتىپى بىلەن بىللە ئالدىنقى سەپكە كەلگىنىم بىلەن ئارقا سەپ كەسپى خادىمى بولغانلىقىم ئۈچۈن جەڭگاھتا سەپداشلىرىم بىلەن بىللە تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە زەربە بېرىش جەڭلىرىگە بىۋاستە قاتنىشالماي، پەقەت جەڭ بېسىققاندا تاماق ئاپىرىپ بېرىش، زاپاس ئوق ــ دورا بىلەن تەمىنلەشتەك پارچە خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتاتتىم. شۇ تۈپەيلىدىن ئىچىم پۇشۇپ، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يىگۈدەك بولۇپ كەتكەن ئىدىم. «سەن كىم؟» «ئازادلىق ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى» «ۋەزىپەڭ نىمە؟» «تاجاۋۇزچى دۈشمەننى يوقۇتۇپ، ۋەتەن زېمىنى ۋە خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش» «ئۇنداقتا سەن هازىرغا قەدەر نەچچە دۈشمەننى يوقاتتىڭ؟» «.....» ئارىسالدا ۋاقىتلىرىمدا مەن دائىم ئۆزۈم بىلەن ئەنە شۇنداق مۇنازىرىلىشەتتىم. ئاخىرى بىر كۈنى چىداپ تۇرالماي قىسىم باشلىقلىرىنى ئىزدەپ، بىرىنچى سەپتە رەسمىي جەڭگە قاتنىشىش تەلىپىنى تەكرار ــ تەكرار ئىزهار قىلدىم. بىراق، بۇنىڭ نەتىجىسى نەچچە ۋاقىتتىن تولا ئاڭلاپ يادا بوپكەتكەن سىياسىي ـئىدىيىۋى تەربىيە، قايىل بولمىغىنىمدا ئاڭلىغىنىم ئاچچىق تەنقىد بولدى. كۆڭلۈمدە هەرگىز قايىل ئەمەس ئىدىم. لېكىن، مەن دېگەن بىر هەربىي، هەربىي دېگەن بۇيرۇق بويىچە قاتتىق ئىنتىزام ئىچىدە هەرىكەت قىلىدۇ. ئارمىيىمىزنىڭ هەرىكەت مىزانى ـ-«ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نىڭ 1 ــ ماددىسى «بارلىق هەرىكەتتە قوماندانلىققا بويسۇنۇش» ئەمەسمۇ ! مەن تىت ــ تىتلىق ئىچىدىلا قالغان ئىدىم.

بىر كۈنى مەن 3 ــ روتىنىڭ ئورۇنلىشىش قولاي دۈشمەن تايانچ پونكىتىغا زەربە بېرىشكە ئاتلىنىدىغانلىغىدىن خەۋەر تاپتىم- دە، تۇرالمايلا قالدىم. روتا كوماندىرلىرىنى ئىزدەپ هال ئېيتىۋىدىم، ئۇلار قۇشۇلماي «ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەڭ هېساپلانامدىكەن؟» دەپ ئاغزىمنى ئېتىپ قويىدى. يۈزمۇ ــ يۈز قادىلىپ ئىلتىماسىمدا چىڭ تۇرىۋالمىغان بولسامۇ، لېكىن، كۆڭلۈمدە رەنجىش كۈچىيىپ، پەۋقۇلئاددە ئەهۋالدا بىر قېتىم ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ بېقىش خىيالى قوزغۇلۇپ تۇردى. مەن جەڭگە ماڭىدىغانلارنىڭ لاۋازىمەت ئىشلىرىنى ئىدىتلىق ۋە پۇختا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، جەڭ ئاپتوموبىللىرىنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى ئېنىق بىلىۋالدىم ــ دە، كۆپچىلىك ئارام ئېلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاپانچامنى زاپاس ئوقلىرى بىلەن تەقلەپ، زاپاس ئوزۇقلۇق غەملەپ، ماشىنىدىكى يۈك ــ تاقلار ئارىسىغا غىپپىدە كىرىپ مۆكۈنىۋالدىم. قوماندانلىق شتابى ئورۇنلاشقان جاي بىلەن جەڭگاھ ئارلىقى 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە ئىدى. هەربىي ماشىنىلار ئاۋازسىز، چىراغسىز

يولغا چىقتى. بۇنداق يۇرۇش پەقەت ئىنتايىن ئېھتىياجلىق پەۋقۇلئاددە شارائىتتىلا، نائىلاجلىقتىن، دۈشمەنگە تۇيدۇرماسلىق ئېھتىياجىدىنلا قوللىنىلاتتى. شۇ كۈنى جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولغىنىدىن ماشىنا ئۈستىدە ئۇخلاپ قېلىش ئەمەس، تاقەت قىلىپ ئولتۇرماقمۇ بەسى مۈشكۈل ئىدى. ئۇچامدىكى بىر قۇر پاختىلىق كىيىم زەھەردەك ئاچچىق سوغۇققا دال بولالمايۋاتاتتى. مەن چىشلىرىمنىڭ كاسىلداشلىرىنى تولىمۇ تەستە بېسىپ، ئىمكان قەدەر شەپە چىقارماي ئولتۇراتتىم. ئاپتوموبىل ھېچقانداق يول ئىزناسى بولمىغان تاغ ئارىلىرىدا غالداڭ ــ غۇلدۇڭ يۈرەتتى ۋە جەكچىلەرنىڭ ئاچچىق سوغۇقتا يۈت ـ قوللىرىنى ئۇششۇتۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، پات ــ پات توختاپ ھەرىكەتلىنىش پۇرستى يارىتىپ تۇراتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا، مەن چاندۇرماي چۈشۈپ، كۆپچىلىكتىن چەتكىرەك بېرىپ، سوغۇقتىن ئۈيۈشۈپ قالغان ئۇگە ـ ئۇگىلىرىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋالاتتىم. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندا، ھەربىي ئاپتوموبىل بىر جىلغىغا كىردى. جىلغىدا پولك كوماندىرى ئەزىزوۋ قاسىم بىلەن پولك سىياسىي كومىسسارى يو فۇگۇڭ ⑮، پولك ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەتقاسىمۇف ئابدۇقادىر⑯ قاتارلىقلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار قىسىمغا ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يېڭى ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىپىگە سەپەرۋەر قىلدى. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ۋە قول راكېتاسى بىلەن رەشلىك ئوقتا يىراقتىن ئالاقىلىشىش بەلگىلىرىنى چۈشەندۈردى. بىز ئارتۇق ھېساپلانغان يۈكلەرنى بىر ماشىنىغا تاشلاپ بېرىپ، زاپاس ئوزۇق بىلەن قورال ــ ياراغلىرىمىزنىلا ئېلىپ، «دۈشمەننىڭ تايانچ پونكىتى بار» دېيىلگەن تاغنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. تاغقا 200 مېتىردەك قالغاندا، ئۇدۇل تەرەپتىكى تاغ ئۈستىدىن بىزگە مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇلدى. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەچكە ھەممىمىز ماشىنا كوزۇپىدا دۈم يېتىپ بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالدۇق. ئۆزىمنى ئوڭشىۋالغۇچە شوپۇر بىلەن بىر جەڭچىمىزگە ئوق تەگدى. ماشىنا كوزۇپىدا يېتىۋېرىش ئۆلۈمگە تەڭ ئىدى. بىز بىر ئامالدىن قىلىپ كوزۇپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن ئارتىلىپ تېز ـ تېز چۈشۈشكە باشلىدۇق. ماشىنىدىن چۈشۈپ بولغىچە يەنە ئىككى جەڭچى يارىدار بولدى. دۈشمەن ئورۇنلاشقان پوزىتسىيە تۆپىلىك، بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىز توختىغان جاي بولسا تۆۋەن قىيپاشلىق ئىدى. ھەر نىمە بولسا قىيپاش يەر شەكلى بىزگە ئاز ــ تولا دالدا بولغانىدى. ئاپتوموبىل ئۈستىدە ئىككى ياردەمچىسى بىلەن پىلموتچىلا قالدى. چۈنكى، قوپاللىق، ئېغىر پىلموتنى چۈشۈرىمەن دېسە، دۈشمەن ئوقىغا يەم بولۇش خەۋپى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن كۆرە، پىلموت ماشىنا ئۈستىدە تۇرىۋەرسە، بىر تەرەپتىن كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، بىزگە تەييارلىنىۋېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ، ئومۇمىي قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش پۇرستى چىقاتتى ــ دە، پايدىسىز ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى

بولاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پىلىموت ئورنىغا دەل شۇ ئاپتوموبىل ئۇستى ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. جەڭچىلەر ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۆمۈلەپ يۈرۈپ دالىدا يەر تاللاپ دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. قېرىشقاندەك، ئازراق ئېتىشىپلا ئوقلىرىمىز تۈگەپ قالدى. چۈنكى، زاپاس ئوقلىرىمىز ئاپتوموبىل ئۈستىدە قالغان ئىدى. چېكىنىش ئىمكانىيىتىمىز يوق، ئەقىل ئىشلىتىپ، ئۆنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئېلىشىشقىلا بولاتتى. مەن بىر جەڭچى بىلەن ئاپتوموبىل چاقىنى دالدا قىلىپ، دۈشمەننى قورۇلغا ئېلىپ ئېتىشقا باشلىدۇق. بىر كەمدە «پاراس!» قىلغان سەت ئاۋاز بىلەن كۆزۈمگە بىر زەربە تەگدى. «ئۇھ، كۆزۈمگە ئوق تەگدى بولغاي» دەپ ئويلاپ يۈرۈكۈم «قارت» قىلىپ قالدى. كۆزۈم لازا كىرىپ كەتكەندەك ئېچىشىپ تولىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى، بىراق، چىدىغۇسىز دەھشەت ئاغرىق ئازابى ھېس قىلمايۋاتاتتىم. ئۆزەمنى سەل توختىتىۋېلىپ، كۆزۈمنى ئاۋايلاپ سىلىسام، ھېچ شىلىملىق سىيۇقلۇق ئاقمىغاندەك. «يا بىسمىللا!» دەپ كۆزۈمنى ئاچتىم. كۆزلىرىمگە سوغۇق ھاۋا ئورۇلغاندەك پۈرىدا ياش قويۇلدى. يەڭلىرىم بىلەن ئاستا سۈرتۈۋېتىپ، ئەتراپنى پەرىق ئېتەلىدىم. ئەسلىدە، دۈشمەن ئوقى مىنىڭ كۆزلىرىمگە ئەمەس، بەلكى، ئاپتوموبىلنىڭ يەل بىلەن چىڭقىلىپ تۇرغان چاقىغا تەگكەچكە، مەن چاقتا سۈركىشىپ دېگۈدەك ياتقاچقا، ئوق تەككەن چاقتىن چىققان كۈچلۈك يەل كۆزلىرىمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ دەماللىققا قوپال سىزىم بىلەن ئېچىشىش ئالامىتىنى پەيدا قىلىپ مېنى قورقۇتىۋەتكەن ئىكەن. «شۈكرى خۇدايىم» دېدىم ئىچىمدە. يېنىمدىكى جەڭچىگە «چېكىن!» دەپ بۇيرۇق قىلدىم. بىز چېكىنىپ جىلغا ئىچىگە چۈشتۇق. دۈشمەن تۆپىلىكتە بولغان بىلەن پەقەت ئودۇلىدىكى تاغ قاپتىلىنىلا كۆرەلەيدىكەن، جىلغا ئىچىنى كۆرەلمەيدىكەن. بىر ھازادىن كېيىن، ياردەمچى قىسىملار كېلىپ، بىزنىڭ ئوق ــ گىراناتلىرىمىز تەل بولدى. قىسىم ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ئارقا تەرەپتىن قاپساپ، تۆپىلىكتىكى دۈشمەننى يا ئۇ ياقتىكىلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىغان، يا بۇ ياقتىكىلەرنى ئوققا تۇتالمايدىغان پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ تازا ساراسىمىگە سېلىۋەتتۇق. بىردەملىك ئېتىشىشتىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قاچتى. جەڭمۇ ئۇزاققا قالمايلا يىغىشتۇرۇلدى.

شۇ قېتىمقى جەڭدە، مەن كۆزلىرىمگە ئوق ئەمەس، بالۇن يېلى تەگكىنى تەلىيىم دەپ قارايمەن. ئەگەر، شۇ چاغدا كۆزلىرىمگە راستىنلا ئوق تەگكەن بولسا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ ئېغىر مەجرۇھقا ئايلىنىپ، بىر ئۆمۈر قويۇق نۇرىدىن، بۇ دۇنيادىكى گۈزەللىكلەرنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغان، ئازاب ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئۆتكەن بولاتتىم. ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە قوشۇنىمىزدىن بىر تۈركۈم ئوغلانلار دۈشمەن بىلەن تىغمۇ ــ تىغ ئېلىشىپ شېھىت بولدى. بەزى سەپداشلار ئوق تېگىپ

ياردار بولسا، يەنە بەزىلەر مىناغا دەسسىۋىلىپ پۇتىدىن ئايرىلدى. بەزىلەرگە گىرانات ۋە سىنارەدلەرنىڭ ئوسكولكىسى تېگىپ زەخمىلەندى. يەنە بەزى سەپداشلار سوغۇقتا قېلىپ ئۆپكىسى، بۆرىكىنى كاردىن چىقىرىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق جەڭچىسىنىڭ ئانا ۋەتەننى، ئەزىز خەلقنى قوغداش يولىدا بەرگەن تېگىشلىك بەدىلى دەپ قارىغاندىمۇ، لېكىن، ئۇ بەدەللەرنىڭ شۇ كىشىگە، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ كەلگەن كېيىنكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغاندا، بەختكە يارىشا ئامان قالغانلار يەنىلا ئەڭ تەلەيلىكلەر. ئۆزەم دەل ئاشۇ كېيىنكىلەر جۈملىسىدىن. ھەر راست، بۇ نۆۋەتلىك جەڭ ئاياغلىشىپ ئەسىرلەرنى تۇپلاۋاتقاندا، بىرەيلەن تۇيۇقسىز مەندىن: «ۋاي سىز ئەسلىدە ئارقا سەپتە قالغانتىڭىزغۇ، قاچانلاردا ئارىمىزغا پەيدا بولۇپ قالدىڭىز؟ » دېمەسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى بىراقلا ماڭا مەركەزلەشتى. بىر قېتىملىق مۇۋەپپىقىيەتلىك جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مەنمۇ ئىشنى يەنە يوشۇرۇپ، گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي راست ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. سەپداشلار ھەيرانۇ ـ ھەس قالدى. رەھبەرلىكمۇ بۇ ئىشنى قايتا سۈرۈشتە قىلىپ ئىشنى چوڭايتىپ يۈرمىدى. مەندىكى ئەندىشە ۋە گۇمانمۇ تۈگىدى .

### 3.قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى قەھرىمانلىق جاسارىتى

مەن ئۆمرۈمدە بىر قېتىم قارامىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا خىلاپلىق قىلىپ دۈشمەن بىلەن يۈز ـ تۇرانە قانلىق جەڭگە قاتنىشىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە قايتا ئېرىشتىممۇ ياكى شۇنداق ئېھتىياج تۇغۇلدىمۇ، مېنى كېيىنكى جەڭ ۋە جەڭگىۋار يۈرۈشلەر قاتارىدىن قالدۇرمايدىغان بولدى.

مانا، بۇگۈن مەن لىق 4 ماشىنا ئوق ـ ياراغقا مەسئۇل بولۇپ، ئالاقاچانلاردىن بىرى ئوت ئالدۇرۇپ قويۇلغان ھەربىي يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كابىنكىسىدا جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرماقتىمەن. ئاپتوموبىللار يېنىك دىرىلدەپ تۇراتتى. بىزدىن ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاپتوموبىللىرىمىز ئوت ئالدۇرۇلغان ھامان يۈرەلەيدىغان بولۇش تەلىپى قويۇلغان ئىدى، ۋاقىت ئۆتىۋەرمەكتە ئىدى. زېرىكىشتىن ئىچىمىز سىقىلىپ تىت ـ تىت بولاتتۇق. بىراق ھېچ ياقتىن بىر شەپە، ھېچكىمدىن بىرەر ئۇچۇر بولمىدى. تاڭغا يېقىن ئىككى خەۋەرچى جەڭچى يېتىپ كېلىپ: «باشلىقلار سىزنى ‹ئىككى ئاپتوموبىلنى ئېلىپ تېزدىن يېتىپ كەلسۇن› دەيدۇ» دەپ كونكرېت تەلەپنى تەپسىلىي بايان قىلىشتى. مەن يېڭى بىر جەڭ باشلىنىپ كەتكەن بولسا، ئوق ـ ياراغقا جىددىي ئېھتىياج چۈشكەن ئوخشايدۇ» دېگەن پەرەز بىلەن ئوق ـ ياراغ زاپاس بېسىلغان بىر ئاپتوموبىل بىلەن يەنە بىر قۇرۇق ئاپتوموبىلنى ئېلىپ، خەۋەرچىلەر ئۇچۇر بەرگەن ياققا يۈرۈپ كەتتىم. ئالاھەزەل بەش ـ

ئالته كىلومېتىر يۈرگەندە، بىر ئوتدىلىنيە جەڭچى ئۇچرىدى. ئۇلارنى ئاپتوموبىلغا چىقىرىپ، ئۇزاق يۈرمەيلا قوماندانلىق شتاب ئورۇنلاشقان جايغا يەتتىم. پولك كوماندىرىمىز ئەزىزۇپ قاسىم بىلەن سىياسىي كومىسسارىمىز يو فۇگۇڭ كۆز ئالدىمىزدىلا چاقماق تېزلىكىدە بىر يېڭى جەڭگىۋار ھەرىكەت لايىھەسى تۈزۈپ، بىر ئىزغۇتقا يېقىن جەڭگىۋار ئەترەت تەشكىللىدى ـ دە بىزگە:

ـ ھېلىراقتا كەلگەن مەلۇماتتا، ئالدىمىزدىكى تاغدا دۈشمەن قوشۇنى بارلىقى خەۋەر قىلىنغان، بايا دۈشمەننىڭ ئىككى ئەسكىرى بىزتەرەپنىڭ شەپىسىنى سېزىپلا ئۇدۇلدىكى تاغقا قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ رازۋېتچىكلاردىن بولۇش ئېھتىمالى چوڭ، سىلەر چاققان ھەرىكەتلىنىپ، بىر ئاماللاربىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككى دۈشمەن ئەسكىرىنى تۇتۇپ كېلىڭلار، ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بىز بايا مەن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ئوق ـ ياراغ بېسىلغان ۋە يەنە بىر قورۇق ئاپتوموبىلنى ئېلىپ جىددىي ئاتلاندۇق. قورۇق ئاپتوموبىلغا پولك قوماندانلىق شتابىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئاجرىتىلغان ئېغىر پىلىموتچىلار روتىسىنىڭ ستانكۋاي پىلموت⑰ ئوتدىلىنىيىسى بىلەن 3ـ روتىنىڭ 9ـ ئوتدىلىنىيىسى چىققانىدى. بۇ ئوتدىلىنىيىمۇ پولك قوماندانلىق شتابىنىڭ خەۋەرچىلىك ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان كىچىك بىرلىك ئىدى. بۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە مەسئۇل بولغان ئېغىر پىلموتچىلار روتىسىنىڭ زامكومروتى، لېيتېنانت ئوبۇل مۇسا كۆپچىلىككە قوماندانلىق قىلىپ، ئاپتوموبىل ئۈستىدە ئەتراپىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ماڭدى. ئاپتوموبىل ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ قاپتىلىنى بويلاپ سىلكىنىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ستانكۋاي پىلموت ئاپتوموبىل كابىنكىسى ئۈستىگە ئورنىتىلغان بولۇپ، ناۋۇتچىك ⑱ پىلموت تۇتقىسىنى مەھكەم قامالاپ، ئۇدۇل قارىغا ئالغان ھالەتتە ھوشيار تۇراتتى. ئىككى نەپەر پومناۋۇتچىكلارمۇ زاپاس ئوق ساندۇقلىرىنى ئېچىپ، ھەر ۋاقىت ئوق بەتلەپ بېرىشكە تەييار تۇراتتى. ئېغىر پىلموت 3 ـ ئوتدىلىنىيىسىنىڭ كوماندىرى ئىسمايىل مۇھەممەت بولسا، ستانكۋاي پىلموتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بەتلەكلىك «56» تىپلىق ئاپتوماتنى ئۇدۇل نىشانغا قارىتىپ ئەتراپقا ھوشيار قاپلاندەك كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى. زامكومروت⑲ ئوبۇل موسا پىلموتنىڭ سول تەرىپىدە قوماندانلىق قىلىپ باراتتى.

ئاپتوموبىللىرىمىز ئىلگىرىلەپ ئوڭ تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىغا كىرگەندە، تۆپىلىكتە تاشلاردىن قوپۇرۇلغان تىبەت چارۋىچىسىنىڭ ئۆيى كۆرۈندى. ئۆي ئالدىدا بىر ئېشەك ۋە بىر پاقلان باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈش نورمال تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئەينى بولۇپ، گۇمانغا ئورۇن يوق ئىدى، ئاپتوموبىللىرىمىز راۋان يۈرۈپ، ئۆي ئۇدۇلغا 50 مېتىردەك قالغاندا، ئۆي تەرەپتىن تۇيۇقسىز زالىپ ئاۋاز چىقىپ، ئاپتوموبىللىرىمىز شىددەتلىك ئوققا

تۇتۇلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بوشلۇق بەدبۇي كۆكۈش ئىس ــ تۈتەككە تولۇپ، بىر شوپۇرغا ئوق تەگدى. ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چاقى تېشىلىپ توختاپ قالدى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى بۇ هايات ــ ماماتلىق جىددى مۇهتتا، ئوتدىلىنىيە كوماندىرى ئىسمايىل مۇهەممەت هىندىستان تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ يوشۇرۇن ئىستىهكامىنى دەرهال بايقىۋېلىپ، شۇئان :«نىشان ئوڭ ئالدىنقى تەرەپ، نەق چەنلەپ ئېتىڭلار!» دەپ كوماندا بەردى ــ دە، ئاپتوماتنى دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئىستىهكامىدىكى پېنىك پىلموتىغا توغرىلاپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئاجىزلاشتى. بىرگە ئازراق ئىمكانىيەت هازىرلاندى. ئاپتوموبىل ئۈستىدىكى جەڭچىلەر ئۆزلىرىنى رۇسلىۋېلىپ، دۈشمەننى غەزەپ بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. زامكومروت ئۇبۇل موسا ماشىنىنىڭ تۆۋەن ئوچۇقچۇلۇقتا توختاپ قالغانلىقىنى، يەر تۈزۈلۈشى نۇقتىسىدىن ئەھۋال دۈشمەنگە پايدىلىق بولۇپ، جەڭچىلەرنىڭ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈشىگە ئىمكانىيەت يار بەرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ: «ستانكىۋاي پىلموت بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، دۈشمەن ئوت كۈچىنى بېسىپ چۈشۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. ستانكىۋاي پىلموت كابىنكا ئۈستىدە ئۇدۇل توغرىلاقلىق ئىدى. ئۇنى دۈشمەن ئىستىهكامى تەرەپكە توغرىلاش ئۈچۈن نىشانى يۆتكىمەي بولمايتتى. بىراق، نىشانى توغرىلىسا پىلموتنىڭ بىر تەرەپتىكى چاقى بوشلۇقتا قالاتتى ــ دە، پىلموتنى مۇقىملاپ ئاتقىلى بولمايتتى. بۇنداق ئەهۋالدا پەقەت پىلموت ئىستىۋولىنىلا توغرىلاشقا توغرا كېلەتتى. ناۋۇتچىك پىلموت ستىۋولىنى توغرىلاۋاتقاندا، ئىسمايىل مۇهەممەت ئاپتوماتىدىن تىنماي ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەن ئوتكۈچىنى بېسىپ تۇردى. شۇ ئەسنادا دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى ئۇنىڭ سول قول بېغىشىنى تېشىپ ئۆتۈپ، سول كۆكسىنى يارىلاندۇردى. ئىسمايىل مۇهەممەت قاتتىق زەربىدىن ئازراق سەندىرەكلىدى ــ يۇ، يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ دۈشمەنگە قەهرى ــ غەزىپى بىلەن ئوق ياغدۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئاپتوماتىغا 2 ــ دىسكىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، ئاندىن ستانكىۋاي پىلموت تىلغا كىرىپ شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشنى باشلىۋەتتى. دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى پەسەيدى. پىلموتى كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، چۆچۈپ جىددىيلەشكەن دۈشمەن، كېيىن كىچىك زەمبىرەك ئارقىلىق ئاپتوموبىللىر-ىمىزنى توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. كەينى ــ كەينىدىن گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرى بېشىمىزدىن هالقىپ يېقىمسىز غوڭۇلدىغىنىچە يان جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ تاش شېغىللارنى كۆككە سورۇيتتى، ئۇلار تۆپىلىكتە، بىز پەستە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىقىمىز بەكلا يېقىن بولغاچقا سنارەدلەر نىشاندىن هالقىپ يىراققا چۈشكەن ئىدى.

ستانكىۋاي پىلموت 500 پايدەك ئوق چىقارغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئەسلىدە، بېشى بوشاپ قالغان بىر ئوق مىشەكتىن چىقىپ كېتىپ پىلموت

ستنۋولى ئىچگە كەپلىشىۋالغان ئىدى. بۇ كاشىلىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئاتايىن ستۋول تازىلىغۇچى پولات نوغۇچنى تىقىپ ئوڭشاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداقتا ۋاقىت قولدىن كېتىپ، دۈشمەنگە ئۆزنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىلىپ قالاتتى. بىراق، ئېغىر پىلىموتنى قايتا تىلغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. بۇيېڭىش ــ يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان هايات ــ ماماتلىق مۇهىتلار ئىدى! ئىسمائىل مۇهەممەت پىلىموتچىلارنىڭ كاشىلىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، جاراھەتنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىشىغا پەرۋا قىلماي، دۈشمەنگە قارىتىپ شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇردى ـ دە :«يولداشلار، ئېتىڭلار! دۈشمەنگە ئۆزنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بەرمەيلى!» دەپ تووۋلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوڭ كۆكرىكىگە ۋە قورسىقىغا ئارقا ــئارقىدىن ئىككى پاي ئوق تەگدى. بەدىنىنىڭ نەچچە يېرىدىن قىپ ــ قىزىل قانلار شۇقىراپ ئېقىپ تۇرغان بۇ ئەزىمەت يىقىلىپ قالغان ئورنىدىن دەست تۇرۇپ دۈشمەننى ئوققا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى. ستانكۋاي پىلىموتنىڭ كاشىلىسى تېزلا ئوڭشىلىپ، يىڭىۋاشتىن ئەجەل ئوقى ياغدۇرۇشقا كىرىشتى. مانا شۇ چاغدىلا ئىسمائىل مۇهەممەت يېنىدىكى ئوبۇل موساغا: «زامكومرۇت، مەن يارىلاندىم!» دەپلا لەسسىدە يىقىلدى. ئۇنىڭ تېنىگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 3 پاي ئوق تېگىپ 5 جايىنى يارىدار قىلغان، ئاپتوموبىل كوزۇپىنىڭ ئۈستى ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن قىپقىزىل بويۇلۇپ كەتكەنىدى.....

ئوتىدىلىنىيە كوماندىرى ئىسمايىل مۇهەممەتنىڭ باتۇرلارچە قۇربان بولغىنىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، سەپداشلىرى ئاچچىق ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، غەزەپ ــ نەپرىتىنى قولىرىدىكى قورالغا مەركەزلەشتۇرۇپ، دۈشمەنگە زەربە بىلەن ئەجەل ئوقى ياغدۇردى. ئۇزاققا قالماي، ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن ياردەمچى قوشۇنلار يېتىپ كەلدى. قاتمۇ ــ قات تاغ ئېغىزىغا يوشۇرۇن ئىستىهكام قۇرۇپ، قوشۇنىمىزغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن بىر ئىزۋوت هىندىستان تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى بىردەمدىلا يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، تولۇق يوقىتىلدى. پەقەت 5 مىنوتتىن سەل ئارتۇقراق داۋام قىلغان بۇ شىددەتلىك جەڭدە بىزدىن بىر جەڭچى (ئىسمائىل مۇهەممەت)قۇربان بولدى؛ بىر شوپۇر (يەرلىكتىن)، بىر كوماندىر (زامكومرۇت ئوبۇل موسا) ۋە ئۈچ نەپەر جەڭچى يارىدار بولدى. كۆپچىلىك «هۇررا!» تووۋلاپ دۈشمەن ئىستىهكامى جايلاشقان تۆپىلىكە چىققاندا، ئىستىهكامنىڭ ئىچى ــ تېشىدا شادا پاچاق، قارامۇتۇق، بومبۇر ساقال، قىنىق ماشرەڭ رەختتىن قوپال فورما كىيىشكەن 20 يېقىن دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بەزىسى قانغا مىلىنىپ ئوڭدا ــ دوڭدا يېتىشاتتى؛ يەنە بەزىلىرى لاغىلداپ تىترەشكىنىچە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ تۇرۇشاتتى....

جەڭ ئاياقلاشقاندا، مەن مەسئۇلىيىتىم دائىرىسىدىكى ئاپتوموبىللارغا قارىدىم: هەر

ئىككى ماشنا دۈشمەن ئوقىدا ھۆتمە ـ تۆشۈك بوپ كېتىپتۇ. ئەمما، تەلىيىمىزگە يارىشا ئوق ـ ياراغ بېسىلغان ماشىنا شۇنچىۋالا زەربە ئىچىدىمۇ پارتلاپ كەتمەپتۇ. دۈشمەن يېنىك توپ ۋە مىناميوتتا بىزنى توپقا تۇتقاندا ئارلىقنىڭ بەكلا يېقىنلىقىدىن سىنارەدلەرنىڭ ھالقىپ جىلغىغا چۈشۈپ پارتلىشى بىزگە ئايان بولغاندى. بولمىغاندا، نەچچە توننا ئاسان ئوت ئالىدىغان ئوق ـ ياراغ پارتلاپ كەتكەن بولسا، بۇ قۇدرەتلىك زەربە پۈتكۈل بىر تاغ جىراسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلماسمىدى.....

مانا بۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈن 1962 ـ يىلىنىڭ 27 ـ ئۆكتەبىرى ئىدى.

شۇكۈنى كەچتە قېرىنداش قىسىملار كېلىپ جەڭگاھنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى، دۈشمەندىن بىرپىلموت، بىر مىناميوت، بىر ئاپتومات، 13 پىيادىلەر مىلتىقى، بىر يۈرۈش ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى ۋە ھەر خىل ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى، بىر مۇنچە زاپاس ئوق غەنىمەت ئېلىنغان ئىدى. بىزنىڭ ھېلىقى ئىككى ئاپتوموبىلىمىزنى بولسا، باشقا ئاپتوموبىللارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئوق ـ ياراغلارنى قايتا يۆتكەپ بېسىپ، ئەبجەققە ئايلانغان ئاپتوموبىللارنى سۆرىتىپ ئېلىپ كەتتى.

## زۆرۈرتولۇقلىما

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان قەھرىمان ئوتلىنىيە كوماندىرى ئىسمائىل مۇھەممەتنى پولك پارتكومى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىلتىماسىغا ئاساسەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى» دەپ تونىدى. ھەمدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىگە ئالدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا «كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

ئىسمائىل مۇھەممەت يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يارباغ كەنتىدىن بولۇپ، 1940 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1960 ـ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە جەڭچى بولغان. شىجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق مىللىي ئاتلىق 3 ـ پولك پىلموتچىلار روتىسى 3 ـئوتدىلىنىيىسىنىڭ كوماندىرى، كاندىدات كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇ ھەربىي قىسىمغا كىرگەندىن كېيىن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ سىياسىي ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەرگەن، خىزمەت ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە جاپاغا چىداپ نەتىجە يارىتىش روھىنى جارىي قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىككە ئۈلگە بولغان. تۇرمۇشتا ئۆزىگە

يـۇقىرى ئـۆلچەم، قـاتتىق تەلەپ قويـۇپ، ئـاددى ـ سـاددا ئـۆتكەن، سەپداشـلىرىغا كۆيـۈنگەن... شـۇڭا تېـزلا ئۇتـدىلىنىيە كومانـدىرلىقىغا ئۆسـتۈرۈلگەن. ئـۇ 1962 ـ يىلى ئالـدىنقى سـەپكە ئـاتلىنىش ئالدىـدا ئائىلىسـىنى يـوقلاپ، ياشـانغان ئانىسـىدىن رازىلىـق ئالغاندا، ئانىسى گۈلنارخان ئۇنىڭغا ۋە سەپداشلىرىغا ئامانلىق، دۈشـمەنگە ئەجەل تىـلەپ ئۇزىتىپ قويغان، ئايالى ۋە تېخى يېشىغا تولمىغان قىزى بىلەن خوشلاشقاندا، ئايالى ئۇنى توسۇپ: «سەن يا مەن بىـلەن بالاڭغا تـۇر، يـاكى سوقۇشـقا بېرىشقا تـۇر، بـىزگە تۇرسـاڭ قايتىپ كەل، ئۇرۇشقا بېرىشقا تۇرساڭ خېتىمنى بەر» دېگەنـدە، ئـۇ ئايالىغا ئەستايىدىل ئىدىيۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگەن، ئايـالى گېپىـدە چىـڭ تۇرىۋالغانـدىن كېيىن، ئـۇ ئۇكىسى ئەمەت مۇھەممەتكە: «مەن ئالـدىرايمەن، سـەن ماڭـا ۋاكـالىتەن ئايـالىم بىـلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئۆتىسەڭ، ياشانغان ئانىمىز بىـلەن قىـزىم ئانارگۈلنىـڭ ھالىـدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرساڭ» دەپ تـاپىلاپ قويـۇپ، ئىككىلەنـمەي ئالـدىنقى سـەپكە ئاتلانغـان. قەھرىمان ئىسمائىل مۇھەممەت جەڭدە ئەزىمەتلەرچە شېھىت بولغانـدىن كېيىن، ئۇنىـڭ شانلىق ئىش ـئىزلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇنىڭـدىن ئۆگىنىش قانات يايدۇرۇلدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا كوماندىر بولغان ئوتدىلىنىيە «قەھرىمـان ئىسمائىل مۇھەممەت ئوتدىلىنىيىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

پـارتىيە تەشـكىلاتى ۋە ھۆكـۈمەت تارمـاقلىرى قەھرىمانىنـىڭ ئانىسـى گۈلنارخـان ۋە قىـزى ئانارگۈلنىــڭ تۇرمۇشــىدىن ياخشــى خەۋەر ئېلىــپ، ئـائىلە ئىگىلىكىنــى ياخشــى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. قىزى ئانارگۈل 15 ياشقا كىـرگەن ھامـان، ئـۇنى ئاتىسـى ھايـات ۋاقتىـدا كـۈرەش قىلغـان خەلـق ئـازادلىق ئارمىيىسـى قويىنغـا ئېلىـپ، نۇقتىلىـق تەربىيىلەپ بىر ھەربىي دوختۇر قىلىپ يېتىشتۈردى. ئانارگۈل كېـيىن شـىنجاڭ ھەربىـي رايونىغا قاراشلىق12 ـ ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ مۇئـاۋىن باشـلىقلىق ۋەزىپىسـىنى كـۆپ يىـل ئىشـلەپ، يېقىنقـى يىلـلاردا پېنسىيىسـگە چىقتـى. قەھرىمانىنـىڭ قېرىنـدىشى ئەمەت مۇھەممەت ئاكىسـىنىڭ شـانلىق ئۈلگىسـى بـويىچە دېھقـانچىلىق سـېپىدە باشـلامچىلىق بىـلەن ئىشـلەپ، ئـۆز كەنـتىگە سـېكرېتار بولغانـدى. ئـۇ دېھقانلارنى تـوغرا يـول بىـلەن ھـاللىنىش يولىغا يېتەكلەپ ماڭغاچقـا، كـۆپ يىـل قەشـقەر ۋىلايىتـى ۋە ئـاپتونوم رايـون بويىچە «مۇنەۋۋەر كوممونىست»، «دېھقانلارنى بېيىش يولىغا باشلىغان ياخشى يېتەكچى» دېگەن شان ـشەرەپلەرگە ئېرىشىپ كەلدى.

## 4.ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئاسارەت ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ

1962ـ يىلـى كەچكـۈزدە جۇڭگـو ـ ھىندىسـتان چېگرىسـىدا بولغـان ئـۇرۇش،

ھىندىستان ئارمىيىسىبىلەن جۇڭگو ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئەينى زامانلاردىكى جۇڭگوغا قاراتقان دۈشمەنلىشىش سىياسىتى ۋە تاجاۋۇزچىلىق ـ كېڭەيمىچىلىك جىنايەتچىلىرىنىڭ ئاسارىتى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، جاھانگىرلىك سىياسىسىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر قېتىملىق قوراللىق توقۇنۇش بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانىي قارشىلىقنىڭ كۈچ ئېلىشىشى؛ بىر مەيدان سىياسىي، ھەربىي، دىپلوماتىيەكۈرەشلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا، گەرچە، ئىلىمىز ھۆكۈمىتى يوللۇق ھالدا، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ كەلگەن، ئارمىيىمىز ھەر بىر توقۇنۇش، ھەر بىر جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئاخىرىقى ھېساپتا تاجاۋۇزچىلارنى ئۆمۈلەپ چىققان ئۇۇشىغا قوغلىۋەتكەن، ئۇلار مۇتىھەملىك بىلەن ئىگىلىۋالغان زېمىنلىرىمىزنى قايتۇرىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئۇرۇش ئېلىمىزگە ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتىن زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى؛ بۇ قېتىملىق ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ئارمىيىدىن يەرلىككىچە جىددىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي مەۋقەنىڭ نۇقتىلىق بىر قىسمىنى مۇشۇ ئىشقا قارىتىشقا توغرا كەلدى؛ دەل شۇ مەزگىلدە ئەسلىدىلا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ھۆكۈمەت ۋە جۇڭگو خەلقى يەنە ناھايىتى زور خىراجەت چىقىرىپ، ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى؛ بىگۇناھ، تېنچ خەلق ئۇرۇشتىن ناھايىتى تەشۋىشلەندى، ئالدىنقى سەپىنى قوللاش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە زورۇقتى؛ جەڭ داۋامىدا، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مەبلەغ جەھەتتىن خېلى كۆپ قۇربان بېرىشكە توغرا كەلدى.... بۇ جەھەتتە، ھىندىستان ھۆكۈمىتى تارتقان زىيان تېخىمۇ ئېغىر، ھىندىستان خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇرۇش، ئىستىمال مەنىسىدىن تارتىپ بارلىق ئاقىۋەتلەرگىچە پاجىئە دېمەكتۇر. 1962 ـ يىلدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئىلىمىز ھۆكۈمىتى ۋە ئېلىمىز خەلقىگە نۇرغۇنلىغان زىيان ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىگە دىئالىكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزەر بىلەن قارىغاندا، ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇ بىزگە يەنە بەزى قىممەتلىك ھاسىلاتلارنىمۇ ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن: بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىيەت ۋەكىلى، تېنچلىق تەرەپدارى، ئۆزلىرىگە تەۋە

ئۇرۇشنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا، غورۇر - ئىپتىخارلىق، جەڭ- نىزالارنى خالىمايدىغان، ئەمما، مەجبۇرىي تېڭىلغاندا ئۆزلىرىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشكە ھەقلىق ۋە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل دۇنياغا بىلدۈرۈپ، خەلقئارادىكى ئورنىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى ۋە مۇستەھكەملىدى؛ ئازادلىقتىن بۇيانقى ئون نەچچە يىللاپ تېنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقان جۇڭگو خەلقىنى بىر قېتىم سەگەكلەشتۈرۈپ ۋە تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، تېنچلىق ۋە بەخت -سائادەتنى نورمال داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن دائىم ھوشيار تۇرۇشقا، ئىتتىپاقلىشىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا توغراكېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى؛ بۇ ئۇرۇش خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئۆزىنى دەڭسەش، چېنىقىش ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پۇرسىتى يارىتىپبەردى؛ ئارمىيە، خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكىگە بولغان تونۇشىنى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈردى.....

شۇ قېتىمقى جەڭدە ئارمىيىمىز مەلۇم دەرىجىدە تالاپەتكە ئۇچراپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىنى قۇربان بەرگەن، ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى مېيىپ بولغان ۋە يارىلىنىپ ئازاب تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئارمىيىمىزنىڭ پىداكارلىق بىلەن قەھرىمانە جەڭ قىلىپ سىناقلاردىن ئۆتكەن، تۆھپە ياراتقان ئوغلانلىرىنىڭ ھېسابسىزلىقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تېخىمۇ پەخىرلىنىشىگە، سۆيۈشىگە ۋە ھېمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. جەڭدىن كېيىن، بىزنىڭ ئاتلىق 3 - پولكتىكى بىر تۈركۈم كۆرەش قەھرىمانلىرى، مۇنەۋۋەر كوماندىرلار قېرىنداش قىسىملاردىكى سەپداشلار بىلەنيۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىشىغا ئاساسەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇت، كان،كارخانا، خەلق كوممۇنالىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىغا نۆۋەت بىلەن بېرىپ، ئۇدا تۆت ئايلاپ، شۇ قېتىمقى جەڭ ئەھۋالىدىن دوكلاد بەردى. جاھانگىرلىك ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۇرۇشخۇمار تەبىئىتى، كوماندىر ۋە جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ناچار تەبىئىي شارائىت ۋە پايدىسىز ئەھۋالدا، زېرەكلىك ۋە پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچى دۈشمەننىڭ كۆلىنى كۆككە سورىغان قىزىقارلىق جەڭ ھېكايىلىرىنى، ئىنقىلابى قۇربانلار ۋە كۆرەش قەھرىمانلىرىنىڭ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى قايىل قىلارلىق ھەقىقىي پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى. گازارما رايونىدا قالغان سەپداشلار بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتنىشىش تەسىراتلىرىنى كەڭ- كۇشادە سۆزلىشىپ، غالىبىيەت تەجرىبىلىرى بىلەن ئوگۇشسىزلىق ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ چىقتى ۋە ھەربىي مەشقنى يېڭى

پەللىگە كۆتىرىپ، ھەر قانداق شارائىتتا دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكىلەر ئازدىلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىش، كۈرەش قەھرىمانلىرىنى ئۈلگە قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش بويىچە زور داغدۇغا قوزغاپ، نەتىجە ۋە مول ـ ھوسۇل شادلىقىغا تولغان يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى .....

پەرزەنت قوشۇنىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدىكى ئاجايىپ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

ۋەتەننى قوغداش جېڭىدە ئەزىز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىمىزنىڭ نامى ئەل قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ!

## ماقالىدا چېلىقىدىغان نۇقتىلىق نام ـ ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

1›جالاۋھەرلال نېھرۇ (1964 ـ 1889)

ھىندىستان باش مىنىستىرى (1964 ـ 1974)ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ھىندىستان ئاللائاباتتىكى براھمان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەنگلىيىنىڭ كېمبىرىج ئونۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە. 1920 ـ يىلى مۇخەنداسگەندى رەھبەرلىكىدىكى غەيرىي زورلۇق كۈچى ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان.1928 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بوسى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ھىندىستان مۇستەقىللىق ئىتتىپاقىنى قۇرغان. 1929 ـ يىلى خەلق كونگىرسى پارتىيىسى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ باش سېكرىتارى بولغان. كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە نەزەربەند ئاستىدا ياشىغان.1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ھىندىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ تۇنجى باش مىنىستىرى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلارمىنىستىرلىقىنى ئۆتىگەن. (بىر توملۇق ئۇيغۇرچە «دۇنيا تارىخ لۇغىتى» نىڭ 1001 ـ بېتىدىن)

2› مېكماخۇن سىزىقى: بۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ شىزاڭ قاتارلىق رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋېلىش قەستىدە ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا سىزىقى» بولۇپ، ئۇ سىملا يىغىنىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئارتۇر ھېنرى مېكماخۇن (1893 ـ 1862) بىلەن شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن مەخپىي تۈزۈپ، 1914 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دېھلىدا مەخپىي ئىمزالىغان ھۆججەت، بۇ ھۆججەت سىملا

يىغىنىنىڭ كۆن تەرتىپىگە زادىلا قويۇلمىغان. بۇ سىزىق، غەربتە بوتان چېگرىسىدىن، شەرقتە جۇڭگو ــ ھىندىستاننىڭ شەرقى قىسىم چېگرا رايونلىرىغىچە ئۇزارتىلغان. ئەزەلدىنلا جۇڭگوغا تەۋە 90 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىن ئەنگلىيە ھۆكۈمران- لىقىدىكى ھىندىستانغا تەۋە قىلىپ قويۇلغان. ئەنگلىيە بىلەن شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى يوشۇرۇن ئىمزالاشقان بۇ ھۆججەتنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالماي كەلدى. خەرىتىدىكى ئەسلى چېگرا سىزىقىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەزەلدىنلا بۇ سىزىقنى ئېتىراپ قىلمىدى. بەلكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە كېيىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىزىقنىڭ دائىرىسىدىكى جايلارغا دەخلى ــ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ كەلدى. (بىرتوملۇق ئوكيانۇسنىڭ 1943 ــ بېتى)

3›گارنىزۇن باتالىيون: خەنزۇچە جىڭبېي يىلى. كىچىك (شۆبە) ھەربىي رايونلارغا بىۋاستە قاراشلىق ئىچكى ئامانلىق قوغداش ۋە شەھەر مۇداپىئە قىسمى .

4›قەشقەر خاڭدى: قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، كونا شەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر كەنت نامى بولۇپ، شەھەر مەركىزىگە 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. سابىق مىللىي ئاتلىق 3 ــ پولك خاڭدىدىكى گازارما رايوندا تۇراتتى.

5›ئاقاس داۋان: شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 110 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى 1 ــ چوڭ داۋان. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز بولۇپ، تولىمۇ تىك، تار، جىددى ئايلانمىلىرى كۆپ، خەتەرلىك ئۆتكەل.

6›سىرىق داۋان: شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 206 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى 2 ــ چوڭ داۋان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5040 مېتىرئېگىز. ھاۋاسى شالاڭ، ئىس ــ تۈتەكلىك، ئاپەتلىك ئېگىزلىك.

7›كۆكئارت داۋىنى: شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 335 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى 4 ــ داۋان، دېڭىز يۈزىدىن 4060 مېتىر ئېگىز، پادىيۇملىرى تىك، دائىم توپا ــ تاشلار گۆمۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تىك تاغ داۋىنى.

8›كەڭشۇەر: قارا قۇرۇم تاغلىرى ئۈستىدىكى سايىيايلاق بولۇپ، شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 435 كىلومېتىرلىق بۆلىكىگە جايلاشقان، بۇ جايدا ھەربىي، يەرلىك قاتناش بېكەتلىرى، تاشيول ئاسراش پونكىتى بار.1962 ــ يىلى ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش قوماندانلىق شىتابى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشقان، شۇ جەڭدە شېھىت بولغان ئىنقىلابى قۇربانلارمۇ دەل مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

9› كۇدە: بۇ تىپىك جەنۇبىي شىنجاڭ شىۋىسى بولۇپ، خەنزۇچە «جۇسەي» دېيىلىدىغان كۆكتات نامى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «كۇدە» قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ

ئاربسىدىكى ھاۋاسى ساپ، سۈيى ئەلۋەك، ئوت ــ چۆپلىرى بولۇق تاغ جىلغىسى بولۇپ، شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 135 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە. بۇ جايدا ھەربىي ۋە يەرلىك قاتناش بېكەتلىرى، تاشيول ئاسراش پونكىتى بار، شاۋقۇنلۇق گۈزەل خالاستان دەرياسى كۆلدىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

10›مازار دارا: ئۇ قارا قۇرۇم تاغلىرى ئاربسىدىكى سۈرلۈك، ئاپەتلىك جىلغا بولۇپ، شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 310 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە، بۇ جىلغا تاشقۇرغان ۋە پاكىستان زېمىنلىرىغا تۇتىشىدۇ.

11›شەيدۇللا: «سۆگەتقۇرۇل» دېمەك ئاتىلىدۇ. ئىلگىرى ئۇ خەرتىلەرگە «سەنشىلى يىڭگاڭ» (三十里营房) دەپ چۈشۈرۈلگەن، ئۇ شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولىنىڭ 365 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى سۆگەتلىك ئاۋات ئۆتەڭ. گوما ناھىيىسىگە تەۋە. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ جاي شىك شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى بولغان. بۇ جايدا ھەربىي ۋە يەرلىك قاتناش بېكەتلىرى، تاشيول ئاسراش ئوچاستكىسى ۋە چېگرا مۇداپىئە دوختۇرخانىسى بار. ئاپتور 70 ــ يىللاردا مۇشۇ ئۆتەڭدە تاشيول ئوچاستكا رەھبىرى بولغان.

12›تيەنفاڭچۈي: ئەينى يىللىرى پۇتكۇل قارا قۇرۇم ــ گاندىس ــ ھىمالايا مۇداپىئە قوغداش خىزمىتى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ زېممىسىدە بولۇپ، تيەنفاڭ چۆي، كوڭفاڭ چۆي، ئافاڭ چۆي دېيىدىغان ئۈچ چوڭ مۇداپىئە رايونغا ئايرىلغان. تيەنفاڭ چۆي بىلەن كۇڭفاڭ چۆي (كۆپ قىسمى) شىنجاڭ زېمىنى تەۋەسىدە، ئافاڭ چۆي ۋە كۇڭفاڭ چۆينىڭ بىرقىسمى شىزاڭ ئالى رايونى تەۋەسىدە ئىدى.

13›تيەنشۇيىندىيەن : يەنى «ئاسترونومىيىلىك نۇقتا». تيەنفاڭ چۆي دائىربسىدىكى جۇدۇن ــچاپقۇنلۇق، قارا ــ مۇزلار بىلەن قاپلانغان، يەر شارائىتى ئىنتايىن خەتەرلىك تاغ ئېغىزى. دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىرغا يېقىن ئېگىز. بۇ جاينىڭ نېمە سەۋەپتىن «تيەنشۇيىن ديەن»دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

14› ئەزىزۇپ قاسىم (1994 ــ 1926) ئاتۇشتىن. گېنىرال مايۇر. 1946 ــ يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئىزۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى، پولك شتاپ باشلىقى، مىللىي ئاتلىق 3 ــ پولك كوماندىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايون پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئۇرۇمچى قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 6 ـ، 7 ـ، 8 ــ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ «قىلىچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «مارشال ئىلھامى» ناملىق ئەسلىمىلەر توپلىمى، «ئۇرۇش ۋە قوماندانلىق» ناملىق ھەربىي

ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

15›يو فۇگۇڭ: خەنزۇ، شەنشى شىيەنياڭدىن، 1945 ــ يىلى ئىنقىلاپقا قاتناشقان. سابىق مىللىي 3 ــ ئاتلىق پولكىغا ئۇزۇن يىل سىياسىي كومىسسار بولغان، كېيىن پىيادە 6ــ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاپ باشلىقى ۋەزىپىلىرىدە بولۇپ ۋاپات بولغان، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت قوشۇنى ئىچىدە خىزمەت قىلغان مۇنەۋۋەر خەنزۇ رەھبەر.

16› مەتقاسىمۇۋ ئابدۇقادىر: 1926ــ يىلى ئاتۇش ئازاقتا تۇغۇلغان. 1945 ــ يىلى 8 ــ ئايدا نىلقا ناھىيىسىدە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيە ئوتدىلىنىيە كوماندىرى، ئېزۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى، خەلق ئازدلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، مىللىي ئاتلىق 3 ــ پولكتا روتا كوماندىرى، ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، يەكەن ناھىيىلىك خەلق قورallıق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. ئىلگىرى ــ كېيىن 1 ــ ، 2 ــ ، 3 ــ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ ئالاھىدە خاتىرىگە ئېلىنغان.

17› ستانكىۋاي پىلموت : ئۇ ئېغىر پىلموت (جۇڭجىچياڭ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ستۇۋۇلى ۋە زاتۇۋۇرى ئارلىقىغا ئۇق ئۆتمەس پولات دالدىلىغۇچ تاختا ئورنىتىلغان، كىچىك بىر جۈپ تۆمۈر چاقى بار، زەربە بېرىش ئۈنۈمى يۇقىرى پىيادىلەر قورالى.

18› ناۋۇتچىك: قورۇلغا ئالغۇچى پىلموت ئۇستىسى. پومناۋۇتچىك ــ پىلموتچىكنىڭ ياردەمچىسى.

19›ھەربىي ۋەزىپە ئاتالغۇلىرى: ئەينى يىللاردا ، جۇڭگو ئىنقىلابى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۈلگە قىلغانلىقتىن، نۇرغۇن ئىشلار شۇلارنىڭ ئەندىزىسى بويىچە بولغان ھەتتا، ئارمىيە تۈزۈلمىسى، ھەربىي ئۇنۋان، ئەمەل ــ مەنسەپ نامىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قېلىپى بويىچە بولغان. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئارمىيىسىدە ۋە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ60ــ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ۋاقىتلاردا ئازدلىق ئارمىيە مىللىي قىسىملىرىدىمۇ كۆپىنچە ئاتالغۇلار روسچە ئىدى. كېيىن تەدرىجى خەنزۇچىسى ئومۇملاشتى.

## شۇ كەملەردىكى بەزى ئاتالغۇلاردىن كىچىك لۇغەت

1 .كومپولكا ــ (تۇەنجاڭ) ــ پولك كوماندىرى
2.زامپولكا ــ (فۇتۇەنجاڭ) ــ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى
3.كومىسسار ــ (جېڭۋېي) ــ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي رەھبەر

4.ناچالنىك شتاب ـ (سەنمۇجاڭ) ـ ھەربىي مۇشاۋىر، شتاب باشلىقى
5.شتابىس ـ (سەنمۇ) ـ ھەربىي مەسلىھەتچى، شتاب ئوفىتسېرى
6.كومبات ـ (يىڭجاڭ) ـ باتالىيون كوماندىرى
7.زامكومبات (ياكى زامبات) ـ (فۇيىڭجاڭ) ـ مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى
8.ئىنستروكتور ـ (جياۋداۋيۈەن) ـ باتالىيون سىياسىي رەھبىرى
9.كومروت- (ليەنجاڭ) ـ روتا كوماندىرى
10. زامروت، زامكومروت ـ (فۇليەنجاڭ) ـ مۇئاۋىن روتا كوماندىرى
11.پولتروك ـ (زىداۋيۈەن) ـ روتا سىياسىي يېتەكچىسى
12.پومكوم (پومكوم ئېزۋوت) ـ (پەيجاڭ) ـ ئېزۋوت كوماندىرى
13. زامكوم (زامكوم ئېزۋوت) ـ (فۇپەيجاڭ) ـ مۇئاۋىن ئېزۋوت كوماندىرى
14. زاپخوز ـ (گۈەنلىيۈەن) ـ ئاساسى قاتلام تەمىنات ئوفىتسېرى
15.ئودىلكوم ـ (بەنجاڭ) ـ ئوتدېلېنىيە كوماندىرى
16.زامئودىلكوم- (فۇبەنجاڭ) ـ مۇئاۋىن ئوتدېلېنىيە كوماندىرى
17.سترويى ـ (جىخې) ـ رەتكە تىزىلىش، ھەربىي قىياپەت
18.تېرۋوگا ـ (جىگباۋ) ـ جىددى تەييارلىنىش سىگنالى، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى
19.پروپۇسكا - (كولىڭ) ـ پارول، شەرتلىك بەلگە، مەخپىي ئالاقە سۆزى
20.چاسۋوي ـ (زەنگاڭ، ساۋبىڭ) ـ قاراۋۇل، كۆزەتچى، پوست
21.رازۋۇدەش ـ (دەيساۋ) ـ قاراۋۇللۇق نۆۋەتچىسى
22.نار ـ (فۇبەن، بەنچۇاڭ) ـ تۇتاش تاختا كارۋات
23.گېتىل ـ (دەنىي، زاۋىي ) ـ ھەربىيلەرنىڭ يالاڭ چاپىنى
24.پىلاش ـ (يۈيى، فىڭيى) ـ يامغۇرلۇق، شامالدىن دالدىلاش كىيىمى
25.گەلەپى شىم ـ (ماكۇ) ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىشتىنى
26.ئىسكارخوت ـ (داتوشېي) ـ ئىچى يۇڭلۇق قىشلىق ئاياق
27.باكلاشكا- (شۈيخۇ) ـ سودان، ئۇسسۇزلۇق قاچىسى
28. كورۇشكا ـ (گاڭزا) ـ تۇنكا چاي قاچىسى
29. تېرمۇس ـ (نۇەنخۇ) ـ چايدان، قايناقسۇ قاچىسى
30.مىزگان ـ (جۇنخاۋ ) ـ ھەربىي سىگنال كارنىيى
31.پراۋۇركا ـ (ۋەن دىيەنمىڭ) ـ كەچلىك يوقلىما
32.ئوسكولكا ـ (دەنپيەن) ـ گىرانات ياكى زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىسى
33.سانچاست ـ (ۋېيىشىڭدۈي) ـ ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، ھەربىي شىپاخانا

34.ۋىتچاست ـ (شۈيزەن) ـ ھەربىي مالدوختۇرخانىسى
35.ئوبوۇرنى ـ (سىسو) ـ ھاجەتخانا، تەرەتخانا، خالىي جاي، (خالا)
36.ئاتستات ـ (گوڭگېڭجىك) ـ ھەربىلەرنىڭ تەمىنات كىنىشكىسى، تەمىنلىنىش ئىسپاتى
37.گازارما ـ (يىڭفاڭ) ـ ئەسكەرلەر ئولتۇراق رايونى، ھەربىي قونالغۇ
38.ئۇستاپ ـ (تياۋلي، تياۋلىڭ) ـ ھەربىي نىزام، قائىدە
39.مىشنا ـ (بازا) ـ قارا، نىشان، ئېتىش مەشقىدە قۇرۇلغا ئېلىش بەلگىسى
40.زاستاۋا ـ (بيەنفاڭ ساۋسۇ) ـ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى
41.بىناكول ـ (ۋاڭيۈەنجىڭ) ـ دۇربۇن، يىراقنى كۆزىتىش ئەسۋابى
42.ساپيۇر ـ (گوڭبىڭ) ـ ئىشچى ئەسكەر، قۇرۇلۇش قىسىم جەڭچىسى
43.نارەت ـ (چىڭۋۇ) ـ مۇلازىمەت تىپىدىكى پارچە خىزمەت
44.سىۋەز ـ (تۇڭشۈنيۈەن) ـ خەۋەرچى، يۈگۈر ـ يېتىمچى ئەسكەر
45.پاترول ـ (شۈنلوبىڭ) ـ چارلىغۇچى ئەسكەر، تەرتىپ نازارەتچىسى

## بۇ ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان مەنبەلەر ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن زاتلار

1.«خەلق ئارمىيىسى شىنجاڭدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـبېسىلىشى

2 .«كۆرەش قەھرىمانلىرىدىن ئۆگىنەيلى» شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى 1970 ـيىلى قىسىملارغا تارقاتقان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە ئوقۇشلۇقى .

ئاتلىق 3 ـ پولك سابىق سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، گېنېرال جاڭ مىڭرۇنىڭ سابىق ئاتلىق 3 ـ پولك ھەققىدىكى تارىخ ـتەزكىرە ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە كۆچۈرۈلمىسى

3.بۇ ماقالىدىكى ئاساسى ۋەقەلىك بىلەن تەمىنلىگەن، 1962 ـ يىلىدىكى جەڭنىڭ بىۋاستە قاتناشقۇچىسى، كورلا شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيونېرى، مەرھۇم روزى ئايۇپ ئاكا، بۇ ماقالىنى مۇھىم مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن 1962 ـ يىلىدىكى جەڭنىڭ بىۋاستە قاتناشقۇچىسى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئونۋېرسىتېتى ئىقتىساد ـ قانۇن فاكولتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، دوتسېنت، قەدىردان ئۇستازىم ئابدۇرېشىت ناسىرى

ئەپەندى ۋە قاغىلىق تاشيول باش ئۇچاستىكىسى مادىدىي ئەشيا ـ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كونا خىزمەتدىشىم، ئۇكا دوست يۈسۈپ ھاجى قۇربان ئەپەندىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

2003 ـ 2010 ـ يىللار. كورلا

www.kitaphumar.net

# پەزىلەتلىك جامائەت ئەربابى، داڭلىق شائىر، مەشھۇر يازغۇچى، يىتۇك ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىددىيۋى قاراشلىرى

**تۇردى سۇلتان**

(مەرھۇم ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقىغا بېغىشلاپ)

20 ـ ئەسىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى ، ھەممە كىشى تەرىپىنى قىلىدىغان ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشكەن جامائەت ئەربابى ، 《 ئىز 》 ، 《 ئۆمۈر ھەققىدە مەخەممەس 》 قاتارلىق ئېسىل شېئىرلىرى بىلەن ئومۇمىي ئېتىراپقا ، ياخشى باھالارغا سازاۋەر بولغان داڭلىق شائىر ، 《 شېئىر ۋە شائىر 》 ، 《 قاشتېشىغا مەدھىيە 》 قاتارلىق ئېسىل نەسرلىرى ۋە 《 ئىز 》 ، 《 ئويغانغان زېمىن 》 قاتارلىق نادىر تارىخىي رومانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ۋە تارىخى رومانچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان مەشھۇر يازغۇچى، 《 قۇتادغۇبىلىك 》 شۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىاتى ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا يۇقىرى ئابرويغا ، زور ئالقىش ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان يىتۇك ئالىم ئابدورېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر 1923 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىنىڭ قۇمۇل شەھرىدە تۇغۇلغان . 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ئۇ ئۆز ھاياتىدا بارلىق ئىجادىيىتىنى ۋەتەنگە ، خەلققە بېغىشلاپ ، خەلقنىڭ كۈلكىسىنى كۈلۈپ ، يىغىسىنى يىغلاپ ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا موھىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە زور تۆھپە قوشقان . شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ھاياتى ئارقىلىق ، بىر قاتار قىممەتلىك ئىدىيە ــ قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئىسپاتلاپ بەرگەن . تۆۋەندە مەن بۇ ئىنسانىي پەزىلەت ، ھۆرمەت ، شان ــ شەرەپ ۋە ئىستېدات ساھىبىنىڭ بىر قىسىم ئىددىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## ئۆتكۈر ئەپەندى : ئىنسانىي قىممەت ۋە پەزىلەت تۇغرىسىدا

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تۆھپىسى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ھەممە كىشى تەرىپىنى قىلىدىغان ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلىرى ، سېھرىي كۈچىگە ئىگە گۈزەل قەلبى بىلەنمۇ خەلق قەلبىدە يۇقىرى ئورۇنغا، يۈكسەك ئابرويغا ئېرىشكەن داڭلىق ئەدىب ۋە مەشھۇر ئالىم. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشلىشكەن قەددى-قامىتى ، خۇشخۇي ، كەمتەر ، سەممىي ، قىزغىن ، مېھماندوست ، چاقچاقخۇمار ، بىلىملىك ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى راۋا كۆرمەيدىغان ، باشقىلار بىلەن تۆز تالاشمايدىغان ئالىيجاناپ ئىنسانىي پەزىلەتلىرى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر زات ئىدى . مەرھۇمنىڭ زاماندىشى، يېقىن دوستى ، دەۋرىمىزدىكى يېتىشكەن تىلشۇناس ، داڭلىق ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ 《 زاماندىشىنىڭ ھەسرىتى 》 ناملىق ئەسلىمىسىدە : 《 ئۆتكۈر بولسا ئەزگۈلۈك ئىشلىرى بىلەن ئەزگۈ نامىنى قالدۇرغان ، قەلەمكەش دوستلارنىلا ئەمەس ، پۈتكۈل قوۋمنى ھەسرەتكە قويغان ئەزىز زات... ئۆتكۈر ئۆز خەلقىنى تونۇش ۋە خەلقىنى ئۆزىگە ھەم ئۆزگىلەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشتى ھەم يۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلدى... 》① دەپ يازغانىدى. ئۆتكۈر ئەپەندى يۇقىرىقىدەك ئىزگۈ پەزىلەتلىرى بىلەن مىللىتىمىز ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، قېرىنداش مىللەتلەر ، ھەتتا ، چەت ئەللىكلەر ئارىسىدىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى . شۇ ۋەجىدىن ، تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورى ھۇليا قاسساپئوغلۇ چەرگەنمۇ : 《 ئۆتكۈرنى كۆرۈش، ئۇنى قۇچاقلاش ، قولىغا سۆيۈش ــ دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىمنىڭ بىرىدۇر . 》② دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ، مۇھەببىتى ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۆز قەلبىدىكى يۈكسەك ئابرويىنى تەسۋىرلىگەنىدى . ئەلۋەتتە ، ئۆتكۈر ئەپەندىنى سېغىنىدىغان ، ئەسلەيدىغان ، تەرىپلەيدىغان ، ھۆرمەتلەيدىغان ئىنسانلارنىڭ يالغۇز بىر ياكى بىر نەچچە ، ھەتتا ، نەچچە ئون ، نەچچە يۈز بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ زاماندىشلىرىغا ئايان پاكىت .

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىزگۈ پەزىلەتلىرى ، قىممەتلىك ھاياتى ئەمەلىيتى ئارقىلىق ، بىر قاتار ئىنسانىي قىممەت ۋە پەزىلەت ھەققىدىكى يارقىن پىكرى، كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆز ئەمەلىيتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، يەكۈنلەپ چىققان بۇ كۆز قاراشلىرى ئەينى چاغلاردىمۇ ، بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ، كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتى ، تەسىرى ۋە نۇپۇزىنى يوقاتمايدۇ .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە《 ئالىم بولماق ئاسان ، بىراق ، ھەقىقىي ئىسمى- جىسمىغا لايىق ئادىمىيلىك پەزىلەت بىلەن ياشماق تولىمۇ قىيىن . 》③ ئىنسانىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ، مۇكەممەللىشىشىدە ئادىيمىي پەزىلەت ئىنتايىن موھىم ، ئادىمىيلىك پەزىلەت ــ ئالەمدىكى ئىزگۈ پەزىلەتلەرنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولۇپ ، ئۇ ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كامالىتىنىڭ ئاساسى .《 ئىنسانىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مەنىۋى كامالەت ھەممىدىن قىيىن . بۇنداق كامالەت ئىگىللىرى چىقمايدىكەن ، مەدەنىيەت تارىخى ئۈزۈلىدۇ. 》④

ئۆتكۈر ئەپەندى ئىنسان ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن ، ئىنسانىي پەزىلەتنى ئىزچىل ئۇلۇغلاپ كەلگەن شائىر . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىنسانىنىڭ قىممىتى ــ ئىنسانىي پەزىلەتتە . بۇ ھەقتە ئۇ بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق يازغان :

《 قارىغاينىڭ كۆكلۈكى ــ ئۇنىڭ زىننىتى ،  
تۈزلۈكى ــ ئۇنىڭكى قەدىر- قىممىتى.  
ھەر كىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز،  
ئەل ئىچىدە ساقلىنار ئىززەت- ھۆرمىتى . 》⑤

بۇ رۇبائىيدا ئۆتكۈر ئەپەندى ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ھاياتنىڭ زىننىتى ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە، راستچىللىقنىڭ موھىم پەزىلەت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆز ئۆمۈر مەنزىلى ، ھاياتىدىن يەكۈنلەپ چىققان مۇنداق بىر قىممەتلىك قارىشى بار . ئۇ مۇنداق قارايدۇ : ئىنسان ھامان ئۆلىدۇ . ئادەم مەيلى ياخشى ، مەيلى يامان ، مەيلى شاھ ، مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى ئۇلۇغ ئەرباب ياكى ئاددىي ئادەم بولسۇن ، ئۇنىڭ ھايات قىممىتى ئۆزىگە باغلىق ، ئادەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى يارىتىدۇ . ئادەمنىڭ ئەمگىكى ، خۇي ــ پەيلى ، ئىش ــ ھەركىتى، گەپ ــ سۆزى... قانداق بولسا ، ئۇنىڭ سۈپىتى ، قەدىر ــ قىممىتى ، ئورنى ، مەغلۇبىيەت ، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، ئۆمۈر مەنىسى ھەم شۇنداق بولىدۇ . ئۇ بۇ ھەقتە ، 《 ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس 》 ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئابىدە قالدۇرغان :

《يېتىپ كۆز سوغ شامال تەگكەچ، غازاڭ بولغان كەبى ياپراق،  
ئۆمۈر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دۆۋە تۇپراق.  
بۇ تۇپراقتا ئۇنەر بەزەن تىكەن ياكى خۇنۇك قامغاق،

ئىچىلغاي بەزىدە گۈللەر، چىچىپ خۇش ئەتىرنى ھەرياق،
دىمەك ، ھەر كىم بىرۇر شەخسەن ئۆمۈرگە ئۆزى قىممەتنى .》⑥

بۇ يەكۈن بىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پايدىلىنىشقا ئەرزىگۈدەك بىر گۆھەر ، ئەلۋەتتە. قاراڭ ، مۇنۇ رۇبائىيسىغا :

《 ئىككى پۈتلاپ ماڭىمىش ئىپقمۇ بەزەن تىك بولۇپ ،
ئەرلا بولسا ئەر ئەمەس ، ئادەم سياقى بولمىسا.
ئادىمنى ئادىمي ئەتكەن ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس،
ھۆسنى بىر سۈرەت ئىرور ، دىلىنىڭ چىراغى بولمىسا . 》⑦

ئۆتكۈر ئەپەندى ئادىميلىك سياقى ، پەزىلەتى بولمىغان ئەرلەرنىڭ ئەر ئەمەس ، بەلكى ، ئىپىق ئىكەنلىكىنى ، ئادەمنىڭ ئادىميلىك قىممىتى ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس ، بەلكى ، ئىنسانىي پەزىلەتى ، قەلب گۈزەللىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن .

ئۆتكۈر ئەپەندى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ، قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق يازغان :

《ياخشىدىن كەلسە يامانلىق ھەم ئاڭا قىل ياخشىلىق،
يانمىسا ئاندىن ساڭا ، يانغاي پالاندىن ياخشىلىق.
ئىستە ئۆتكۈر ياخشىلىقنى بارچە ئەۋلاد بەختىگە،
كۆرمىسەڭ ھېچگەپ ئەمەس ئەھلى جاھاندىن ياخشىلىق.》⑧

ئۇ باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىش ، دەردىگە دەرمان بولۇش ، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ۋە قايغۇسىدىن شادلانماي ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىنىڭ گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

《باغرى قان بولغان كىشىنىڭ دەردىنى دەردمەن بىلۇر،
دەردى يوق بىدەرد كىشلەر بەلكى دەردمەندىن كۈلۈر.
كۈلمىگەي ھېچكىم بىراۋدىن ، ئۆتنە ئالەم بۇ جاھان،

ياخشنى يامان دېگەن يامان ئۆزى قالماس ئامان .⑨

ئۇ ۋاپادارلىقنى ، ۋىجدانىنى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ بىرى دەپ قاراپ ، ۋاپادارلىقنى ، ۋىجدانىنى ئۇلۇغلاپ ، ۋاپازىسزلىق ، ۋىجدانسىزلىقنى نەپرەپ ئوقۇپ ، بىر رۇبائىيدا مۇنداق يازغان :

《 ئۇنىڭكىم دوست دېمە، راھەتتە ئىناق،
ئايرىلسا سىنىڭدىن غۇربەتتە بىراق.
سايەڭگە نەزەر سال تەپەككۇر بىلەن،
يورۇقتا بىللە يۇر ، زۇلمەتتە يىراق.⑩

ئۆتكۈر ئەپەندى 《ئەينەك》 ناملىق شېئىرىدا ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەينەكنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ، خالىسلىق ، راستچىللىق ، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنىڭ ئادىمىيلىك قىممەتتە موھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ، ئادەملەر مۇشۇ گۈزەل ئىنسانىي سۈپەتلەرنى جارى قىلدۇرسا ، ئىنسانىي قىممىتىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرالايدىغانلىقىنى ، ئەكسىچە بولغاندا ، ئىنسانىي قىممىتى يوقىلىدىغانلىقىنى مۇنداق يورۇتۇپ بېرىدۇ :

《نېمىدېگەن قالتىس نېمە ئەينەك دېگەن،
كىم ياساپ چىققان بولغاي دەسلەپ ئۇنى.
سۇندۇرۇپ تاشلانسىمۇ ، ھەر پارچىسى-
كۆرستەر ھەر نەرسىنىڭ دەل ئەينىنى.
سەتنى ئۇ پەرداز بىلەن قىلماس گۈزەل،
بىر گۈزەلنى سەت قىلىپ قويمايدۇ ھەم.
ھەر كىشى بولالىسا ئەينەك كەبى،
دېگۈلۈك شۇنداق كىشىنى چىن ئادەم .⑪

ئۇ تاشقى گۈزەللىكنىڭ ھامان پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى، بىر مەزگىل باشقىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ ئەتىۋارلانسىمۇ ، ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ئىچكى گۈزەللىكنىڭ دەماللىققا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىسىمۇ ، ھامان ئەتىۋارلىنىدىغانلىقى، ئالقىشلىنىدىغا-نلىقىنى 《 قاپاق》 ۋە 《 ياڭاق 》 ئوبرازى ئارقىلىق مۇنداق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ :

《خام قاپاقنىڭ ئىچى لەشتۇر، پارقىراق تۇرغان بىلەن،
مېغىزى شېرىن ياڭاق ، تېشى قوتۇر بولغان بىلەن .⑫

( 《 سەرلەۋھىسىز شېئىرلار 》دىن)

ئۆتكۈر ئەپەندى ھاكاۋۇرلۇق ، مەمەدانلىق ، پوچىلىقنىڭ ھامان مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ، كەمتەرلىك ، سەممىيلىكنىڭ ئىنساننىڭ قەدىر ــ قىممىتىنى نۇرلاندۇرىدىغان موھىم ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى 《 سۇۋادان تېرەك 》 ۋە 《 مەجنۇنتال 》 ئوبرازى ئارقىلىق مۇنداق سۈرەتلەپ بېرىدۇ :
《سايە بەرمەيدۇ سۇۋادان غادىيىپ ئۆسكەنسېرى،
بەلكى ئاسان سۇنغۇسى بوران ـ شامال تەگكەنسېرى،
سۇ بويىدا جىلۋە قىلغان لەيلى مەجنۇن تالنى كۆر،
ئاشىدۇ كۆركى ئۇنىڭ ئۆز قەددىنى پۈككەنسىرى . 》⑬

(《 سەرلەۋھىسىز شېئىرلار 》دىن .)

ئۆتكۈر ئەپەندى ھاكاۋۇرلۇق ، كۆرەڭلىكنىڭ ئىنسانغا خاس پەزىلەت ئەمەسلىكىنى ، ئىنسان ھەر قانچە زور نەتىجىگە ، شان ـ شەرەپكە ئېرىشسىمۇ ، يەنىلا كەمتەر بولۇشى لازىملىقىنى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق سۈرەتلەيدۇ :

《 ھەر قانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئوزۇقى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا تۇرار . 》⑭
ئۇ بۇ ھەقتە يەنە بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ :
《 بۇيۇك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر،
ئۆزىگە تەمەننا قويماس يىگىت ــ ئەر.
كۆر پىلە قۇرۇتى چىغىدا ھەر يىل،
پۇتتۇرگەچ غوزىنى ، بى مىننەت ئۆلەر . 》⑮

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى : قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلىش، ئۆز نەتىجىسىدىن، تۆھپىسىدىن ماختىنىپ ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش يىگىتلىك ( ئەرلىك ) خىسلىتى ، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر جۈملىسىدىن ئەمەس.

ئۇ يەنە كۆرەڭلىك ، مەنمەنچىلىكنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق يازىدۇ :

《ئەزىم دەريا ئاقار شاۋقۇن ــ سۈرەنسىز،
نى ئەرلەر قالدى چۆل ــ دەشتتە كېپەنسىز.
نە ھاجەت كۆرەڭلەش بىزگە ئەي دوستۇم،
ئايلىنىۋېرەر يەر سەنسىز ھەم مەنسىز . 》⑯

ئۆتكۈر ئەپەندى غەيۋەتخورلۇقنىڭ ئىنسانىيلىك قەدىر ــ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ، ياخشى ئوبرازىنى بەربات قىلىدىغان يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى ، غەيۋەتخورلار ھەر قانچە بىلىملىك ،يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ ، بەربىر زەھەرلىك چايانغا ئوخشاش باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان خەتەرلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ،شۇڭا ، ھەر بىر ئىنسان غەيۋەتخورلاردىن ھەر ۋاقىت ئاگاھ بولۇشى كېرەك دەپ ، غەيۋەتتىن قەتئىي ساقلىنىش ھەققىدە مۇنداق دەپ تەۋسىيە ، نەسھەت قىلىدۇ :

《 ئۇنىڭكىم دوست دېمە، غەيۋەتكە ماھىر،
سېنى ھەم قويمىغاي بىر چەتتە ئاخىرى.
مىسالى شۇكى ، چايانغا بەرى ئوخشاش ـ
قېرى ــ ياشۇ ، بوۋاق ، دانىش ، ئاكا بىر . 》⑰

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆز ئارا پايدا ــ مەنپەئەت تالىشىپ ، ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇش ئىنسانىي پەزىلەتكە يات ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەكىتلەپ ، مۇنداق يازىدۇ :

《 ئاسمانغا نەزەر سال ، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.

جاھان كەڭرى دوستۇم ، يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆڭەك تالاشماق . 》⑱

ئۆتكــۈر ئەپەنــدى ھاياتنىــڭ سانســىز قىســمەتلىرىگە بــايلىقى ، ئوڭــۇشســىزلىق ، مەغلۇبىيەتنىــڭ ھەر قەدەمــدە ئــۇچراپ تۇرىــدىغانلىقىنى ، ياخشــىلارنىڭمۇ بەزىــدە بىھــۇدە خارلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ :

《سۇۋادان تېرەككە تاش ئاتماس كىشى،
سەۋەب شۇكى يوقتۇر ئۇنىڭ يېمىشى.
يېمىشلىك دەرەخكە تېگىپ كۆپ تاياق.
ھەمىشە يېرىقلىق تۇرىدۇ بېشى . 》⑲
《شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،
مۆلدۈرگە باھارۇ ــ كۈز بىردەك ئىمىش.
ئۇتتۇق يوق دېمە ئوڭۇشسىزلىقنى،
كىشلىك ھايات شۇ دېمەك ئىمىش . 》⑳

دەپ يازسا ، ئىنسان ھەر قانداق ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندىمۇ ، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك ، ئۇلۇغ غايىگە ئىگە بولۇپ ، ھاياتنى نۇرلاندۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ :

《ئاقار دەريا يۈزىمۇ ، قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.
ئۇلۇغ غايە بىلەن سۇغىرىلسا دىل،
ئۇنىڭدا تۆت پەسىل ھەمىشە باھار . 》(21)

ئۆتكۈر ئەپەندى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ، يالغانچىلىقتىن يىراق بولۇشىنى گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ بىرى دەپ ئۇلۇغلايدۇ ۋە بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق يازىدۇ :

《يالغانچىنىڭ تىلى چېچەكسىز پىلەك،
چېچەكسىز پىلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.
ئۇزارغانسېرى ئۆز ئىگىسىنى،

بوغدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك .》(22)

مانا بۇ شائىرنىڭ يالغانچىلىقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقىنى ، ئەكسىچە ، ئۆز ئىگىسىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئوبرازلىق نەسىھىتى .

ئۇ ھەق ، توغرا يولدا مېڭىش ، مەردانە بولۇش ، ئۆزىگە ئىشىنىشكە ، ھەق ــ ئادالەتنى، ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئۈندەپ مۇنداق يازىدۇ :

《يولۇڭ توغرا بولسا مەردانە بولغىن،
ھەقىقەت شامىغا پەرۋانە بولغىن.
بولسا ئىشىڭ ھالال ، تۆت كوچىدا ئىچ ،
دەيدۇ ئەل ، ھەق ئۈچۈن قۇربانە بولغىن . 》 (23)

## ئۆتكۈر ئەپەندى : بىلىم ۋە نادانلىق توغرىسىدا

ئالىمنىڭ ھاياتىدىكى مول مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى ، ئېرىشكەن شان ــ شەرەپلىرى، تەسىرى ۋە نوپۇزىنى مول بىلىمى ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . ئۆتكۈر ئەپەندى كاتتا ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىلىمنى قەدىرلىگەن ئۇلۇغلىغان ، بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىنىمسىز ئىزدەنگەن ، شۇ قاتاردا بىلىم ھەققىدە ئۆزگىچە ۋە قىممەتلىك يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، بىلىم زور كۈچ قۇدرەتكە ، ئالەمشۇمۇل ئىقتىدارغا ئىگە . بىلىم ــ ئىنسانلارنى بەخت ــ سائادەتكە، ھەقىقىي ئادىمىي قىممەتكە ئىگە قىلىشتىكى قورال . بىلىم ــ بەدىئىيلىك بىلەن مەدەنىيلىكنىڭ پەرقلەندۈرگۈچ ئاملى، 《 ئىنسان بالىلىرى بىلىم ، ئەخلاق ئىگىسى بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ، بەدىئىيلىكتىن مەدەنىيلىككە قەدەم قويىدى . 》 (24) بۇ ھەقتە ، ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆز رۇبائىيلىرىدا چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ، مول پەلسەپىۋى ھېكمەتكە تويۇنغان قاراشلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن مۇنداق شەرھىلىگەن :

《《 قۇتادغۇ 》(25)نى پۈتكەن 《 خاس 》 (26)
بىلىكتىن تاقىدى ئاساس.
بىلىكتىن مەھرۇم كىشى،
ئوچۇق كوردۇر ھەمدە گاس . 》 (27)

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ رۇبائىيسىدا ، بىلىك (بىلىم)دىن مەھرۇم كىشىنىڭ كۆزى ئوچۇق كور، قۇلىقى ساق گاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن .

《 بىلىم ــ ئۇ يوقۇلىسىز بىر ئۇچقۇر تۇلپار،
مىنەلىگەن كىشى مۇرادقا يېتەر.
ئۇ شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىدۇركى،
قارا تاش ئۈستىگە تېرىساڭ ئۈنەر . 》 (28)

بۇ رۇبائىيدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، بىلىم ــ كىشىنى مۇراد ــ مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان ئۇچقۇر تۇلپار ھەم قارا تاش ئۈستىگە تېرىسىمۇ ئۈنىدىغان قۇدرەتلىك ئۇرۇق .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، بىلىمنى باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىشقا مۇمكىن ئەمەس . باشقىلارنىڭ بىلىمگە تايىنىپ جان بېقىش تەمەسىدە ياشاش ــ ۋىجدانلىق كىشى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك نومۇستۇر . بىلىمنى تېرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . بىلىم ئېلىش ئاسان ئەمەس ، بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر قانداق جاپا ــ مۇشەققەت ، توسقۇنلۇقلاردىن قورقماسلىق ، قىلچىمۇ ساختىلىق قىلماسلىق كېرەك، مۇنۇ رۇبائىي سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر :

《 قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە يا،
ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا.
ئىندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى،
قەلبىڭدە گەر بولساق تېرىقچە رىيا. 》 (29)

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ، بىلىمنىڭ ئىنتايىن چەكسىزلىكىنى ، ئادەم ھەر قانچە ئۆگەنسىمۇ ، بىلىمنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ، شۇڭا ، مەڭگۈ تېرىشىش لازىملىقىنى مۇنداق يازىدۇ :

《كىشى ھەر نەرسىنى بىلمەككە ماھىر ،
بىلىپ بولماققا لېكىن ئۇ ئەمەس قادىر.
ئارىستوتىلدەك ھېكىممۇ ئېيىتقان ئىدىكى:
بىلگەنسېرى بىلدىم بىلمەسلىكنى ئاخىر . 》 (30)

بىلىم ئېلىشتىكى مەقسەت ــ نام ــ نىشان ، شان- شۆھرەت ، مال ــ دۇنيا ، پۇل بايلىققا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى، ئەل، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئادىمىي بۇرچىنى ئادا قىلىشتۇر . شۇڭا ، بىلىم ئېگىلەشتىكى مەقسەت ، مۇددىئا ئېنىق ، توغرا ساغلام بولۇشى كېرەك . بىلىمنى توغرا ، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش كېرەك . 《قورساقتا بىلىم بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ . ئۇنى قانداق ئىشلىتىش ، نېمىگە ئىشلىتىش تولىمۇ موھىم .》 (31) مۇنۇ رۇبائىينى ئەقىل كۆزىمىز بىلەن ئوقۇپ ، ياخشىراق تەپەككۇر قىلساقلا ، ئۆتكۇر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىغا تېخىمۇ قايىل بولىمىز :

《 بىلىملىكتىن مۇراد ــ نام نىشان ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش ــ رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساق،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا ئۇشبۇ بەستۇر . 》 (32)

ئۆتكۇر ئەپەندى بىلىمنى شۇ قەدەر ئۇلۇغلايدۇ . نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقتىن قاتتىق يىرگىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ 《 خۇراپاتلىققا چوقۇنۇش ، ئىشىنىش نەتىجىسىدە خەلق ئۆزىنىڭ بەخت- سائادىتىنى پايمال قىلىدۇ . 》(33) دەيدۇ .

ئۆتكۇر ئەپەندىنىڭ بىلىمنى ئۇلۇغلاش ، نادانلىق ۋە خۇاپاتلىقتىن نەپرەتلىنىش ئىدىيىسى نوقۇل ھالدا قۇرۇق ۋەز ــ نەسىھەت تەرىقىسىدە ئەمەس ، بەلكى ، كۈچلۈك ھېسسىيات ، مول تەسەۋۋۇر ، ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇب ، مۇكەممەل بەدىئىي ئوبراز ، ئىبرەتلىك ھەم كۆپ قاتلاملىق ، ئەھمىيەتلىك مەزمۇن ، ۋەقەلەر ئارقىلىق تېخىمۇ مۇۋەپپىقىيەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بىز ئۇنىڭ 《 ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك 》ناملىق مەشھۇر شېئىرىي چۆچەكى بىلەن 《 ئويغانغان زېمىن 》 ناملىق مەشھۇر تارىخىي رومانىدىكى بەزى پاكىتلارنى كۆرسەك ، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز .

مەزمۇن كۆپ قاتلاملىقىغا ۋە پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە نادىر ئەسەر ــ 《 ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك 》 ناملىق شېئىرىي چۆچەكتە مۇنداق بىر تەپسىلات بار: بىر تۇل ئايالنىڭ ئوغلى شەھىرى قەمەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر پادىشاھلىقنىڭ مەلىكىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە مەلىكىگە ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ . مەلىكە تويلۇق ئۈچۈن يىگىتتىكە ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېسىپ ئېلىپ كېلىش شەرتىنى قويىدۇ . بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، ئانا پەرزەنتىنىڭ بەختى ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشقا رازى بولىدۇ . يىگىت ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ . يۈرەك ئانىنىڭ تىنىگە قايتىپ ، ئانا تىرىلىدۇ . يىگىت

بولسا باشقا بىر ئەلگە كېتىپ ، ئۆز يۇرتىنى بېسىۋېلىش قەستىدە يۈرگەن قارانىيەت پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ ھەمدە پادىشاھنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ، قوشۇن باشلاپ ئۆز يۇرتىغا تاجاۋۇز قىلىپ ، نۇرغۇن يۇرتداشلىرىنى ، قېرىنداشلىرىنى بىھۇدە قىرىپ تاشلايدۇ . بۇ چاغدا ، ئانا ئۆز ئوغلىنى تونۇپ قېلىپ ، ئۇنى قەتلە قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۆز يۇرتىنى قوغداپ قالىدۇ. بۇ ئەسەردە ، بىزنىڭ تېما زۆرۈرىيتى سەۋەبىدىن ، تەھلىل قىلىدىغىنىمىز ــ يىگىتنىڭ پاجىئەسىدۇر . بۇ ھەقتە ، يېتىلىۋاتقان ياش ئوبزورچىمىز كېرىمجان ئابدۇرېھىم مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ : 《 بىر قاراشتا ئوغلىنىڭ ئاشۇ بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرىگە ، شۇنداقلا ، پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان قىزنى ــ ھېچكىمگە قىزىقمايدىغان ، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى شاھ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى سەۋەبچىدەك كۆرۈنىدۇ . دەرۋەقە ، ئوغلىنىڭ شاھ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەبىدىن ئەقلىدىن ئېزىشى بۇ بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ پاجىئەلەرنىڭ باشلىنىش نوقتىسى ۋە سەۋەپچىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ ، لېكىن ، ھەرگىزمۇ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلانمايدۇ… ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ مەنبەسى زادى نەدە ؟ بۇ مەنبە باشقا يەردە ئەمەس ، بەلكى ، ئوغلىنىڭ ئەقلىدە… ئانا سۆزلىرى ئارقىلىق ئوغلىنى ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ . ئەمما ، ئوغۇل ھېسسياتىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلالمايدۇ . ئاخىرى ئەقلىدىنمۇ ئېزىپ ، ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن ، ئۆز ۋەتىنىنى باشقىلارنىڭ مۇنقەرز قىلىشىغا ياردەم بېرىشتىن يانمايدۇ . ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ رەزىل قىلمىشلىرى ئۈچۈن ، ھېچبىر ۋىجدان ئازابى تارتمايدۇ . ئۇ ئەقىلگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقى ، ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ، شۇنداق شەخسىيەتچى ، شۇنداق ياۋۇز ، شۇنداق قارام ھەم شۇنداق نادان بولۇپ كېتىدۇ . 》(كېرىمجان ئابدۇرېھىم . 《 ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە 》 . 91 ــ 92 ــ بەتلەر . ) دېمەك ، ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق ، يۇقىرقىدەك بىر قاتار پاجىئەلەرگە ئەقىلسىزلىقنىڭ ، نادانلىقنىڭ مەنبە بولغانلىقىنى ، ئىنسان ئەقىلسىز ، نادان بولسا ، ھەر قانداق بالادىنمۇ يانمايدىغانلىقىنى ، ھەتتا ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ، ئۆز يۇرتىنى دەپسەندە قىلىشتىنمۇ يانمايدىغانلىقىنى مۇكەممەل شېئىرىي شەكىل ، تاۋلانغان تىل ، ئىبرەتلىك ۋەقەلىك ، مۇۋەپپىقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئەقىلنى ، ئەقىلنىڭ ، بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە موھىملىقىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھىرلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىپ ، بىزنى بىلىم ئېلىشقا ،نادانلىقتىن يىراق بولۇشقا ئۈندەيدۇ .

ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدىغان 《 ئويغانغان زېمىن 》 رومانىدىمۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىلىم ۋە نادانلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىنتايىن ماھىرلىق

بىلەن ئۆتتۈرىغا قويۇلغان . ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ تارىخىي رومانىدا نادانلىق ھەققىدە جىرجىس ھاجى تىلى ئارقىلىق مۇنداق يازىدۇ : «... بىز ئۇيغۇرلار تارىختا شانۇ ــ شەۋكەتلىك ئىشلارنى قىلغان ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك مىللەت بولساقمۇ ، كېيىن ، جەبىر ـ زۇلۇم ، قۇللۇق ، ئاسارەت تۈپەيلى ، قالاق ، نادان ، قاششاق بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالغانمىز . نادان مىللەتتە مەنىۋىي ئىللەت كۆپ بولىدۇ . پۇلغا ، مەنسەپكە ، خوتۇنغا ھېرىسلىق ، خوراپاتلىققا ئىشىنىش ، يۇرتۋازلىق ، قەبىلىۋازلىق ، ئاچكۆزلۈك ، ئۆز غۇرۇرىنى ساقلىماسلىق ، ھەر كىم ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ، مىللەتنى ئويلىماسلىق ، خۇلاسە كالام ، نادانلىق ، نادانلىق ۋە يەنە نادانلىق ــ مانا بۇلار ئۇزاق يىللىق ئاسارەتنىڭ مىللەت روھىغا باسقان مەرەز تامغىسى...» (34) مانا بۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نادانلىقنىڭ ھەممە پاجىئەنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاجايىپ قىممەتلىك يەكۈنى . ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە مەزكۇر رومانىدا ، پۈتكۈل شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان ، ئازادلىق ، ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك يولىدا ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ، شېڭ شىسەيدەك قانخور جاللاتلار ، زوراۋان ، ۋەھشىي ھۆكۈمران كۈچلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا نادانلىقنىڭمۇ سەۋەب بولغانلىقىنى مەھمۇت موھىتنىڭ خېتى ئارقىلىق مۇنداق يازغان : « بىز بەك ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىشنى باشلىغانىدۇق . بۇ ئىشقا پۈتۈن بارلىقىمىزنى ئاتىغان ئىدۇق . نىيىتىمىز خالىس بولغىنى ئۈچۈن ، پۈتكۈل ئەل ـ يۇرت بىزگە ئەگەشكەن ، ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغانىدى . ۋاي ئېست ، ئاخىرى يېڭىلىپ قالدۇق . يېڭىلىشىمىزغا نادانلىقىمىز سەۋەب بولدى . نادانلىقىمىز ۋەجىدىن ئالداندۇق ، ئالداندۇق ، بەكلا ئالداندۇق . دۈشمىنىمىز بۆكىمىزگە جىگدە سالسا ئۈنى تۈيمىدۇق . ھېچكىم بىزدەك ھاماقەت بولماس!...» ( ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر « ئويغانغان زېمىن » ناملىق تارىخىي رومان . 2 ـ قىسىم . ) ئۆتكۈر ئەپەندى يۇقىرى بايانلىرى ئارقىلىق شۇنچە مەشھۇر ، كەڭ كۆلەملىك ، مۇئەييەن تەشكىللىي ، ماددىي ئاساسقا ئىگە ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ، ھېمايىسىگە ، ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن چوڭ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى نادانلىق ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىپ ، نادانلىق مەۋجۇت بولغان يەردە مەغلۇبىيەت بولىدىغانلىقى ، ھەر قانچە قۇدرەتلىك كۈچمۇ نادانلىق ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالسا ، مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى مول تارىخىي ۋەقەلىك ، يۈكسەك بەدىئىي ۋە تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا سۈرەتلەپ ، نادانلىقنىڭ ئېغىر زىيىنىنى ، پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، بىزنى نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا ، بىلىم ئېلىشقا ، بىلىم ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ، مىللىتىمىزنى ، خەلقىمىزنى كۈچەيتىشكە ، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ .

شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى ، ئۆتكۈر ئەپەندى «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «غەزەل» ماۋزۇلۇق بىر غەزىلىدە «

ئەقىلسىز تەلۋە دوستلاردىن زىيرەك دۈشمەن ئىمىش ياخشى 》 دەپ يازىدۇ . ئەلۋەتتە ، دۈشمەن ياخشى بولمايدۇ . ئۇ بىزگە ياخشىلىق ، ئاسايىشلىق تىلىمەيدۇ . ئەكسىچە ، يامانلىق ، قايغۇ ــ ئازاب ، مەغلۇبىيەت ، ھالاكەت تىلەيدۇ . بىراق ، تارىخىي قىسمەتلەر ۋە ئىبرەتلىك تۇرمۇش رىئاللىقىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، زىيرەك دۈشمەن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ، بىزگە ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ، كۈرەشنىڭ ئەھمىيىتىنى ، زىددىيەتنىڭ رولىنى تونۇتىدۇ . بىراق ، نادان ، ئەقىلسىز ، تەلۋە دوستتىن بىزگە كېلىدىغىنى ۋاپا ئەمەس ، بەلكى ، كۆپ ھاللاردا يامانلىق ، خىيانەت ۋە ھالاكەت بولىدۇ . شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۆتكۈر ئەپەندى ئېيتقانىدەك نادان ، ئەقىلسىز ، تەلۋە دوستتىن زىيرەك دۈشمەن ياخشى . مانا بۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىلىمىنىڭ موھىملىقى ، ئەھمىيتى ، نادانلىقنىڭ زىيىنى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ھەققىدىكى قارىشىدىكى ئۆزگىچە يەنە بىر يەكۈن .

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : يازغۇچى توغرىسىدا

ئۆتكۈر ئەپەندى داڭلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن ، ناھايىتى كۈچلۈك دەۋىر روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، پىكىر ـ ئىدىيىسى چوڭقۇر ، ھېسسىيات ــ لىرىكىغا باي ، تىلى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ، موھىم ئىجتىمائىي ، مەنىۋى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ئوبيېكتى قىلغان ، بەدىئىي ئوبرازلىرى سىمۋوللۇق ۋە بىشارەتلىك مەنىگە باي ، ئېستېتىك تۇسى قويۇق ، تىلى چۈشىنىشلىك ، مەنتىقىلىق ، مۇھاكىمىلىك ، قايىل قىلارلىق ، تاللانغان ، تاۋلانغان ، قاپىيىلىك ، ئاھاڭدارلىققا تويۇنغان 《 قاشتېشىغا مەدھىيە 》 ، 《 شېئىر ۋە شائىر 》... قاتارلىق نەسرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان نەسرچىلىكىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقان ھەمدە تارىخ بىلەن رىئاللىقنى ئاجايىپ بەدىئىي دىت بىلەن سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بىرلەشتۈرەلىگەن ، تارىخنى ھەققىي مەنىدە بەدىئىيلەشتۈرگەن ، تىلى پاساھەتلىك ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلغان ، تارىخىي چىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ، پېرسوناژلىرى جانلىق ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى ، كۆپ تەرەپلىمە مەنە قاتلاملىرى ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ، پېرسوناژلار خاراكتېرى ئېنىقكە ، نەپىس تەسۋىرلەنگەن ۋە مۇۋەپپىقىيەتچىلىك يارىتىلغان ، چىنلىق تۇيغۇسىغا ۋە ئۆزگىچە خاسلىققا باي بولغان راۋان ، جەلپكار ، ئۆزگىچە قۇرۇلما ئارقىلىق تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ، بەدىئىي مەپتۇنكارلىققا ئىگە ، مەزمۇن ــ ئىدىيە جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىققا ، شەكىل ، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ھەر خىل مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ، يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ، تارىخىي ۋەقەلەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بەدىئىي

www.kitaphumar.net

ئىپادىلەش ، تەسۋىرلەش سەۋىيىسى يۇقىرى ، بەدىئىي ئوبرازلىرى تارىخىي چىنلىققا ھەم خاراكتېر چىنلىقىغا تويۇنغان ، ئوقۇرمەنلەرنى مول تارىخىي بىلىمگە ئىگە قىلالايدىغان ، مول پەلسەپىۋى پىكىرگە ، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە « ئىز » ۋە « ئويغانغان زېمىن » قاتارلىق داڭلىق تارىخىي رومانلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ، نۇرلۇق مەنىۋى ھەيكىلىنى تىكلەپ ، ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان تالانتلىق ، شۆھرەتلىك يازغۇچى . ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قىممەتلىك يەكۈن ، پرىنسىپلارنى ئىسپاتلاپ چىقتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، « يازغۇچى بىلىم ۋە غايىنى رەھنامە ، تۇرمۇشنى مەنبە ، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇرنى خەزىنە ، سەممىيلىكنى ئىجادىيەت پرىنسىپى ، ئەستايىدىللىقنى مەڭگۈلۈك ئادەت ، تىل ماھارىتىنى قورال قىلىش كېرەك . »(35) « يازغۇچى ياكى سەنئەتكارلارنىڭ مەيدانى ، نوقتىنەزىرى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىردەك بولالىغاندىلا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، تونۇش ۋە ئىپادىلەش كۈچى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاندىلا ، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇيالايدۇ ھەم توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ »(36) ـ دەيدۇ ئۆتكۈر ئەپەندى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت قارىشى ھەققىدە توختىلىپ .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، « يازغۇچى ئۆزى يېزىۋاتقان ئەسەرنىڭ ئىچىگە ھېسسىيات جەھەتتىن پۈتۈنلەي كىرىپ كېتىشى لازىم . چۈنكى ، يازغۇچى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ يازغان ئەسەر كىتابخانلارغىمۇ تەسىر قىلالايدۇ . »(37) شۇندىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ، ياخشى ئەسەر مەيدانغا كېلىدۇ .

يازغۇچىنىڭ تىلى جانلىق ، ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك ، پېرسوناژلار خاراكتېرى ، ئىجتىمائىي موھىت ۋە پىسخىك خاسلىققا ماس بولۇشى ، مەجازى ۋاستىلەرگە تويۇنغان بولۇشى ، ئۆزى مەنسۇپ بولغان خەلقنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇشى كېرەك . شۇڭا ، بۇ ھەقتە ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : « بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قوللانغان تىلى ئاساسەن دېگۈدەك تەرجىمە تىلى، بىر قىسىم ئەسەردىكى ساۋاتسىز پېرسوناژلار خۇددى داشۆ (ئالىي مەكتەپ) پۈتتۈرگەن ئەپەندىلەردەك گەپ قىلىدۇ . بۇنداق ھالەتنى تېزرەك تۈگىتىش كېرەك... بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە خەلقنىڭ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك . » (38)

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، يازغۇچىلار بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئۆز ـ ئارا ، پات ـ پات سۆھبەتلىشىپ ، سىردىشىپ ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى زۆرۈر . « يازغۇچىلار بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا سۆھبىتى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق . » (39) « ئەدەبىي تەنقىدچى يازغۇچىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى، ئادەتتىكى كىتابخان

ئەسەرنى تەنقىدچىدەك چۈشەنمەيدۇ .»(40) ئۇنىڭ بۇ باھاسى ئاگلىماققا بىر تەرەپلىمە بىلىنسىمۇ ، لېكىن ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ، ئارتۇقچىلىق ۋە نوقسانلىرىنى ئادەتتىكى كىتابخانغا قارىغاندا ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ چوڭقۇر ھەم تولۇق تونۇپ يېتەلەيدىغانلىقى قايىل قىلارلىق پاكىت ، ئەلۋەتتە .

ئۆتكۈر ئەپەندى يازغۇچىدا سەممىيەت بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە، «سەممىيەت ھەر بىر ھەقىقىي ئىنساندا ، بولۇپمۇ ، پۈتۈن بىر مىللەت ، پۈتۈن بىر جەمئىيەتكە مەنۋى ئوزۇق بېرىدىغان سەنئەتكاردا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئالىي پەزىلەت ، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششنى خالايدىغان يازغۇچى ئۆزى يېزىۋاتقان ئەسەر ، ئەسەردىكى ۋەقە ۋە پېرسوناژلار ، ھەممىدىن ئاۋال ياكى ئەڭ موھىمى ئەسەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىتابخانلار ئالدىدا سەممىي بولىدۇ . ھەقىقىي يازغۇچى ئۆزىنىمۇ ، كىتابخانلارنىمۇ ئالدىمايدۇ . ئىجتىمائىي ئەخلاق كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ ، سەممىيەت دېگەن سۆز ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك ئىسمى ، بار جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان جەمىيەتتە ، ھەممە كىشىدىن سەممىيەتنى تەلەپ قىلىش گەرچە قۇرۇق خىيال بولسىمۇ ، يازغۇچىلار ، ئومۇمەن ، ھەقىقىي سەنئەتكارلار بۇ ئېسىل پەزىلەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك . مۇباد ا، يازغۇچى سەممىي بولمايدىكەن ، ئۇ ئاسانلا چاندۇرۇپ قويىدۇ . چۈنكى ، يازغۇچى ئەسەرنى ئۆزى ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس ، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن كىتابخانلار ئۈچۈن يازىدۇ . ئەگەر يازغۇچى كىتابخاننى ئالداۋاتقان بولسا ، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن كىتابخانلارنىڭ بىرى بولمىسا بىرى ئۇنى چوقۇم سېزىپ قالىدۇ . دېمەك ، يازغۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا سەممىيەت ئاملى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . »
«تارىم » . 1994 ـ يىل 3 ـ سان. ئا، ئۆتكۈر . « يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت » .

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : شائىر توغرىسىدا

شېئىرىيەت بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە قەدەم قويۇپ ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان ، يۇقىرى ئىددىيىۋىلىككە ۋە بەدىئىيلىككە ، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە تويۇنغان مول مەزمۇنغا ، رەڭدار شەكىلگە ئىگە بولغان نادىر شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر قەلبىدە ئۆزىنىڭ شائىرلىق ئوبرازىنى تىكلىگەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى شائىر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ : « شائىر ـ رېئال ھاياتتىن ھاسىل قىلغان ئىدراكى (ئەقلى) تونۇش ۋە بىلىمنى ھېس- تۇيغۇ تىلى بىلەن ، يەنى ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈچى سەنئەتكاردۇر » . (41)

ئۇنىڭ قارىشىچە ، شائىر كۆرۈنگەن دەرەخكە قونۇۋېلىپ قاقىلداۋېرىدىغان قاغا

بولماستىن ، بەلكى ، كېچىچە تاڭنى چىللاپ تىنمايدىغان ، تاڭ ئاتقاندا ، ئەلنى ئىشقا ، ھاياتقا ، ئەمگەك ۋە ئىجادقا ئۈندەيدىغان تاڭ خورىزى ، شۇڭا ، ئۇنىڭ ھەيكىلى كىشىلەر تەرىپىدىن ئورنىتىلىپ ، ئەتىۋارلىنىدۇ . شائىر باشقىلار نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى دورايدىغان ياكى ئۆمۈر بويى دوراشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان تۇتىقۇش ئەمەس ، بەلكى ، ھېچقاچان باشقا قۇشلارنى دورىمايدىغان ، باشقا قۇشلارمۇ دورىيالمايدىغان ، ئۆز تىلى ، ئۆز سۆيگۈسى ، ئۆز تەپەككۇر ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار بۇلبۇلدۇر . شائىر كۆرۈنگەنلا گۈلگە قونىۋېرىدىغان ، ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىزلىشنىلا بىلىدىغان كېپىنەك ئەمەس ، بەلكى ، ھالاك بولۇشنى بىلىپ تۇرۇپ نۇرغا بولغان چەكسىز تەشنالىق ئىلكىدە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرالايدىغان چىراغ پەرۋانىسىدۇر .

شائىر ـ شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ داستىخانلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرىيدىغان مۈشۈك ئەمەس ، بەلكى ، پايانسىز دەشتۇ ـ باياۋانلاردا ئەركىن كېزىپ يۈرىيدىغان تەمەسىز ، باھادىر ئارىسلاندۇر . ئۇنىڭ بىر ھۆركىرىشىدىن تاغۇ ـ تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ ، تۈلكە ـ بۆرىلەر ، ياۋايى يىرتقۇچلار ئۆز ھوشىنى تاپىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ تىلىنىمۇ ، دىلىنىمۇ ، سۆيگۈسىنىمۇ ، تەپەككۇرىنىمۇ ، تۇيغۇسىنىمۇ خورىماس كۈچ ـ قۇدرىتىنىمۇ ، جەسۇر ئىرادىسىنىمۇ ، قىسقىسى ، بارلىقىنى خەلق بەرگەن . شائىر پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ھەم مەڭگۈلۈك ئۆلمەستۇر . شۇ سەۋەبلىك ، شائىر 1945 ـ يىلى يازغان 《 قەلەمگە 》 ناملىق غەزىلىدە ، قەلەمگە خىتاپ قىلىش شەكلى ئارقىلىق ، شائىرلارنى كۆرگەنلا مۇقامغا يورغىلىماستىن ، بارنى سۆزلەشكە ، ھەقنى كۈيلەشكە ، يوق نەرسىلەرنى بار قىلماسلىققا ، قۇرۇق سەپسەتە ساتماسلىققا ، ھەقىقەتكە سادىق بولۇشقا ، ئەجدادلار روھىنى قۇرۇندۇرماسلىققا ، قەلەمنى ئۆتكۈر قورال قىلىپ ، ئەزگۈچىلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ ، يېڭى ئىز قالدۇرۇشقا ، ھۆرلۈك ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلسا ، 1968 ـ يىلى 3 ـ مارتتا يازغان 《 شائىر دوستۇمغا 》 ناملىق مۇۋەششەھسىدە ، شائىرلارنى ئوتلۇق يۈرىكى بىلەن ئەلگە يولباشچى بولۇپ ، ۋەتەن بەختىگە جاراڭلىق كۈي ياڭرىتىشقا ، شۆھرەت تەمەسىدە بولماستىن ، بەلكى ، دەھشەت زىمىستانلارغىمۇ بوي بەرمەيدىغان ، تەمەسىز ، مىننەتسىز ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەيسەر قارىغاي بولۇشقا ئۈندىگەن ، قاراڭ : ئۇنىڭ مۇنۇ رۇبائىيلىرىغا :

《 ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياھقا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ چېكەرسەن ئەلەم. 》 .(46)

شائىر بۇ رۇبائىيسىدا ، ئەل ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەنلەرنىڭ بەھەيۋەت ، بۈيۈك تاغلارنىڭ بىشىغا مەڭگۈ يىقىلماس بايراق قادىيالايدىغانلىقىنى ، ئەمما ، ساختىلىق ، يالغانچىلىق ، ھىيلىگەرلىك قىلغان ئالا كۆڭۈللەرنىڭ ئىزىنىڭ تېزلا ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، قەلەم ئىگىسىنى ھەسرەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن .

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شائىر ھەققىدىكى قارىشىدا مۇنداق بىر ئەڭ قىممەتلىك يەكۈنى بار . ئۇ بولسىمۇ ، شائىر خەلققە مەڭگۈ سادىق بولۇشى ، خەلق ئۈچۈن يېزىشى ، خەلق ئۈچۈن ياشىشى ، خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ، كۈلكىسىنى كۈلۈپ ، دەردىگە دەرمان بولۇشى كېرەك .

بۇ ھەقتە ، خەلقپەرۋەر شائىر ، خەلقپەرۋەر يازغۇچى ئۆتكۈر ئەپەندى مەشھۇر نەسرى 《شېئىر ۋە شائىر 》دا مۇنداق يازىدۇ : 《 شائىر پەقەت خەلق بىلەن ، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ھەم مەڭگۈ ئۆلمەستۇر . 》(47) شائىرنىڭ قارىشىچە ، دۇنيادا ئىككى نەرسە ئۆلمەيدۇ . ئۇنىڭ بىرى خەلق ، يەنە بىرى ھەقىقەت . ھەر قانداق شائىر ھەر ۋاقىت خەلققە سادىق بولسا ، خەلققە ئۆزىنى بېغىشلىيالىسىلا ، ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ . ئۇ خەلق بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ . مانا بۇ شائىرنىڭ سانسىز شائىر ــ ئەدىبلەرنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان مەشھۇر يەكۈنى .

مۆھتەرەم شائىر ئۆتكۈر ئەپەندى شائىر ھەققىدە قۇرۇق گەپ سېتىشتىن ساقلىنىپ ، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە يۇقىرقىدەك يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ، ئۆزى ھايات ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى . شۇڭا ، 《 ئۇ ئەدەبىيات سېپىگە ئەڭ دەسلەپ شېئىرىيەت بىلەن كىرىپ كەلدى ھەم شېئىر يېزىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دەۋرىمىزدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلدى . ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق ئۆتكۈر شائىر ئاتىلىپ ، بۇ شەرەپلىك نامنى ئۆمۈر بويى ساقلاپ كەلدى . 》( كېرىمجان ئابدۇرېھىم . 《 ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە 》 ناملىق كىتاب . 22ـ23ـ بەتلەر . ) ئۇنىڭ ھاياتى خەلق بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەچكە ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە بېغىشلىغاچقا ، ئىزگۈ نامى خەلق بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ ، تارىخنىڭ ئالتۇن قۇرلىرىغا پۈتۈلىدۇ ، ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ .

### ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : شېئىر توغرىسىدا

شائىرنىڭ شېئىر ھەققىدىكى پىكىرلىرىمۇ خىلى مۆكەممەللىككە ، تېرەنلىككە ئىگە ، 《 شائىرنىڭ قىممىتى ــ شېئىردا ، شېئىرنىڭ قىممىتى بولسا ، ئۇنىڭدىكى پىكىر ، يەنى ، مەنە ۋە

ئېستېتىك ئامىللاردا ئىپادىلىنىدۇ .》(48) دەپ يازىدۇ شائىر ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە . شائىرنىڭ قارىشىچە : 《 شېئىر ــ كىشىلەرنى ماددىي ھاياتتىن يۇقىرى دەرىجىدىكى يۈكسەكلىككە باشلايدىغان رەھنامە .》(49) 《 شېئىر ــ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە كىشىلەرنى تەربىيلىگۈچى بەدىئىي ۋاستە .》 شېئىر ــ ھۆسنى، پۇرىقى ، تىكىنى ۋە يوپۇرمىقى بار گۈل . ئۇ ھۆسنى بىلەن دىللارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ ، پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ . ئىشىق ئەھلى ئۇنى قۇلاققا قىسىدۇ ياكى گۈلدەستە ياساپ ، جانانىغا سوۋغا قىلىدۇ . ياۋا توڭگۇزلار ئۇنىڭغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ يېمەكچى ، ئۇزمەكچى ، تالان ــ تاراج قىلماقچى بولسا ، تىكىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا سانجىلىپ قانىتىدۇ . شېئىر كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگەن بىلەن نە ئىسسىقى ، نە يورىقى تەگمەيدىغان ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس ، بەلكى ، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى مەشئەل ياكى پايانسىز دەشتىلەرنى يورۇتۇپ ، سوغۇقتىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى گۈلخاندۇر . شېئىر كۆرۈنگەن بىلەن قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان ئالۋۇن ياكى ئاڭلىغانسېرى كىشىنى ئۇگەدەك باسىدىغان ھاپىزنىڭ ناخشىسى ئەمەس ، بەلكى ، تەشنالارغا ئارام ، دەردمەنلەرگە داۋا ، بىمارلارغا شىپا ، غەمكىنلەرگە شادلىق ، ئاجىزلارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى قاينام بۇلاق ، شېئىر ــ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ ، خارامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغىتىدىغان ، ئەبەدىي ھاياتقا چاقىرىدىغان گۈلدۈرماما .

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئېسىل شېئىرلارنى يېزىش بىلەن بىرگە يەنە ئىزچىل ھالدا شېئىرىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان . بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، شۇنى ھېس قىلالايمىزكى ، بەزى ماقالىلىرىدا مەخسۇس شېئىرىيەت ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسا ، بەزى ئەسەرلىرىدە باشقا ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ شېئىرىيەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: ئۆتكۈر ئەپەندى 《 ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا 》، (50) 《 رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ كىلاسسىك نەمۇنىلىرى 》 (51) ، 《 ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رۇبائىي ژانىرى توغرىسىدا 》(52) ، 《 ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا 》 (53) ، 《 ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە قاراشلىرىم 》 (54) قاتارلىق ئىلمىي لېكسىيلىرى ۋە ماقالىلىرىدە ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن رۇبائىي ، غەزەل ، تەخمىس ، تۇيۇق قاتارلىقلار توغرىسىدا چوڭقۇر تەھلىل ــ تەتقىقات ئېلىپ بىرىپ ، مۇپەسسەل مەلۇمات بەرگەن . كىتابخانلارنى ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە قىلغان ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىنى مۇپەسسەل شەرھلەپ ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىللىرى ئارقىلىق ، مول قىممەتكە ئىگە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . 《 چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە ئارۇز ۋەزنى 》(55) ،

www.kitaphumar.net

《 قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە ــ قۇتادغۇبىلىك 》(56) ، 《يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 》(57) ، 《 قۇتادغۇبىلىكنىڭ شېئىرىي قىممىتى 》(58) ، 《 ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى توغرىسىدا 》(59) ، 《 يېپەك يولىدىكى ناخشا ئاۋازى 》 (60) قاتارلىق ماقالىلىرىدە ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياغا مەشھۇر كىلاسسىك ئەسىرى 《 قۇتادغۇبىلىك 》 ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا بىرلەشتۇرۇپ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارزۇ ۋەزنى ۋە باشقا ئەنئەنىۋى شېئىر شەكىللىرى توغرىسىدا قايىل قىلارلىق ، قىممەتلىك ، مۇكەممەل تەتقىقات ئېلىپ بارغان ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار ، مول ماتېرىياللار ئارقىلىق سىستېمىلىق شەرھىيلەپ بەرگەن . بۇ جەريانىدا شائىر ، يازغۇچى ، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ، تارىخچى ، ئالىم ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرىيەت ھەققىدە ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

شائىرنىڭ قارىشىچە ، 《شېئىر ــ شائىر ياشىغان رېئال تۇرمۇشنى يۈكسەك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشى كېرەك . رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالغان شېئىرنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ . 》(61) شېئىر رېئاللىقنى مەنبە قىلىشى ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشى ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆز قۇدرىتىنى ، سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلىش كېرەك .

شائىر شېئىرنىڭ بەدىئىيلىككىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇنىڭ قارىشىچە ، 《 پىكىر ــ شېئىرنىڭ جېنى . بىراق، يالىڭاچ بېرىلگەن پىكىر شېئىر بولىۋەرمەيدۇ . پىكىر (مەنە) بەدىئىي تۇسكە كىرگەندىلا شېئىر بولالايدۇ . بەدىئىي تۇس پەقەت مەجاز (مېتفورا)لار ياردىمى بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ . شۇڭا ، مەجاز ــ شېئىرنىڭ قېنى ، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەر ئۇنىڭ ھۆسنى ۋە پۇرىقى دېيىلىدۇ . 》 (62) 《 بىر پارچە شېئىر قاپىيە بولسىلا ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ . شېئىرنىڭ جېنى ــ پىكىر ۋە ھېسسىياتتا . 》(63) 《 بىرەر مەركىزىي پىكىر ، يېڭى ، مەنىلىك پىكىر تۇغۇلمىغىچە شېئىر مەيدانغا كەلمەيدۇ . ناۋايى ، ئابدۇللا توقاي ، چۈيۈەن قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرلىرى مۇستەقىل پىكىردىن تۇغۇلغان . ھەتتا ، ياشلارنىڭ گۇڭگا شېئىرلىرىغىمۇ مەنىلىك بىرەر پىكىر يوشۇرۇنغان . مۇنداق پىكىر يالىڭاچ ئېيتىلماي ، بەدىئىي ماھارەت ، پوئېتىك ئۇسۇل بىلەن ئېيتىلسا ، كىتابخانلارغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ . بۇ يەردە مەجازى ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ناھايىتى موھىم . 》 (64)

شائىر شېئىر تىلى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ : 《 شېئىرنىڭ تىلى نەسرىي ئەسەرنىڭ تىلىغا قارىغاندا پىششىق ، ئىخچام بولۇشى ، شېئىردا بىرمۇ ئارتۇق ياكى ئورۇنسىز ئىشلىتىلگەن سۆز بولماسلىقى لازىم . 》 (65) 《 شېئىرلار مەيلى قايسى خىل شەكىلدە يېزىلسۇن ، خەلق چۈشىنىدىغان ، ھېچبولمىسا ، بىر قىسىم خەلق چۈشىنىدىغان بولۇشى لازىم . ئۆزىدىن باشقا

ئادەم چۈشەنمەيدىغان شېئىرلارنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن ؟ 》. (66) شائىر شېئىرلارنىڭ چۈشىنىشلىك تىل ، يۇقىرى بەدىئىيلىك ، مۇكەممەل شەكىل ، مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ . بولۇپمۇ ، ئۇ شېئىرنىڭ تىلىغا ئەھمىيەت بېرىشنى كۆپرەك تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ شېئىر تىلىنىڭ خەلق تىلى بولۇشىنى ، خەلقنىڭ قەلب ساداسىنى ئىپادىلەپ ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان ، جېنىغا جان ، قېنىغا قان بولۇشىنى ، شۇنداق بولغاندا ، ھەقىقىي خەلق شائىرى بولالايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ . ئۇ بىر ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ : 《 ئەدەبىيات تىل سەنئىتىدۇر . بىراق ، ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرى شائىردىن ئۆزىنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرىنى لۇغەتتىن تېپىلىدىغان سۆزلەر بىلەن خاتىرىلەپ قويۇشىنى ئەمەس ، ئوبرازلىق تىل بىلەن يارىتىپ بېرىشنى ، يەنە ، ئوبرازلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . شائىرنىڭ تىل ئۇسلۇبى قانچىكى ئاددىي ھەم خەلقچىل بولسا ، ئۇنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرى خەلققە شۇنچە ئاسان ئۆتۈپ ، چوڭقۇر سىڭىدۇ . 》 (67) شائىرنىڭ قارىشىچە ،《 شېئىر ــ ئۇدۇل ئېيتىلىدىغان نەسرى ئەسەر ئەمەس . ئۇ مەنىنى مۇمكىنقەدەر يالىڭاچ ئېيتماي ، تۈرلۈك مەجازى (متافورا) ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى . لېكىن ، شېئىر ھەر قانچە مەجازىلاشتۇرۇلغان (مەنا يوشۇرۇن بېرىلگەن) تەقدىردىمۇ ، شائىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى كىتابخان چۈشىنەلەيدىغان ، ھېچبولمىغاندا ھېس قىلالايدىغان بولۇشى لازىم . مۇبادا ئۇنى ھېچكىم چۈشىنەلمىسە ، بۇنى ياسالما تېپىشماق دېيىشتىن بۆلەك چارە يوق . ھالبۇكى ، تېپىلمايدىغان تېپىشماقنىڭ بولۇشى مومكىن ئەمەس . 》 (68)

ئۆتكۈر ئەپەندى ئىزچىل تۈردە شېئىرىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپ ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقتى . شۇڭا ، شېئىرلىرى دەۋر سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ، خېلى يۇقىرى ئىدىيىۋىلىككە ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە بولغانلىقى ، كۆپ تەرەپلىمە قىممەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى ، مەزمۇنى چوڭقۇر ، قىممىتى ، ئەھمىيىتى ، يېقىشلىقلىقى ھەم ئۇنۇمى كۈچلۈكلىكى ، تىلى پاساھەتلىك ۋە چۈشىنىشلىك ، پەلسەپىۋى ھېكمەتكە تويۇنغانلىقى ، دېداكتىكىغا بايلىقى، شەكىل جەھەتتىكى نەپىسلىكى ، مۇكەممەللىكى ، ۋەتەن ۋە خەلقنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك باش تېمىسى قىلغانلىقى ، قويۇق مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە ، دەۋر روھىغا باي ، كېلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن ئوزۇقلانغانلىقى ، ئىجتىمائىي ئېستېتىك ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرىلىقى ، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن يالغۇز شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدىلا ئەمەس ، بەلكى ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ قىممەتلىك موھىم ئورۇننى تۇرىدۇ ھەم ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرى ئارىسىدا ياخشى باھاغا ۋە ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە. ئۇنىڭ 《 ئىز 》 ، 《

ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس 》 ، 《 مۇزلىغان شەھەر 》 ، 《 خەجلە ، خائىنلار ، خەجلە 》 ،《 سەجدىگاھىمغا 》 ، 《 مەن ئاق بايراق ئەمەس 》... قاتارلىق بىر قاتار شېئىرلىرى ، رۇبائىيلىرى ، 《 قەشقەر كېچىسى 》 ، 《 ئۈلۈغ ئانا ھەققىدە چۆچەك 》 ، 《 گۈل ۋە ئازغان 》 قاتارلىق داستان- باللادىللىرى يۇقىرىقى پىكىر ۋە باھالىرىمىزنىڭ شاھىدى ، ئەلۋەتتە .

## ئۆتكۈر ئەپەندى : ياشلىقنىڭ قىممىتى

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، ياشلىق ــ ئۆمۈرنىڭ تۇنجى باھارى ، ھاياتنىڭ گۈل بېغى ، سۆلتى ھەم يۆلەنچۈكى . ياشلىق تېنىم تاپمايدىغان ، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان پەيت ، ھايات بىر قاچا سۈت بولسا ، ياشلىق ئۇنىڭ قايمىقى ۋە يېغى .

ئۆتكۈر ئەپەندى ياشلىقنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ، قەدىرلىك چاغ ئىكەنلىكىنى ، كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ، شۇڭا ، ياشلىقنى ئىنتايىن قەدىرلەش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ . ئۇ بۇ ھەقتە 《 گۈل ئەمەسكەن ياشلىقىم 》 ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ :

《گۈل ئەمەسكەن ياشلىقىم توزىسا يەنە ئاچلىغىلى،
ياكى كۆزدە تۇرنىدەك كەتسە ، باھاردا يانغىلى . 》(69)

دەرھەققەت، گۈل كۈندە توزىسا ، باھاردا يەنە ئېچىلىدۇ . تۇرنىلار كۈزدە ئۇچۇپ كەتسە ، باھاردا يەنە قايتىپ كېلىدۇ . بىراق ، ياشلىق توزىسا ، قايتا ئېچىلمايدۇ ، كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ . مانا بۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ياشلىق ھەققىدىكى ئوبرازلىق ، قىممەتلىك يەكۈنى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتۈشى ياشلىقتا باغلىق . يەرگە نېمە تېرىساڭ ، شۇنىڭغا ئېرىشكەنىدەك ، ياشلىقتا قانچىلىك ئەجىر قىلساڭ ، قانچىلىك تەر تۆكسەڭ ، كېيىنكى ئۆمرۈڭدە شۇنىڭغا لايىق نەتىجىگە ئېرىشىسەن . بۇ ھەقتە ئۆتكۈر ئەپەندى بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق يازىدۇ :

《 ياشلىق ــ ئۆمۈرنىڭ تۇنجى باھارى،
باھارغا باغلىقتۇر بىر يىلنىڭ كارى.
نېمە چاچسا يەرگە باھاردا دېھقان،
شۇنىڭ بىرلە توشقاي كۈزدە ئاغارى . 》 (70)

شۇڭا ، شائىر ئۆتكۈر ، يالقۇنلۇق مىسرالىرى بىلەن ياشلارنى ۋاقىتنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلماي ، ياشلىقنى قەدىرلەش ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ، خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ ، ياشلىقنى ھەقىقىي نۇرلاندۇرۇشقا چاقىرغان .

## ئۆتكۈر ئەپەندى : ۋەتەننىڭ مۇقەددەسلىكى

ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىختىن بۇيان سانسىزلىغان ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ باش تېمىسى ، شۇنداقلا ، ئىنسانىيەت ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك يارقىن مېلودىيىسى ، دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ، سېھىرلىك تۇيغۇ ، گۈزەل ھېسسىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىمۇ موھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، ۋەتەن ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي ، ئىنسان ئۆز ۋەتىنى بولغاچقىلا ، ئۆز ۋەتىنى باغرىدىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ ۋە ساقلاپ قالالايدۇ . ۋەتەندىن ئايرىلسا، ۋەتىنىنى تەرك ئەتسە ، مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ . مۇنۇ رۇبائىي بۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر :

《 قاياشتۇر ئاي بىلەن قۇياش ئۆمۈربات،
قۇياشسىز قالسا ئاي بولۇر زۇلۇمات.
ھاياتىم بۆشۈكى شۇ ئانا ۋەتەن،
ۋەتەنسىز نە قىلسۇن بۇ تەندە ھايات . 》 (71)

ئۆتكۈر ئەپەندى ۋەتىنىنى ئىنتايىن ئۇلۇغلىغان . ئۇ ئۆز يۇرتىنى ھەتتا ، بارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۇلۇغلاپ ، تەلپۈنىدىغان كەئبىدىنمۇ مۇقەددەس دەپ بىلگەن . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ھەر كىمنىڭ تۇغۇلغان ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ، ياشاۋاتقان ۋەتىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق ئۇلۇغ ماكاندىنمۇ ئۇلۇغ . ئۇ بۇ ھەقتە ، ۋەتەن مەدھىيىلەنگەن،ۋەتەن ئۇلۇغلانغان ئەڭ ئېسىل قەسىدىسى 《 سەجدىگاھىمغا 》 ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان :

《 ئەگەر رەشك ئەيلىسە مەيلى ئەرەب يۇرتىدىكى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق ــ ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.
كۆڭۈل مۈلكىدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق،
قەساميادىم ئۈچۈن مىسكىن مېنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھىمدۇر . 》 (72)

مانا بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادىسى ئەمەسمۇ ؟ ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆز ۋەتىنىنى جەننەتتىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ . ئۇ ھەر قانداق ئىنسان ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنى ھەممىدىن ياخشى ، شۇڭا ئىنسان بېشىغا ھەر قانچە كۈلپەت ، مالامەت يەتسىمۇ ، ئۆز ۋەتىنىگە ، ئانا دىيارىغا قىلچە ۋاپاسىزلىق ، قارا كۆڭۈللۈك قىلماسلىق كېرەك دەپ قاراپ ، 《 ياخشى 》 ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان :

《نە ھاجەت جەننەتۇل مەئۋا ، ۋەتەنىنىڭ قوينى بىر جەننەت ،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر ، لاچىنغا كەڭ ساما ياخشى.
مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇغىتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ ـ ۋاپا ياخشى. 》(73)

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ 《 مەن ئاق بايراق ئەمەس 》 ناملىق شېئىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ، ۋەتەنىنى قوغداش ئىرادىسىنى 《 خانتەڭرى 》 ئوبرازى ئارقىلىق ئىنتايىن جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن . 《 يىراقتىن خەت 》 ناملىق شېئىرىدا بولسا ، ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغان ، ۋەتىنىنى شۇنچە سېغىنغان بىر مۇھاجىرنىڭ تىلى ، ھېسسىياتى ئارقىلىق ، دۇنيادا ۋەتەندىن ئۇلۇغ ، ۋەتەندىن مۇقەددەس يەر يوق ، ھەقىقىي بەخت ، ھەقىقىي بايلىق ۋە ھەقىقىي خاتىرجەملىك پەقەت ۋەتەن قوينىدىلا ئاندىن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئۇ يەنە ، ئەگەر كىمىكى ۋەتەن ئىشقىنى قەلبىگە پۈكۈپ ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىسا ، ھەر قانداق مۈشكۈلمۇ ئاسان بولىدۇ دەپ قاراپ ، 《 تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە 》 ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

《 كىمكى باغلىسا مەڭگۈ ۋەتەنگە ئىشقىنى بىشەرت،
نى مۈشكۈل ئىمتىھانلارمۇ بولۇر قەتئىي ئاسان شۇنچە . 》(74)

## ئۆتكۈر ئەپەندى : خەلقپەرۋەرلىك تۇغرىسىدا

ئۆتكۈر ئەپەندى 《 تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك شۇغۇللانغان ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا بېغىشلاپ، خەلقنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى ، تۇرمۇشى ۋە ئىددىيىۋى ھېسسىياتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان ۋە ئەجرىگە

لايىق زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن . ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ دەردى ئۈچۈن يىغلاپ ، خۇشاللىقى ئۈچۈن كۈلگەن ؛ خەلقنىڭ ئۆتمۈشتە باشتىن كەچۈرگەن كۆڭۈلسىز قىسمەتلىرى ئۈچۈن ئېچىنىپ ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۈيلىگەن : شۇنداق قىلىپ ، خەلقنى ئۇلۇغلاپ ، خەلقنى مەدھىيلەش ــ ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىق تېما ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان ، مانا شۇ سەۋەبتىن ، خەلققە بارلىقىنى بېغىشلىغان بۇ سۆيۈملۈك ئوغلانغا خەلقىمىزمۇ ئۆز قەلبىدىن ، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن ۋە ئىلىم ساھەسىدىن ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن .》( كېرىمجان ئابدۇرېھىم . 《 ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە 》 ناملىق كىتاب . 1 - بەت .)

شائىرنىڭ قارىشىچە ، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك باقىي ئەمەس . ئىنسانلار پەقەت بۇ دۇنياغا كېلىپ ــ كېتىدىغان كارۋان . ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ . تارىخنىڭ سەھنىسىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ھەر قانداق مەشھۇر سەلتەنەتمۇ ئۆز ھەيۋىتىنى يوقىتىدۇ . بىراق ، پەقەت خەلقلا مەڭگۈ دەۋران سۈرىدۇ . ئۇ بۇ ھەقتە ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ، جۈملىدىن ، ئۇيغۇر بوۋاقلىرى زامانىدا شېئىرىيىتىدىكى نادىر شېئىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان 《 ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس 》 ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان :

《جاھان باقى ئەمەستۇر ، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر بۇڭا ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان.
كېلىپ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھېساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا ، كېچەر دۇنيا ، پەقەتلا خەلق سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى . 》(75)

مانا بۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭلا ئەمەس ، سانسىز ئىنسانلارنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىدىن يەكۈنلەپ چىققان قىممەتلىك يەكۈنى ۋە مەڭگۈلۈك ھەقىقەتتۇر .

ئۆتكۈر ئەپەندى : جاھاندا ئىككى نەرسە ئۆلمەيدۇ ، بىرى ــ خەلق ، يەنە بىرى ــ ھەقىقەت . ئەگەر سەن ئەلگە سادىق بولساڭ ، ئەل ئۈچۈن ، خەلق ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ ،تۆھپە قوشساڭ ، خەلق چوقۇم ئەجرىڭگە لايىق جاۋاب قايتىدۇ دەپ قاراپ ، مۇنداق يازىدۇ :

《 نى ئەرلەر كەچتى قان ، يەنە قان كېچەر ،
ئەل بەختى يەنە كۆپ قان ــ تەرنى تىلەر .
ھەر قانچە تەر تېمىپ بولۇپ بىر ئۆستەڭ،

قاندۇرساق چۆللەرنى ، ئەل ئەجرىڭ بىرەر .》 (76)

شۇڭا ، ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنى خەلققە بېغىشلىغان ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات ئەمەلىيىتىنى ئارقىلىق ، بىشغا ھەر قانچە بالايىئاپەت كەلسىمۇ ، خەلققە خىيانەت قىلماسلىقنى ، خەلقتىن ئايرىلماسلىقنى ، ئۆزىنىڭ خەلقسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان :

《 بۇلبۇل ئېيتۇر : گۈلزارىمدىن ئايرىلما ،
لىچىن ئېيتۇر : قاناتىمنى قايرىما .
مەن ئېيتۇرمەن : بىلىق سۇسىز نەقىلسۇن ؟
مىنى خەلقىم قۇچاقىدىن ئايرىما .》(77)

قاراڭ : ئىنسان بىر بۇلبۇل بولسا ، ۋەتەن بىر گۈلزاردۇر . ئىنسان بىر لاچىن بولسا ، خەلق ئۇنىڭ قانىتىدۇر . ئىنسان بىلىق بولسا ، خەلق سۇدۇر . بۇلبۇل گۈلزاردىن ، لاچىن قانىتىدىن ، بىلىق سۇدىن ئايرىلسا ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ . شۇڭا ، ھەر بىر ئىنسان خەلقىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقى لازىم . مانا بۇ خەلقنى ئۇلۇغلاش ھەققىدىكى يەنە بىر ئېسىل لىرىك ناخشا ئەمەسمۇ !

## ئۆتكۈر ئەپەندى : ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق توغرىسىدا

ئۆتكۈر ئەپەندى يېتۈك شائىر ۋە يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ، يەنە ، ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىم ساھەسىدە ئومۇمىي ئېتىراپقا ھەم كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ، دەۋرىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىق ، تىلشۇناسلىق ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ، قۇتادغۇبىلىكشۇناسلىق..... قاتارلىق ساھەلەردە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تەتقىقات ماقالىلىرى ، ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس قىممەت ياراتقان ھەمدە يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللار ، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ھەققىدە نوپۇزلۇق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭ ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى قارىشىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە .

ئۇنىڭ قارىشىچە ، 《 ئەنئەنە دېگەنلىك ــ قەدىمكى شەكىلنىلا ساقلاش دېگەنلىك

ئەمەس . يېڭى شەكىللەرنى ئېلىپ كىرىشكە بولىدۇ . لېكىن ، ھەر قانداق شەكىل مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . ئەنئەنە شەكىل ھەم مەزمۇندا ئىپادىلىنىدۇ . 》(78) ئۆتكۈر ئەپەندى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ، يېڭىلىق يارىتىشنى ، تېخىمۇ مۇكەممەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ : 《 ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە (جۈملىدىن مەدەنىيەت مىراسلىرىغا) قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى ، يەنى ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قانداق تەدبىق قىلىش مەسىلىسى.... مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا مۇناسىپ كېلىدىغانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ، مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىرىنى دادىللىق بىلەن شاللىۋېتىش لازىم . 》 (79) ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، 《 ئەنئەنىگە قەتئىي ھۆرمەت قىلىش كېرەك . بۇ چوقۇنۇش ئەمەس . ئەگەر ئەنئەنىنى ئەينەن ساقلايمىز دېسەك مۇتەئەسسىپلىك بولىدۇ . ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىش قاتتىقراق ئېيتقاندا جىنايەت بولىدۇ . بىز پەقەت ئەنئەنىلەرنىڭ مۇنەۋۋەر تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ، يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ياراتقان يېڭىلىقلىرىمىزمۇ مىللىي ئەنئەنە يۆرىقىدا بولۇشى لازىم . يېڭىلىق ياراتتۇق دەپ ، چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنى بىراقلا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ . ئەدەبىياتىمىز مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقاندىلا ، مەملىكەت ۋە دۇنيا سەھنىسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتالايدۇ . 》 (80) ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ : 《 مەن مىللىي ئىنكارچىلىققا قارشى تۇرىمەن . مىللىي ئىنكارچىلىق بىر خىل ئاسىيلىق دېمۇ قارايمەن . بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيتىدە بۈگۈن ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان نەرسىلەر چوقۇم بولىدۇ . مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتە بولمىسۇن ، مەيلى پىسخىكا ئۆرپ ــ ئادەت جەھەتتە بولمىسۇن ، ياخشى تەرەپلەرلا بولىدىكەن داۋاملاشتۇرۇش لازىم . ئەمما ، مىللىتىمىزدە نۇرغۇن ئىللەتلەرمۇ بار . بۇ ئەخلاق جەھەتتىكى چىرىكلىكتە روشەن كۆرۈلىۋاتىدۇ . بۇ ئىللەتلەر تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەيدۇ . 》(81)

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇنىڭ ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغان ، ئەنئەنىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان ، يېڭىلىقمۇ يارىتىلغان ئىجادىيەت مېۋىلىرىدە تېخىمۇ ياخشى ئىسپاتلانغان . بۇ كۆز قاراش ۋە ئىجادىي ئۈلگىلەر بۈگۈن ئۈچۈنمۇ ، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ بىزگە نىسبەتەن خېلى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ، موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سوغۇققان ، ئىلمىي ، ئەقلىي يەكۈنلىرى سۆزىمىزنىڭ ياخشى دەلىلى : 《 خەلق ياكى مىللەت تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، مەدەنىيەت تارىخى دېمەكتۇر . 》 (82) 《 مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى

www.kitaphumar.net

بولغان ئەدەبىياتتا ، مەيلى قاچان ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆز- ئارا ئالاقە ۋە تەسىر كۆرسىتىش تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئىپسل ئەنئەنە . 》(83) 《 تارىختىن بۇيان مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ، جۈملىدىن ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئۆز ــ ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەسىرلىنىش مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز ياشناپ گۈللىنىشىدىكى موھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى . 》(84) 《 پەن- تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىپ ، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئالەمگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە ، ھېچكىم كونا ئەنئەنىلەرگە قاتتىق يېپىشىۋېلىشنى خالىمايدۇ . ئەنئەننى مۇقەددەس بىلىپ ، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوقۇنۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھېلىمۇ ئەلمىساقتىكى ھالىتىدە قالغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەنئەنىگە تەنقىدىي قاراپ ، ئىسلاھات روھى بىلەن يېڭىلىق ۋە بۆسۈشنى يارىتىش بۈگۈنكى دۇنيانىڭ جىددىي تەقەززاسى... ئەدەبىياتىمۇ شۇنداق . بولۇپمۇ ، ئۇسلۇب مەسىلىسىدە ئەنئەنىگە چوقۇنماي يېڭىلىق يارىتىش بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتىۋال تەلىپى... مېنىڭچە ، ئەدەبىيات- سەنئەتتىكى ئىسلاھات ۋە بۆسۈش- ئەنئەنىلەرنى قارىغۇيۇق ھالدا تۈپتىن ئىنكار قىلىپ تاشلاش دېگەنلىك ئەمەس . بەلكى ، ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر . 》(85)

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، 《 ... ئەنئەنىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئۆزىمىزنىڭ پۈت- قولىنى ئۆتمۈشنىڭ ئارغامچىسى بىلەن چۈشەپ قويغانلىق بولىدۇ . ئەنئەنىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىنكار قىلغانلىققا تەڭ... ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش كونا تارىخنى تەكرارلاش ئەمەس . تارىخ ھامان ئۆلگەن نەرسە، بىراق ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈن بىلەن ئاجرالماس قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار . بىز ياراتقان ھەر بىر يېڭىلىقنىڭ ھامان تارىخىي يىلتىزى بولىدۇ . ھەر بىر يېڭىلىق تارىخىي مەنبەسىز بولمايدۇ... ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەتمۇ يېڭىلىق يارىتىشقا ئۇيدانىراق ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت . 》(《 تارىم 》 . 1994- يىل 3- سان . ئا، ئۆتكۈر : 《 يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت 》.)

## ئاخىرقى سۆز

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئون يىل بولغان بۈگۈنكى كۈنلەردە ، مەرھۇمغا بولغان چەكسىز قايىللىقىم ۋە ھۆرمىتىمنىڭ تۈرتكىسىدە ، بۇ ئاددىي قولىيازمىنى يېزىپ چىقتىم ھەمدە ئۆز ــ ئۆزۈمگە : 《 ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھاياتى قانچە قازىسىمۇ تۈگىمەيدىغان سىرلىق تىلسىمات . ئۇ پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك پەرخرى ، شۇنداقلا

ئۆلگىسى . ئۇنىڭ يالقۇنلۇق، قىممەتلىك ھاياتى ۋە ھاياتلىق سەپىرىدىكى نادىر ئەسەرلىرى ، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ، زور ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىددىيىۋى قاراشلىرى ئۈيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچى ۋە تەتقىقات قىممىتىنى يوقاتمايدۇ . بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشمۇ توختاپ قالمايدۇ… » دەپ پىچىرلىدىم .

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


① « قۇمۇل ئەدەبىياتى »، 1996 - يىل 1 - سان. ئىمىن تۇرسۇن. « زاماندا شنىڭ ھەسرىتى »ناملىق ئەسلىمە.

② يۇقىرىقى ژورنال، 2000 - يىل 4 - سان. 2 - بەت. ئوسمان ئىسمايىل . « قالغۇسى خانتەڭرىدە مەغرۇ كۈلۈپ قەبرە تېشى .»

③ يۇقىرىقى ژورنال. 1996 - يىل 2 - سان. بەگمەت يۈسۈپ . « قىممەت قىسسى » ناملىق ئەسلىمە.

④ « تەڭرىتاغ » ژورنىلى. 1996 - يىل 2 - سان. 58 - بەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن .« ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت ». سۆھبەت خاتىرىسى.

⑤ ـ (23) ـ بۇ شېئىر ـ رۇبائىيلار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ « ئۆمۈرمەنزىللىرى »ناملىق شېئىرى، نەسىر، داستانلار توپلىمىدىن ئېلىندى .

(24) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر« خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا » . ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 57 - بەت.

(25) « قۇتادغۇ » ـ « قۇتادغۇبىلىك » ناملىق شاھانە ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

(26) « خاس » ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپنى كۆرسىتىدۇ.

(27) ـ (32) ـ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ « ئۆمۈر مەنزىللىرى » ناملىق شېئىر، نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.

(32) « قۇمۇل ئەدەبىياتى » 1996 - يىل 2 - سان. بەگمەت يۈسۈپ .« قىممەت قىسسى » ناملىق ئەسلىمە.

(33)(37)(39)(4)(49)(61)(64)(65)(66)(68)(80)لەر ـ « قۇمۇل ئەدەبىياتى » 2001 ـ يىل 1 - سان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم : « مىنى خەلقىم قۇچاقىدىن ئايرىما » ناملىق سۆھبەت خاتىرىسىدىن ئېلىندى.

(34) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: « ئويغانغان زېمىن » . تارىخىي رومان 2- قىسىم.

(35) (36)(38)(63)(81) « تەڭرىتاغ » ژورنىلى. 1996 - يىل 2 - سان. ئابدۇقادىر

www.kitaphumar.net

جالالىدىن : 《 ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت 》تىن ئېلىندى.

(41) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 75- بەت.

(48) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب 230- بەت.

(62) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب 75-بەت.

(67) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 233- بەت.

(68) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 234 ـ بەت.

(79) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 265- بەت.

(82) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 143- بەت.

(83) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 216- بەت.

(84) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 221- بەت.

(85) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق كىتاب، 235-236- بەت.

(50)(53)(55) ـ (60) ـ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 《 خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا 》 ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ماقالىلىرىنىڭ نامى.

(54) بۇ 1985- يىل ماي ، تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن《 ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى 》 دا سۆزلەنگەن ئىلمىي لېكسىيە.

(52) بۇ 1979- يىل ئاۋغۇست، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلەنگەن لېكسىيە.

(46)(47)(69) ـ (77) ـ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 《 ئۆمۈر مەنزىللىرى 》ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى.

2005- يىل 8 ـ ئاي . قەشقەر.

< قۇمۇل ئەدەبىياتى > ژورنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 5- سانىدىن ئېلىندى .

# قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىكى ئورتاق ئاملار[1]

(دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇن)

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك ۋە سىياسىي ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتى يېڭى بىر دەۋرگە كىردى. ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنلىرىغا كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى[2] ئۇ يەردە يېڭى دۆلەتلەرنى قۇردى. غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇ يەردە ئىلگىرى ـكېيىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ( 866 ـ 1363)، قاراخانىيلار سۇلالىسى (9 ـ ئەسىر ـ 1212) ۋە گەنجۇ دۆلەتلىرىنى(866 ـ 1028) بەرپا قىلدى. پەقەت سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن گۈللىنىش بۇ ۋاقىتتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئىدىقۇت مەملىكىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىدۇر. بىراق، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ، ئاخىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقى ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئەمما، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا ھەل قىلغۇچى كۈچلەرگە ئايلاندى. گەرچە، مەزكۇر ئىككى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خاندانلىقى ئىككى خىل دىنىي مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئارىسىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەردە ئورتاقلىق مۇھىم يۆنىلىش بولدى. پەلسەپىۋى ئىدىيەلەردىكى بۇ خىل ئورتاقلىقلارنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن شەرھىيلەيمىز:

## مىللىي ئىدىيە

ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلامنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق ۋە ئۇممەت چۈشەنچىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرىزلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئەسلى كوپ ئەسىرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ

كەلگەن ئۆزلىرىگە خاس بولغان مىللەت ـ بودۇن چۈشەنچىلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەرەبلەر ۋە پارسلاردىن ئىپتىك ئالاھىدىلىكلەردىن ئايرىپ قارىغان ئىدى.

تۈركىي خەلقلەردىكى «بودۇن» چۈشەنچىسى، يەنى «بودۇن» بىلەن خەلق ۋە دۆلەت بىرلەشتۈرۈلگەن چۈشەنچە كۆك تۈركلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدىلا مۇكەممەللىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە ئەمەلىيەتتە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. «تۇنيۇقۇق»، «كۆل تېكىن»، ۋە «مۇيۇنچۇر» ئابىدىلىرىدە شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدە مەزكۇر مىللىي ئىدىيە، يەنى ئەشۇ 8 ـ ئەسىردە يوللۇغ تېگىن خاتىرىگە ئالغان ۋە تەكىتلىگەن ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ئىدىيەسى يەنە روشەن ھەم تەكرار شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان ئىدى. 8 ـ ئەسىردىكى مەزكۇر بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىر سىياسىي ۋە ئېتنىك گەۋدە ئاستىغا توپلاش غايىسى قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا تېخىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېنىق قىلىپ، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھاكىمىيەت ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە سىياسىي كىملىككە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن ، بۇنىڭغا كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن ئىدى[3] .مەھمۇد كاشغەرىي تەكىتلىگەن «تۈركلەر» ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتىن بىر تەرەپتىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان ۋە تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتاتتى.

مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن كېيىن، قاراخانىيلار دۆلىتى، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ۋە گەنجۇ (كەڭسۇ)[4] ئۇيغۇر دۆلەتلىرى دەسلەپتە ئاساسلىقى بۇددىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا راۋاجلىنىشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق، قاراخانىيلار دۆلىتى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئېتىقاد جەھەتتە شەرقتىكى باشقا ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىدىن پەرقلىق يولنى تاللىۋالدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان قاراخانىيلار بىلەن بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ـ تۈركىي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئېتىقاد توقۇنۇشى كېلىپ چىقىپ ئاخىرىدا ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. تارىخىي ئەمەلىيەت بۇ ئۇرۇشلارنىڭ مىللىي ئۇرۇش ۋە ياكى سىياسىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ئېتنىك تۈركۈمگە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، قاراخانىيلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئارىسىدىكى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ

خاراكتېرىنى ئالماي، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز چېگرالىرىدىن ئۆتمەي، تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. قاراخانىيلار سۇلالىسى سۇلتان سۇتۇق دەۋرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن چوڭ ۋە كونا دۆلەت سامانىيلار خاندانلىقى (875 ـ 999) نى يوقىتىپ، ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلەش كۈرىشىگە ئاتلانغان بولۇپ، بۇ. سۇلتان سۇتۇق ئۆز ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇردى. نەتىجىدە، قاراخانىيلار قوشۇنلىرى مىلادىيە 990 ـ 992 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئىسفىجاب، پەرغانە، سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ھەسەن بۇغراخان مىلادى992 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا سامانىيلار قايتىدىن بۇخارانى تارتىۋېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مىلادىيە 999 ـ يىلى، ناسىر ئىبنى ئارسلان خان ئانچە كۈچلۈك بولمىغان قارشىلىقلارنى يوقىتىپ، بۇخارانى قايتا ئىشغال قىلىپ، سامانىيلار خاندانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتتى.[5] بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىپ، ھەربىي كۈچ ۋە نوپۇس جەھەتتىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. مىلادىيە 1006 ـ يىلى، يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى ئىشغال قىلدى. مۇھىم نۇقتا شۇكى، يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت سامانىيلار خاندانلىقىنى يوقىتىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن يانمىغان قاراخانىيلار نېمە ئۈچۈن خۇددى خوتەننى بويسۇندۇرۇپ، ئىسلاملاشتۇرغاندەك ۋە سامانىيلارنى يوقاتقاندەك كۈچارنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئىسلاملاشتۇرۇش يولىنى تۇتمىدى؟ ئۆزىنىڭ شەرقىي چېگرالىرىدا ئۆزىگە قارىغاندا ئاجىز بىر بۇددىزم ئېتىقادىدىكى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويدى؟ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، بۇنىڭدىكى بىر قاتار سەۋەبلەر قاتارىدا قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار گەرچە بىر دىندىكى دۆلەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۈچلۈكلۈك ۋە ھۆكۈمرانلىق تالىشىشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي ۋە مىللىي خاراكتېردىكى ئۇرۇش ئىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغىنىغا ئىككى ئەسىردىن ئاشقان سامانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار قاتلىمى تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بولۇپ[6]، سامانىيلار خان جەمەتى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئۆزلىرىنى ساسانىيلار خانلىرىغا باغلايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا، سەمەرقەند، پەرغانە قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئىگىلىگەن سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن يايلاق رايونلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك توقۇنۇشلار داۋاملاشقان بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قاتلامنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان گۇرۇپپىلارنىڭ قولىدا بولۇشى ھەم ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ،

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي - سىياسىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشى ئۇلار بىلەن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا مەلۇم زىددىيەت ئامىللىرىنى ياراتقان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىدىكى پەرقلەرمۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ نىگىزلىرىدىن بىرى كۆك تۈركلەر بىلەن ساسانىيلار( 224 - 651) ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار دەۋرىگە تۇتىشاتتى.

ئىشەنچلىك ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر قاراخانىيلار سۇلالىسى كۇچارنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئىسلاملاشتۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلانغان بولسا، بەلكى بۇ مەقسىتىگە يېتەتتى، ئەمما بۇنىڭ ئۇچۇن كەڭ كۆلەمدىكى ئۇرۇشلار پارتلىشى، ئۆزلىرىنىڭ قان - قېرىنداشلىرى، يەنى ئۆز قوۋملىرى بىلە ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ۋەھالەنكى ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلاملاشتۇرۇشنى شەرقتە پەقەت كۇچارغىچە بولغان جايلاردىلا توختىتىپ، قوچۇ دۆلتى، يەنى تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول ئاچتى. بۇ، قۇدرەتلىك ئوتتۇرا شەرق جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا ۋە ئىسلامنى كېڭەيتىش غايىلىرىگە زىت ئەھۋال ھېسابلىناتتى. قاراخانىيلار سۇلتانلىرى نېمە سەۋەبتىن خوتەن رايونىنى بويسۇندۇرۇشتىن قەتئىي توختاپ قالماي، بۇ جاينى تولۇق بويسۇندۇرۇش ۋە ئىسلاملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغىچە نىيىتىدىن يانمىدى. ئەمما تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە سىياسەت يۈرگۈزدى؟

بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەبلەرنى ھەر خىل تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىشتىن باشقا ئەڭ مۇھىم نۇقتا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خان جەمەتى ۋە خانلىقىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق قاتلىمى ۋە ئاساسىي ئاھالىسى بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلە - ئۇرۇق جەھەتتىكى تۇغقانلىق ھەم يېقىنلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىنىي پەرقتىن كۈچلۈك كەلگەنلىكىدۇر. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى ۋە ھاكىمىيەت قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلە بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى تەسىس قىلغان قەبىلە ئەسلى 840 - يىلى ئورخۇن ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قالغانلىقى خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەر بولۇپ، 840 - يىلى، قالغانلىقى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەر غەرب ۋە جەنۇب ۋە باشقا تەرەپلەرگە تارقالغاندا، ئاساسىي قەبىلىلەر تۇرپان، كۇچار، قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ ماكانلاشقان ئىدى.[7] مانا بۇ گۇرۇپپىلار ۋە بۇ يەرلەردە ئەسلىدىن مەۋجۇت ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسىدا ئىلگىرى-كېيىن ئىككى ھاكىمىيەت مەيدانغا چىققان ئىدى. كېيىنكى تېتىشقا بولىدۇكى، قەشقەر ئەتراپى، جۇملىدىن قاراخانىيلار

هۆكۈمرانلىرى ئىسلاملىششتىن ئىلگىرى ئۇلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇت خان جەمەتى ئارىسىدا، قاراخانىيلار پۇقرالىرى بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى پۇقرالىرى ئارىسىدا قويۇق مۇناسىۋەتلەر ساقلانغان ئىدى. بولۇپمۇ، كۇچار، قاراشەھەر رايونى بىلەن تۇرپان ۋادىسى ئارىسىدا ئەزەلدىن ئەڭ زىچ ئالاقىلەر بولۇپ تۇرغان ئىدى. مۇنداق ئەسلىدىن ئېتنىك، دىنىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرلار جەھەتتىن ئورتاقلىقلا ۋە ياكى زور دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە ئاھالىلەرنىڭ دىن ئۆزگەرتىشى بىلەن تەڭلا ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىپ، بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار خوتەن رايونىغا قاراتقان دىنىي ۋە سىياسىي ئۇرۇش يەنە ئېتنىك خاراكتېرگىمۇ ئىگە بولۇپ، خوتەن دۆلىتى ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىلا تېخى تولۇق تۈركىي ـ ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ ئايرىم ئۆزلىرىگە خاس تىلىمۇ بارلىقىغا قارىغاندا، 10 ـ ئەسىردە خوتەن رايونىدا ئۇيغۇر ـ تۈركىي قەبىلىلەردىن باشقا يەنە بۇددىزم ئېتىقادى كۈچلۈك ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا تەۋە ئاھالىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، خوتەنلىكلەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قەتئىي بويسۇنماي ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلماي كۈرەشنى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشتۇرۇشىدا مانا بۇ خىل ئاز ساندىكى ئېتنىك پەرق ئېلېمېنتلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، خوتەن خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىمۇ ئۇرۇغ جەھەتتىن قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن پەرقلىق ئۇرۇق ـ قەبىلىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك. چۈنكى، قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ھاكىمىيەتلەر تارىخىدا مۇنداق ئوخشىمىغان قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاش ۋە ئوخشاش قەبىلىلەر بىرلىشىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. خوتەن دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىنىڭ قايسى ئۇيغۇر ياكى تۈركىي قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

يەنە بىر ئەڭ مۇھىم ئامىل خوتەننىڭ 1000 يىلغا يېقىن بۇددىزم مەركىزى بولۇشى ۋە بۇ يەردىكى ئاھالىلەردە بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد مۇستەھكەم داۋاملاشقانلىقى بولسا كېرەك. قاراخانىيلار بىلەن خوتەننىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىدە دىنىي قارشىلىق ئىدىيەلىرى ئېتنىك ۋە قەبىلىۋى ئورتاقلىقنى بېسىپ چۈشكەن بولۇپ، لېكىن كېيىن خوتەن بەربىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قاراخانىيلار بىلەن ئورتاق ئېتىقاد، ئورتاق ئېتنىك كىملىك ۋە دۆلەت كىملىككە ئىگە بولدى. ئەگەر، ئىلگىرىدىنلا خوتەن ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئېتنىك تەركىبىگە مەنسۇپ بولمىغان بولسا ۋە ياكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئېتنىك ئاملى بۇ رايوندا بەك ئاز بولغان بولسا، مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ مۇنداق پۈتۈنلەي تۈركلىششى ياكى ئۇيغۇرلىششى ئىشقا ئاشمىغان بولار ئىدى. مۇنداق ئايرىم ھاكىمىيەت ۋە

www.kitaphumar.net

چوڭ زېمىنغا ئىگە شۇنىڭدەك باشقىلاردىن ئايرىلىپ، ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بىر مىللەتنىڭ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىردىنلا باشقا مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئېتنىك جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا خوتەنلىكلەر 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، بىراقلا ئۇيغۇرلاشتى ياكى تۈركلەشتى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى باشقا مىللەت ئىدى، دېگەندەك كۆز قاراشلار ئىلمىيلىكتىن يىراقلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ئەمەلىيەتكىمۇ سىغمايدۇ. ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى ئۇرۇش پەقەت دىنىي ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ، ئەسلا مىللىي ئۇرۇش ئەمەس. مەزكۇر ئۇرۇش نەتىجىسىدە خوتەنلىكلەر پەقەت مۇسۇلمان بولدى خالاس!

بەلكى، خوتەن بىلەن بولغان ئۇرۇش قاراخانىيلار خانلىرىغا ئۆز قوۋمىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق ئۇرۇش قىلىش يولى ئەمەس، بەلكى تىنچلىق بىلەن ئۆزگەرتىش يولىنى تۇتۇش ئىدىيەسىنى ئاتا قىلغان بولسا كېرەك. يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغىغانلىقىغا ئائىت تارىخىي مەلۇماتلار مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى» دىكى بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا ئائىت شېئىرلار بەلكى قاراخانىيلار بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.[8] بىراق، قوشاقلاردىكى ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ قىلىنغان ھۇجۇمغا ئائىت ئۈچۈر مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، كونكرېت قايسى يەرلەر ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەمما، بۇنىڭدىن تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ چېگرالىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا يېقىن جايلارغا تۇتاشقانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرىي خاتىرىگە ئالغا ئۇيغۇرلار زېمىنلىرىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى قوشاقنىڭ مەيدانغا كەلگەن يىلىنى ئېنىقلاش تەس. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر قوشاقلار، مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلۇشىدىن ئانچە ئۇزۇن ئەمەس يىللارغا توغرا كەلمەيدۇ. ئېھتىمال 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. قوشاقتا كۆرسىتىلگەن ئۇرۇش ئېھتىمال ئومۇمىي جەھەتتىن قاراخانىيلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرگە قارشى ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ئومۇمەن، خوتەن خانلىقى ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى تەۋەسىدىكى جايلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. قوشاقتىكى ئىلى دەرياسى ئۆتۈپ مىڭلاق يېرىگە قىلىنغان ھۇجۇم كۈچار، قاراشەھەر ۋە ئۇلارنىڭ شىمالىدىكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئىلى بىلەن تۇتىشىدىغان جايلار بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇرۇش تۇرپان ئۇيمانلىقى ياكى بەشبالىق ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولسا چوقۇم مەھمۇد كاشغەرىي بۇنى

www.kitaphumar.net

ئىزاھلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەش شەھىرى بارلىقى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى - يېزىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان[9]، بىراق ئۇ قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى ئارىسىدىكى ئۇرۇش بولغانلىقى ھەققىدە مىسال قىلغان قوشاقلاردىن باشقا ئۆزى ھېچنېمە دېمىگەن. بۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى خانلىق ئارىسىدا ئۇرۇش بولغانلىقى راست، ئەمما ئۇرۇش ئۇنچە كەڭ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولغان ئەمەس ۋە قاراخانىيلار قوشۇنلىرى قوچۇ، بەشبالىق قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە، يەنى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى زېمىنلىرىغا ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. ئەگەر ئۇنداق كەڭ ۋە قاتتىق ئۇرۇشلار بولسا مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنى تىلغا ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ تاڭغۇتلارنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە قىرغىنچىلىقىنى ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالىدۇ.[10] ئومۇمەن مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلارنىڭ بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشىغا ئائىت خەلق قوشىقىنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇنداق ئۇرۇشلار ھەققىدە مەخسۇس توختالمايدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسى بىلەن شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم دۇنياسى ئارىسىدا چېگرا پاسىلىنى ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر - تۈركىي قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىككى دىن ـ ئىسلام ۋە بۇددىزم تەڭداش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى داۋاملاشقانلىقتىن ئۇلاردا ئۇيغۇر بۇددا ۋە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەتلىرى پەيدا بولدى شۇنىڭدەك تەڭداش راۋاجلاندى. بىر خەلق كۈچارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۆگۈر ئەتراپىنى چېگرا قىلىپ[11]، ئىككى خىل ئېتىقادقا ئايرىلدى. ئەلۋەتتە بۇددىزمنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى كۈچار مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ئاللىقاچان قاراخانىيلار تەركىبىدە بولغان[12] ھەم بۇ يەردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئىدى. كۈچارنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىگەن قاراخانىيلار ئارىسىدا قەدەممۇ - قەدەم ئىجتىمائىي تۈزۈلمە، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، دۇنيا قاراش ۋە پەلسەپىۋى قاراش جەھەتلەردىن ئىسلام ۋە بۇددىزم رامكىسى ئاستىدىكى پەرقلەر ئايرىلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى مىللىي ئورتاقلىق، ئورتاق تۈركىي قوۋم ئىدىيەسى ئۇلار ئارىسىدىكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى ياراتقان ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەھمۇد كاشغەرىي بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۇيغۇرلىرىنى ئومۇمىي تۈرك قەبىلىلىرى تەركىبىدە ساناپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمان تۈركىي قەبىلىلىرىدىن ئايرىپ قاراش خاھىشىنى كۆرسەتمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى ئۇيغۇرلار

www.kitaphumar.net

بۇددىست بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنى پايتەخت قىلغان خاقانىيەلىكلەر بىلەن بىر مىللەتكە تەۋە ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەتتا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن مىللىي قېرىنداشلىق تۇقتىسىدىن چۈشەنگەن بولۇپ، مىلادىيە 1036 ـ يىلى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئۇيغۇرلار قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى خەۋىرى قەشقەر ۋە خوتەندىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋەقەگە ئائىت ئۇچۇر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس. گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە بۇ ئۇرۇشتا شىمالىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، مەخسۇس خوتەندىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل مىلادى 1008 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قەدىمىمۇ ـ قەدەم خوتەن دۆلىتىگە تەۋە بولغان بارلىق زېمىنلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىنى بويلاپ، تاكى گەنسۇ ۋە چىڭخەي چېگراسىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى جەزم قىلىش مۇمكىن. ئەمما، مىلادىيە 1036 ـ يىلى، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن پۈتۈن خېشى كارىدورىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىڭخەي ۋە گەنسۇ رايونلىرى تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ، تاڭغۇتلار قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خوتەننىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە تەھدىت سالدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلگىرىدىن شىمالىي سوڭ سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە قىلىپ، كەلگەن ئۇدۇن خان جەمەتى ۋە ئاق سۆڭەكلەر گۇرۇھىدىن پايدىلىنىپ، شۇلارنى ۋاستە قىلىپ شىمالىي سوڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇدۇن ئەلچىلىرى مىلادىيە 1093 ـ يىلى شىمالىي سوڭ ھۆكۈمىتىگە تاڭغۇتلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە ياردەملىشىشكە ئائىت مەكتۇپ يوللىغان بولسىمۇ، ئەمما شىمالىي سوڭ بۇنى رەت قىلدى. بىراق قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇندىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، 1094 ـ 1098 ـ يىللىرى ئارىسىدا تاڭغۇتلارنىڭ پاراكەندە سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ،«شۇڭا قوشۇن تارتىپ، گەنجۇ، شاجۇ ۋە سۇجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ھۇجۇم قىلماقچىمىز» دەپ بىلدۈرگەن.[13] سوڭ پادىشاھى بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەلچىلەرنى ياخشى كۈتۈش بىلەن جاۋاب بەرگەن. روشەنكى، شىمالى سوڭ سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارغا ماسلىشىشنى رەت قىلغان. ھەتتا، 1081 ـ يىلى ئۇدۇن خانى قەبىلە ئاقساقالى ئاشىنانى شىمالى سوڭغا مەكتۇپ بىلەن

ئەۋەتتى. ئەلچى پادىشاھقا ئۆزلىرىنىڭ يول بويى سېرىق ئۇيغۇر ۋە چىگىتاك ئەللىرىنىڭ يەرلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى، پەقەت قىتانلارنىڭلا بۇلاڭ تالاڭ قىلىشىدىن قورققانلىقىنى بىلدۈرگەن[14].

بۇ پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي گىرۋەكلىرىدە تاكى كۇچار- بۈگۈرگىچە بولغان رايونلاردا ئىسلامىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان قاراخانىيلار سۇلالىسى شىمالىي سوڭ سۇلالىسىدىن بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنى يوقىتىشتا ياردەملىشىش ۋە ماسلىششىنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئەتراپىنى بازا قىلغان تاڭغۇتلار دۆلىتىگە جازا يۈرۈشتە ماسلىششىنى تەلەپ قىلدى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ روشەنكى، بۇ بىزگە قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ گەرچە بۇددىزم ئېتىقادىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىر مىللەت، بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، ئەكسىچە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىپ، گەنسۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئەسىرىدە بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىر تىل ۋە بىر مىللەت رامكىسى ئاستىدا چۈشىنىش روھى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي قارىشى بولماستىن، بەلكى بۇ ئىدىيە قاراخانىيلار ھاكىمىيەت قاتلىمىغا، ئالىم- مۇتەپەككۇرلەرگە ۋە باشقىلارغا ئورتاق ئىدى. بۇ خىل ئورتاقلىق ئىدىيەۋى پىكىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىمۇ باشتىن ئاخىرى يادرولۇق ئورۇن تۇتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك ئەھلى مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بولغان سادىقلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەڭرى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئېتىقادىنى بىر- بىرى بىلەن زىددىيەتلەشتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئېتىقادلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.[15] ئۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دۇنيا قاراشلىرى، تەبىئەت قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاراشلىرى تەركىبىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇڭا ئۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى، تەڭرىزم ھەتتا بۇددىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شېئىر- قوشاقلىرى، ماقالە — تەمسىللىرى، ئېتنوگرافىيەلىك ئۇچۇرلىرى ۋە باشقىلارنى تۈركىي — ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت

نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىگەن. مەسىلەن; ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم ئەقىدىسى بىلەن مۇرۇۋۋەتلىك بولغان سۆزلەردىن «تىۋىن» سۆزى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ؛ «تىۋىننىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ دىنىي باشلىقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئىمام ياكى مۆپتى بىلە ئوخشاشلىقى. تىۋىننىڭ ھەر قېتىم بۇددانىڭ ھەيكىلى ئالدىدا نوم ئوقۇيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلە بىرگە يەنە بۇنىڭ ئۇچۇن مىسال سۈپىتىدە «تىۋىن باشى ئاغرىسا، قامۇغ تىۋىن باشى ئاغرىماس»[16] دېگەن ماقال ـ تەمسىلنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ، ھەرگىزمۇ مەزكۇر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئىلگىرى ياراتقان مەدەنىيەت ۋە شانلىق سىياسىي ئۆتمۈشىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتمىغان ئىدى. شۇڭا ئالىپ ئەر تۇڭا ۋە ئاپراسىياپ دەۋرلىرىگە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن بولغان كۈرەشلىرىگە تۈركىي ـ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى نۇقتىسىدىن قارىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئالىپ ئەر تۇڭا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەۋرىدە ئىسلامىيەت ئېتىقاد چۈشەنچلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

خۇلاسىلىگىنىمىزدە مەيلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار، مەيلى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بولسۇن ئۇلاردا ئوخشاش مەۋجۇت بولغان ئورتاق مىللىي ئىدىيە ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئۆنغا سوزۇلۇشى ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىنى تاللىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولدى.

## مەدەنىيەت گۈللىنىش ئىدىيەسى

ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەزكۇر ئىككى گەۋدىسى ياشىغان ئىسلامى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۇددىزم مەملىكىتى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا ئۇيغۇر ـ تۈركىي مەدەنىيىتى ئوخشاش رەۋىشتە خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك تەڭ تەرەققىي قىلدى. ھېچ قايسىسى بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدا قالمىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى 11 ـ ئەسىر بولغان بولسا، ئوخشاشلا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىمۇ شۇ دەۋر ئەڭ يۈكسەك دەۋر بولغان ئىدى. قەشقەردە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى دۇنياغا كەلتۈرگەن بولسا، تۇرپان تەۋەسىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋە باشقا پەيلاسوپلار، شائىرلار ئىجاد قىلدى ھەمدە ئەڭ بۇددىزم ئەسەرلىرىنى ھەر خىل تىللاردىن

ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇلاردىكى پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئالدىنقىسى ئىسلام دىنىنى يادرو قىلغان ئىسلامى پەلسەپە، كېيىنكى بۇددىزمنى ئاساس قىلغان بۇددىزملىق پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى كىشىلىك جەمئىيەت ، تەبىئەت، سىياسىي-ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك تەپەككۇرلاردا يەنىلا ئورتاقلىقلار بار ئىدى. ئۇلاردىكى دۆلەتچىلىك كۆز قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشى، مىللەت- قوۋم قارىشى ۋە مىللىي تىل قارىشى بىردەك ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنىڭ «تۈرك تىلى» ئىكەنلىكى، «تۈركلەرنىڭ بۈيۈك» خەلق ئىكەنلىكى، دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ بىر خەلق ۋە قوۋمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكلىكى شۇنىڭدەك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل ۋە خەلقپەرۋەر بولۇشىغا ئائىت تەپەككۇرلار بىردەك ئىدى. ھەر ئىككىلا خاندانلىقنىڭ قاغانلىرى ئوخشاشلا مەرىپەتپەرۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار دەۋرنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىك كىشىلىرى، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت كاشغەرىي، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدەك پەيلاسوپ، تىلشۇناس ۋە ئالىملارنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئەسەرلەرنى يېزىشى، تەرجىمە قىلىشى ياكى تەرجىمە ئىشلىرىنى تەشكىللىشى شۇنىڭدەك مەدرىسىلەر-مەكتەپلەرنى ئېچىپ يۈزلىگەن تالىپلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.

خۇلاسىلىغىنىمىزدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، قاراخانىيلار سۇلالىسى (840- 1212) ۋە تۇرپان ئىدىقۇت مەملىكىتى (866 ـ1363) دەۋرىدە ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئىگە بولدى.

بۇ مەزگىلدە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ بۇددىزم دائىرىسىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان باي ئەدەبىي يازما يادىكارلىقلىرى بارلىققا كەلدى. ئىدىقۇت دۆلىتى دەۋرىدە يازما ئەسەرلەردىن بولۇپمۇ شېئىرلار، پىروزا،دىراما تارالغان ئىدى، تەرجىمە ئىشىمۇ تەرەققىي ئەتتى. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ پەلسەپىسى تەسىر قىلدى. خۇسۇسەن، شېئىرلار ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي، ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق ئىدىيەلىرىنى ھەم قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مىيدىتسىنا ئەسەرلىرى يېزىلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى، كالېندارچىلىق ئەنئەنىسى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى[17].

## دۆلەتچىلىك ۋە تىل ئىدىيەلىرى

دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئېتنو- مەدەنىيەت تارىخى شۇنداق بىر يۈزلىنىشكە دۇچ كەلدىكى، شەرقتە ئاباسىيلار

خەلىپىلىكىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئەرەب ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ شان - شەۋكىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەرەب تىلى ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئەرەب تىلى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەر مىللەت ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشقا، بىلىملىرىنى ئەرەب تىلىدا ئىپادىلەپ، ئەرەب تىلى تۈركىي تىلغا قارىغاندا غالىب بىر ئورۇندا تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مۇنداق شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى ۋە زېمىن دائىرىسى كەڭ قۇدرەتلىك تۈركىي مۇسۇلمانلىرى دۆلىتى ـ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ غالىبلىق ئورنىنى تىكلەش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خانى تۈرك -ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدىغان مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈسۈپكە ئوردا مەسلىھەتچىسلىك، يەنى «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەك بۈيۈك داستانىنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا، بەلكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىش ئىمكانىيىتى ياراتتى. مۇنداق بىر مۇكەممەل ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا يېزىلىشى ئالدى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ دۆلەتچىلىك، سىياسىي ۋە مىللىي چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەبچە ۋە پارسچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا قاراخانىيلار دۆلىتى ۋە ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق تۈرك تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان بۈيۈك تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنى تاماملاپ، ئابباسىيلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەخسۇس تۈركىي تىللار ھەققىدە مۇنداق زور ھەجىملىك ئېنسىكلوپېدىك ئەسەرنى تاماملاپ، ئۇنى بىۋاستە ئابباسىيلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىشىمۇ ئوخشاشلا تۈركىي - ئۇيغۇر تىلى ۋە كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت ھەم ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. مانا بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئەسرىدە ئىپادىلىگەن تۈركىي دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت قارىشى، تۈركىي قوۋم - قەبىلە قاراشلىرى ۋە باشقا تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدىكى بۇ خىل ئىدىيەلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈك مىللەتپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.[18] ئۇ، بارلىق تۈركىي قەبىلەلەرنىڭ ئورتاق مىللىي كىملىكى، ئورتاق سىياسىي كىملىكى، ئورتاق ئەدەبىي تىلى ۋە ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت ئىدىيەلىرىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق تىكلىگەن مۇقەددەس ۋە كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر تۈركىي دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى چۈشەنچىلىرى ھەم

ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدىغان، ھەر قانداق ژانىرلاردىكى بۈيۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكەممەل يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە باي ۋە گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش روھىنىڭ پەقەت ئۇلارغىلا خاس بولماستىن بەلكى بۇ پۈتۈن قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيەت قاتلىمى ۋە جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن دۆلەتچىلىك پىكىرلىرى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت قاراشلىرى پەقەت بىرلا دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۇيغۇر ـتۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن دۆلەت، ھاكىمىيەتچىلىك قاراشلىرى، تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى توپلاپ ھەم ئۇنى ئانالىز قىلىشقا شۇنىڭدەك بۇ ئىدىيەلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. شۇڭا كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى دۆلەتچىلىك سىستېمىسى، يەنى دۆلەت تەشكىلاتى، ئىدارە- باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، يەنىلا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى، كۆك تۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىسلامىي پرىنسىپلارغا ماسلاشتۇرغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇش بولدى. دېمەك، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلامنى مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە ئايلىنىش بىلەن تەڭلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان ۋە مىراسخورلۇق قىلىپ كەلگەن كۆپ ئەسىرلىك دۆلەت- ھاكىمىيەت ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىۋەتمىگەن ئىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ دۆلەتچىلىك تۈزۈملىرى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى تۈرك قالغانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئوردا تەشكىلاتى، ھەربىي- سىياسىي قۇرۇلمىلىرىدا ئىلگىرىكى ئورخۇن قاغانلىقىدىكى سىستېما بەكرەك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھەتتا كۆپلىگەن ھەربىي- مەمۇرىي ئاتالغۇلار يەنىلا ئۆز پېتىچە قوللىنىلغان ئىدى.

ھەتتا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى، ئەسلى ئۇيغۇر ـتۈركىي ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز دۆلەت تەشكىلاتىنى «ئەل» سۆزى بىلەن ئاتاپ، دۆلەتنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۇيغۇرلىرى بۇددىزم ئېتىقادىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتچىلىك ئىدارە تۈزۈملىرىدە مەزكۇر ئېتىقادنىڭ پرىنسىپ ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئۆز تەسىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە كۆرسەتكەن ئىدى.

لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى دۆلەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە دۆلەتچىلىك تەشكىلىي تۈزۈملىرى كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ئەنئەنە، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، ھەتتا ھاكىمىيەت ئاتالغۇلىرى جەھەتتىن ئاساسەن دېگۈدەك ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ھەر ئىككىلا خاندانلىق قاغانلىرى جەمەتىدە تۈركىي- ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى

قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان «ئارسلانخان»، «بۇغراخان»، «خان»[19]، «تېكىن»، «تارخان» ۋە باشقا خېلى كۆپ ئاتالغۇلار ئورتاق ئىشلىتىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئورتاقلىقلار قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

تىل بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ۋە ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر - تۈركىي دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىمۇ خۇددى قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئوخشاش ئۆز تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۆز يېزىقىنى ۋە تىلىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى ياراتتى. شۇ سەۋەبتىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا مەتبە تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ، قانچىلىغان كىتابلار ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىدا بېسىپ تارقىتىلدى.[20] تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۆز تىلى ۋە ئۆز مەدەنىيىتى ھەم دۆلىتىگە سادىق بولۇش، ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى بىلەن خانلىقتا بۇددىزمنىڭ مىڭلىغان نادىر كىلاسسىك ئەسەرلىرى، دىنىي دەستۇرلىرى، نوم - سۇترالىرى، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ھەم ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىۋاسىتە سانسكرىت، توخرى، خەنزۇ تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئالىملىرى، پەيلاسوپلىرى، شائىرلىرى، تىبابەتچىلىرى، قانۇنچىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلىگەن نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئەنە شۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسىي ئاچقۇچ قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقى سەۋەبىدىن 1209 - يىلى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندا چىڭگىزخان ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۇيغۇر ئۇستازلىرىنىڭ خان جەمەتى ئەۋلادلىرىنى مەدەنىيەت بىلەن تەربىيەلىشنى بۇيرۇغان ئىدى.

بۇ مەزگىلدە سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، ئاتساڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، ئاپرىنچۇر تېگىن، پرىتيا ياشرى ۋە باشقىمۇ مەشھۇر تەرجىمانلار، ئالىملار ۋە شائىرلار ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇلارنىڭ بۇددا دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر ئوبرازىنى تونۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋر پەلسەپىۋى ئىدىيەسىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيەسى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە باي تەرجىمە ھەم ئىجادىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە كامالىتىنى ئۆز خەلقىگىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو، ھىندىستان، تىبەت ۋە باشقا شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم مەملىكەتلىرىگە نامايان قىلغان ئىدى.

«چىستانى ئىلىگبەگ ھەققىدە ھېكايە»، «شاھزادە ۋە يولۋاس ھەققىدە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «مايترى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمە ھالى»، «سەككىز يۈكمەك»، «يەتتە يۇلتۇز نومى» ئوخشاش ئەسەرلەر ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ سانسكرىت، توخار، خەن تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەقەدەر كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.

مەزكۇر ئەسەرلەردە چوڭقۇر بۇددا ئىجتىمائىي ــ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرى ئەكس ئەتكەن ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئىدىقۇتلۇق بۇددا ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ئايلاندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەتلىك ئاڭ ـ سېزىمىغا زور تەسىر قىلدى. مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى دۆلەتكە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاق، ئېستېتىكىلىق ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بىۋاستە مۇشۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇ خەلقنى مەملىكەت تەلەپ قىلغاندەك تەربىيەلەيتتى، ئۇلارنى ھەم جەمئىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ھەم شۇنداقلا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىلدى. ئىدىقۇتلۇق دەۋرگە ئائىت ھۆججەتلەر بۇنى روشەن ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقى نامى ئاتالغان بىر قاتار ئەسەرلەر تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدە ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ نەقەدەر راۋاجلانغانلىقى ۋە تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار بولۇپ، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى يادرو قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسەك تەرەققىياتى ئەتراپتىكى خەلقلەرنى قايىل قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ تىل ۋە يېزىق كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل ـ ئۇرال، ئىران ئېگىزلىكىگىچە تارقالغان، ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللارنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مانجۇلارنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. مانا بۇ ئەھۋاللارنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى يۈكسەك مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار بىلەن قوچۇنى مەركەز قىلغان تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خاندانلىقتا ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلى، ئەدەبىياتىنى يادرو قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇنداق تەڭ قەدەمدە ۋە يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلىنىشىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋەكىللىكىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۆلەت ۋە تىلى قاراشلىرى ۋە ئىدىيەلىرىنى سىڭىقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋەكىللىكىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۆلەت ۋە تىل قارىشىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى بىر يىلتىزدىن ئۆسكەن دەرەخنىڭ ئايرىم شاخچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى گەۋدىسى بىردۇر خالاس.

## دىنىي پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر

قاراخانىيلارنىڭ شەرقىدىكى ئىككى ئۇيغۇر خاندانلىقى، يەنى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بىلەن خېشى كارىدورى رايونىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر مەملىكىتىنىڭ ئاھالىسمۇ بۇددا تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلدى. خېشى كارىدورى رايونىنى بىر مەزگىل كونترول قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دۇنخۇاڭ ۋە گەنجۇ بۇددىزمنىڭ چوڭ مەركەزلىرى ئىدى. تارىخ بىز ئۆچۈن شۇ چاغدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىدە ئوينىغان رولىنى كۆرسىتىدىغان مەنبەلەرنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

840 ـ يىلىدىكى ئورخۇندا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت، تارقىلىشچان كېسەللىك ئاپەتلىرى ۋە قىرغىزلارنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا يۈز بەرگەن كۆچۈش ھەرىكەتلىرى بىلەن خېشى كارىدورىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ بارغانسېرى كۆچەيدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانلىرى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىششى ئەمەلگە ئاشتى ھەمدە بۇ يەرلەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، ئاكتىپ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە تىرىشتى.[21] ۋەھالەنكى ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۇزۇن يىللار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تاڭغۇتلار بىلە خېشى كارىدورىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى قىلىشقا توغرا كەلدى، ئاقىۋەتتە مەزكۇر ئۇيغۇر دۆلىتى ملادىيە 1036 ـ يىلى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاڭغۇت خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولدى[22].

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى ئىچىدە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك بولغان بولۇپ، گەرچە بۇ ھاكىمىيەت بۇددىزم ئېتىقادىدا بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۆزلىرى بىلەن بىر دىنىي ئېتىقادتا تەۋە تىبەت سىستېمىسىدىكى تاڭغۇت دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلىش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭغۇتلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كېتىشى كېلىپ چىققان ئىدى. ئەسلى نوپۇسى 300 مىڭدىن ئارتۇق بولغان بۇ ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن كېيىن تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا[23] باش كۆتۈرەلمىدى ۋە نوپۇس جەھەتتىنمۇ كۆپىيەلمەي، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىبەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قېرىنداشلىرى بولغان قاراخانىيلار ئۇيغۇر ـ تۈركىيلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەي ئاخىرى تۆت ئەسىرلىك جەرياندىن كېيىن ئۆزلىرىمۇ تىنچلىق بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىش يولىنى تاللىۋالدى.

شۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىش كېرەككى، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىدىكى قەشقەر، خوتەن، كۇچار قاتارلىق رايونلار تولۇق مۇسۇلمانلىشىپ بولدى. ئەمما مەزكۇر رايوندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 9 ئەسىر ۋاقىت مابەينىدە ئومۇملاشقان بۇددا دىنى شۇنىڭدەك ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامانىزم تەسىرلىرى خەلقنىڭ كۆڭۈلدىكى ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭگەن ئىدى. شۇڭا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا بۇددىزمنىڭ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي پىكىرلىرى، ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامانىزم تەسىرلىرى شۇ دەۋر ئەدەبىياتى ۋە خەلق تۇرمۇش قاتلاملىرىغا بولغان ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يەنە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالدى.

بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيەلەر تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى كۆپ ئەسىرلەر جەريانىدا ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈپ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن غەيرى ئىسلامىي خاراكتېرگە ئىگە كۆز قاراشلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ سېزىشكە بولىدۇ.[24] چۈنكى، بۇ ئەسەردىكى كۆپلىگەن سىياسىي، دۆلەتچىلىك قاراشلىرى ئىجتىمائىي قاراشلار، ئەخلاق قاراشلىرى ۋە باشقا تەرەپلەر ھەرگىز قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان يېڭى ئېتىقادنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن ئىدى. ئېنىقكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرى كۆپ ئەسىرلىك دۆلەتچىلىك ـ سىياسىي ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز تارىخىدا ھۇن ئىمپېرىيەسى، كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيەسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ۋە تۈركەشلەر قاغانلىقى، قارلۇقلار قاغانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى ھەمدە كۆپ ئەسىرلىك ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۆزلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تېخى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغىنىغا تەخمىنەن ئازغىنە كەم بىر ئەسىر بولغان مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىدە ئەسلىدىن مىڭ يىللار چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئۇلگىلىرىنى بىكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىنى ئىسلام ئېتىقادى بىلەن بىر يولىلا پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى[25].

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل

www.kitaphumar.net

قىلغاندىن كېيىنمۇ، شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر قاتار ئايەم- ئىرىم، تەبىر- جوراش، ئۆرپ- ئادەت، مۇراسىم ــ ئايەم قائىدىلىرىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇلار ئۇ قەدىمكى قائىدە ــ ئادەتلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزۈۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قايىسسىنىڭ ئىسلامچە، ۋە قايىسسىنىڭ غەيرى ئىسلامچە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى.[26] ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ئىجتىمائىي ــ پەلسەپىۋى قاراشلارمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. دېمەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشەنگەن ئىپتىدائىي ئېتىقادلار، شامانىزم، زورواستىرىزم، بۇددىزم قالدۇقلىرى ئۆز تەسىرلەرنى ئۆزۈنغىچە ھەر خىل شەكىلدە خەلق ئىجتىمائىي ــ پەلسەپىۋى ھە تەبىئەت تەپەككۇرلىرى قاتلىمىدا ساقلاپ، ئۇنىڭ ئايرىلماس تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

ئومۇمەن، شۇ نۇقتا ئېتىراپ قىلىنغانكى، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىمۇ دىن، ھەقىقەتنىڭ ئەكس ئېتىلىش شەكلى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ئىدى. ئۆزگە راتسىيونالىزم ۋە ئىرراتسىيونالىزمغا ئوخشاش تۈرلۈك كۆز قاراشلار سىستېمىلىرىنى تولۇق بىرلەشتۈرگەن دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدىكى ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاكتىپ ئېنىقلىغۇچىلىق رول ئوينىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىغا خاس، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن دىنىي ئاڭ ــ سىبزىم مەسىلىلىرىنى ئانالىز قىلىش زۆرۈردۇر.

ئەلۋەتتە، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە، 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئاساسلىقى ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ كۇچار غىچە بولغان غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبى ۋادىلىرىدا ئىسلام دىنى ئۇيغۇر- تۈركىي خەلقلەر ھاياتىغا كۈچلۈك دەرىجىدە سىڭىشىپ، ئىسلامىي ئۇيغۇر- تۈرك مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەمما، كۇچارنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا بولسا بۇددىزم ئومۇمىي دۇنيا قاراش سىستېمىسى سۈپىتىدە بۇ رايون ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە بېيىشىغا مۇمكىنچىلىك ياراتتى. بۇلار، كۆپلىگەن مىللىي ۋە جەمئىيەتكە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي- ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۆلچەملەر كىشىلىك ھاياتتىن ئورۇن ئالغان ھالدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەخلاق- ئېتىكىلىق ۋە باشقىمۇ قائىدىلىرىنى بەلگىلىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە ئومۇمىي ئىنسانىي ئەخلاق نورمىلىرى (ئۆلچەملىرى) ھېسابلىنىپ، ئۇلار ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەسىرلەر مابەينىدە ساقلىنىپ كېلىندى ۋە ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ كۈندىلىك قائىدىلىرىگە

www.kitaphumar.net

ئايلانغــان ئــدى. شۇڭلاشــقا بــۇددىزم پەقەت بىۋاســتە دىــنلا ئەمەس، بەلكــى ئەخــلاق تەربىيەسىنىڭ ئاكتىپ ئـاملى بولـۇپ ھېسـابلانىدى، ئۇنـىڭ ئۇيغـۇر خەلقىنـىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىگە بولغان ئىجابىي تەسىرىنىڭ سەۋەبلىرى دەل مانـا شـۇنىڭدىدۇر. ئوتتـۇرا ئەسـىر ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى كاتىگورىيەسىگە مەنسۇپ مۇتەپەككۇرلەر كومراجىۋا، خۇيلىن، سۇلى سۇما، سىڭقۇ سىلى تۇتۇڭ، كىكى ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىنى دىنىي - ئەخلاق مەسىلىسى تەشكىل قىلدى. سەۋەبى ئۇلار دىنىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەم تۇرپان ۋە باشقا جـايلاردا ئـۇزۇن ئەسـىرلەر ھۆكـۈم سـۈرگەن بۇددىزمنـىڭ قانـداق چـوڭ ئەخلاق - تەربىيەۋى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن ئىدى.

قاراخانىيلار ئىسلام مۇھىتىدىكى مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارمۇ ئىسـلامى دىنىــي ئەخلاقـى تەربىيەنـىڭ مىللـەت ۋە قاراخـانىيلار دۆلىتىنـىڭ كۈچىيىشــى ھەم جەمئىيەتنىــڭ مۇســتەھكەم قۇرۇلمىســى ئۈچــۈن زور ئەھمىيەتلىــك ئىكەنلىكىنــى ياخشــى چۈشەنگەنلىكىدىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە مەزكۇر ئىدىيەنى ئاساسىي نۇقتا سۈپىتىدە تەكىتلىگەن.

ئادەمنىڭ مەنىۋى - ئەخلاق جەھەتتىن مۇكەممەللىششى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇ كـۈچ دىن ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالاھىدە يوللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوتتـۇرا ئەسـىر مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەربىيىلەش، ئۆگىتىش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرماقچى بولىدۇ.

## يەكۈن ئورنىدا

خۇلاسىلىگەندە، ئىسلامىي ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دۆلىتى قاراخانىيلار بىلەن بۇددىزم ئۇيغۇر دۆلىتى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى تۈپ پەلسەپىۋى - ئىدىيەۋى ئورتاقلىق ئۇيغۇر - تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەم ئـۇنى راۋاجلانـدۇرۇش شـۇنىڭدەك ئۇنـىڭ باشـقا مەدەنىـيەت ۋە تىللار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ھەتتا باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش رولىنـى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەقلىي، سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەپەككۇرى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان بولغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نەزىرىدە تۇرپان قاتـارلىق جـايلاردىكى بـۇددىزم ئېتىقادىـدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملار غەيرى دىندىكىلەر سۈپىتىدە قارالسىمۇ، ئەمما تۈركىي مىللىي قېرىنداشلىق قارىشى يەنىلا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز.

ئىككى خىل دىنى ئېتىقادتىكى ئۇيغۇر - تۈركىي قەبىلىلىـرى ئەسـلى ئـۆزلىرىگە ئورتـاق

بولغان ۋە كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، ئەخلاق ۋە كىشىلىك قاراشلىرى شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى داۋاملاشتۇردى ھەم تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئۇلاردىكى بۇ خىل بىر قاتار ئورتاقلىقلار ئۇلار ئارىسىدا ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەربىي كۈچ، زېمىن دائىرىسى، نوپۇس، ئىقتىساد جەھەتلەردىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن كۆپ ئۇستۇن تۇرۇشى ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقا سەپ تايانچىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىماي،يەنىلا ئۆزىدىن ئاجىز تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانمىدى. ئۇلار ئارىسىدا پەقەت دەسلەپتە كىچىك كۆلەمدە ئۇرۇشلار بولۇپ، قاراخانىيلار پەقەت كۇچار ۋە بۈگۈرگىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كېيىنكى چوڭ دائىرىلىك ئۇرۇشلار ئەسلىدىنلا بولمىغان. ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بويىچە قانلىق ئۇرۇش ۋەقەلىرى قايتا يۈز بەرمىدى. قاراخانىيلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئارىسىدا ئۇرۇشلار بولغانلىقى ھەققىدە مەيلى جۇڭگو، مەيلى مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە «دىۋان» دىكى قوشاقلاردىن باشقا ھېچقانداق يېتەرلىك ئۇچۇرلار مەۋجۇت ئەمەس، بىراق خوتەن ۋە قەشقەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ئالاھىدە رىۋايەتلەر ۋە مەنبەلەرگە ئىگىدۇر. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ئۆز دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشلىرىغا يول قويغان ئىدى. لېكىن، كېيىنكى 4 ئەسىر جەريانىدا جەمئىيەت ۋە ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر خۇلاسىسى سۈپىتىدە تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق شەرقىي رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەدەممۇ قەدەم بۇددىزم ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە دۇنيا قاراش ھەم دىنى- پەلسەپىۋى پىكىرلەر جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشى ئەمەلگە ئاشتى. تارىم ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى، جۇڭغارىيە ۋە قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشى پۈتۈنلەي تىنچلىق ۋە ئۆز ئىختىيارى ھەم تالللىشى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ، شەرقىي رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازچىلىق قىسمى پۈتۈن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك قىسمىغا ئاخىرقى ھېسابتا دىنىي جەھەتتىن تولۇق قوشۇلۇپ، ئېتنىك، دىن، سىياسىي، ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر ھەم دۇنيا قاراش جەھەتتىن تولۇق بىر گەۋدىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار ئېسىپ ئۆتكەن بۇنداق جەريان دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ دىنى ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىش تارىخىدا كەمدىن- كەم ئۇچرايدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

[1] بۇ، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرېھىم تۇرسۇن (1973 ـ 2013) نىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرغان ماقالىسى بولۇپ، ئاكىسى دوكتور نەبىجان تۇرسۇن تەرىپىدىن تەمىنلەندى.

[2] زەكى ۋەلىدى توگان، «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرىگە قاراڭ.

[3] Махмуд ал-Кашгари Диван Лугат ат-Турк / З-А. М. Ауэзова. — Алма-Ата: Дайк-Пресс, 2005. ( رۇسچە)

ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرىگە قاراڭ.

[4] «كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئاتالغۇ ت.ئالماس ۋە باشقا بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقارا ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا يەنىلا خېشى كارىدورىدىكى «گەنجوۇ» شەھىرى نامى بويىچە مەزكۇر ئۇيغۇر دۆلىتى «گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. رۇس- سوۋېت ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئا.گ.مالياۋكىن ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ «ئۇيغۇر قىسقىچە تارىخى» ( رۇسچە نەشرى) دا بۇ ئاتالغۇ قوللىنىلدى.

[5] Davidovich, E. A. (1998), "Chapter 6 The Karakhanids", in Asimov, M.S.; Bosworth, C.E., History of Civilisations of Central Asia, 4 part I, UNESCO Publishing, pp. 119–144

[6] بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى كىتابلارغا قارالسۇن:

Б а р т о л ь д В.В. История Туркестана // Бартольд В.В.Собрание сочинений ( V.V. Bartold Eserliri.2-tom.1-qisim) . Т. 2. Ч. 1. С. 121. Гафуров Б.Г. Таджики. Древнейшая, древняя и средневековая история ( B.G. Gapurof. Tajiklar: Qedimkiweotturaesirlertarixi. 2-tom.Dushenbe. Т. 2. Душанбе: Ирфон, 1989. С. 86-95.( rusche )

[7] ۋېي لياڭتاۋ .قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى ئوچېرىكى . 1986 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە.

[8] Elverskog, Johan (2010). Buddhism and Islam on the Silk Road. University of Pennsylvania Press. p. 95. Valerie Hansen (2012-10-11). The Silk

.Road: A New History. Oxford University Press. pp. 227_228

Махмуд ал_Кашгари Диван Лугат ат_Турк / З_А. М. Ауэзова. — [9] Алма_Ата: Дайк_Пресс, 2005. (Rusche terjimisi). 982_ _bet. We yene u maqalige qaralsun; R. Каримова. «Диван Лугат ат_Тюрк» Махмуда Кашгари как источник по истории и культуре Центральной Азии.( ( R.Kerimova. Maxmut Qeshqerining “Diwanu Lughetit Türki” ning Merkiziy Asiya tarixi we medeniyiti boyiche menbelik roli toghrisida). Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000_летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. с ..23_24

[10] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1981-يىل، 1-توم. 447-448- بەتلەر.

[11] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1981-يىل، 1-توم. 474- بەت.

А. Камалов. Махмуд кашгари об Уйгурском Турфанском княжестве [12] ( A.Kamalov. <>). Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000_летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. 27_betler (rusche). R. Каримова. «Диван Лугат ат_Тюрк» Махмуда Кашгари как источник по истории и культуре Центральной Азии. Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», .посвященная 1000_летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. С.24

[13] سوڭ سۇلالىسى تارىخى، 490- جىلد، ئەنەتكەك، ئۇدۇن قوچۇ تەزكىرىلىرى، «بەش دەۋر ۋە سوڭ، ياۋ جىن يۈەن سۇلالىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2011- ،ئۈرۈمچى. 204_205-بەتلەر ( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

[14] سوڭ سۇلالىسى تارىخى، 490- جىلد، ئەنەتكەك، ئۇدۇن قوچۇ تەزكىرىلىرى، «بەش دەۋر ۋە سوڭ، ياۋ جىن يۈەن سۇلالىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2011- ،ئۈرۈمچى. 204_205-بەتلەر( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

Зифа_Алуа М. Ауэзова.Эпоха раннего мусульманства в отражении [15] тюркских источников (на примере Диван Лугат ат_ТуркМахмуда ал_Кашгари) ( Zifa alua M. Awizova. Türkiy menbelerdiki Deslepki Musulmanliq bayanliri . Maxmut Qeshqerining << türkiy tillar diwani >>

asasida.«Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация». Под. ред. А. .Камалова. Алматы, изд-во «Наш мир», 2006, С. 46-55

[16] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1984 - يىل، 3 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى. 232 - بەت.

Набиджан Турсун.Краткий очерк культуры Уйгурского [17] .Турфанского идыкутства

(نەبىجان تۇرسۇن: تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ). http://uighur.narod.ru ( رۇسچە). چېن سۇلو: تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى، ( تاڭ ۋە سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماقالىلەر توپلىمى.) 1993 -يىلى، بېيجىڭ. 257 -بەت . 258 -بەتلەر ( ).

[18] نەبىجان تۇرسۇن: مەخمۇد قەشقەرىينىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى. Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему . юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. 63-bet

[19] بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكى ئەسەرگە قارالسۇن:

К о ч н е в Б. Д. Нумизматическая история Караханидского каганата (991—1209 гг.) ( B.d.Kochnév. Qaraxanilar qaghanliqining pulchiliq tarixi" 991- .1209" ). Москва «София», 2006. 147-148-betler

Набиджан Турсун.Краткий очерк культуры Уйгурского [20] Турфанского идыкутства.( Nebijan tursun. Turpan uyghur idiqutluqi medeniyiti heqqide qisqiche bayan ). «Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация». Под. ред. А. Камалова. Алматы, изд-во «Наш мир», 2006. http://uighur.narod.ru. Mezkur mesile üchün yene töwendiki eserlerge qaralsun ; М. И. Ерзин. Уйгур Совет мэтбуатининг тарихи. Алма-Ата, 1980, С.236; Laszlo Rasonyi. Tarihte Türklük. Ankara, 1988, S. 111-113; A. Zeki Velidi Togan. .Umumi Türk Tarihine Giris. Istambul, 1981, S.272 (a.b.s.d), S.99-100

А.Г. Малявкин. Уйгуры и тибетцы в Ганьсу во 2-ой половине IX [21] века. // Центральная Азия и Тибет. ( A.G. Malyawkin. Uyghurlar we tibetler 9- (esirning 2-yérimida) Новосибирск: 1972. С. 78-83.( Rusche

[22] چېن سۇلو: «گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىرى نەسەبنامىسى ھەققىدە ئىزدىنىش».. « تاڭ ۋە

سوك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ماقالىلىرى توپلىمى» ، 1993، خەلق نەشرىياتى، 14ـ149ـبەتلەر ().

Michael Dillon (2004). Central Xinjiang: China’s Muslim far northwest. [23] .Psychology Press. p. 10

[24] لاڭ يىن: ««قۇتادغۇ بىلىك› تىكى بۇددىزم ئىدىيىلىرى ھەققىدە ئويلار»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى . ـ ئۈرۈمچى، 1986. ـ № 1؛يەنە شۇ ئاپتور«‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى»). ـ ئۈرۈمچى، 1992.

[25] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، 1998ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 116ـ بەت.

[26] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، 1998، شۇ ئەسەر. 116ـبەت.

ئەسلىي مەنبە: باغداش مۇنبىرى

# شىئە ــ ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا

**مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىم**

شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە تارمىقى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسلام ئەللىرىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋە دىنىي ھاياتىدا زور رول ئويناپ كەلدى. ئۇ، سىياسى سەھنىدە پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ ماراكەش، مىسىر، ئىران ۋە يەمەن ئەللىرىدە ئىسمائىلىزىمنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇستەقىل دولەتلەر تەسىس قىلدى.

ئىسمائىلىزىم ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىدا بىر مۇنچە ئەگرى ــ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن زور ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ سەۋەپچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى. ئىسلام دىنىدىكى فىرقىلەر ۋە مەزھەپلەر ئارىسىدا ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن كۆپ جەلپ قىلغىنى ئىسمائىلىيە فىرقىسى بولدى. ئىسمائىلىزىم توغرىسىدا تارىختىن بېرى نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسمائىلىيە فىرقىسى بىر قىسىم شەرقشۇناسلارنىڭ ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى.

شىئە ــ ئىسمائىلىيە مەزھىپى بۈگۈنكى كۈندە پاكىستان، بىرما، ھىندونېزىيە، شەرقىي ئافرىقا، ھىندىستان، جەنۇبىي ئافرىقا، ئىران، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ۋە ئېلىمىزدىكى تاجىك مىللىتى ئارىسىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا ئىسمائىلىزىمنى تەتقىق قىلىش ــ تارىخىي جەھەتتىن ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، رىيال ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

مەن بۇ ماقالامدا شىئە ــ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارىخى، تەشكىلى تۈزۈملىرى، ئەقىدىلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمەن.

1

ئىسمائىلىيە فىرقىسى شىئە مەزھىپىنىڭ تارمىقى بولۇپ، ھىجرىيە 147 ـ (مىلادىيە 766 ـ) يىللىرى، شىئە مەزھىپىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئۇ، ئىسمائىلىيە فىرقىسى بولۇپ شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى، ئادەتتىكى شىئە مەزھىپى بىلەن تۈپ يىلتىزى بىر ئىدى. دەسلىۋىدە شىئەلەر بىلەن

باشقا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ـ پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارى كىم بولۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت بىرلا نۇقتا بىلەن چەكلىنەتتى. چۈنكى شىئەلەر ئىمامەت (دىنىي ۋە سىياسى جەھەتتىن پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارى بولۇش ۋەزىپىسى) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قانۇنىي ھەققى دەپ قارايدى. سۈننىلار تەرىپىدىن چاھارىيار دەپ تونۇلغان 4 خەلىپە ئىچىدىن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ خەلىپىلىكىنى شىئەلەر ئېتىراپ قىلمىدى. مۇنداقتا شىئەلەرنىڭ ئۆمەۋى، ئابباسى خەلىپىلىرىنى ۋە باشقا ھۆكۈمرانلارنى ئېتىراپ قىلماسلىقى تەبىئى ئىدى.

شىئەلەر بىلەن سۈننىلەر ئارىسىدا تۇغۇلغان بۇ تۈنجى ئىختىلاپ يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت دەسلىۋىدە ئانچە چوڭقۇر بولمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا ـ بارا بۇ ئىختىلاپ كېڭىيىپ، شىئەلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارشى ئۇلارنىڭ ئاساسى دىنىي ئەقىدىسىگە ۋە مەزھىبىنىڭ تۈپ پەلسەپىسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تارماق مەسىلىلەرنى ۋە يېڭى ـيېڭى پىكىرلەرنى شاخلىتىپ چىقاردى.

ئىشنىڭ دەسلىۋىدە شىئەلەر: دىنىي ئىشلار پەقەت ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپتىن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمەدىن بولغان ئەۋلادلىرىدىن تەلىم ئېلىنىش كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى ئۇنىڭ شەرىئىتىنىڭ ماھىيىتىنى ھەممىدىن ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئىلمىنىڭ ۋارىسلىرى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە سىياسى يېتەكچىلىرى، ئۇلار پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ خەلىپىسى بولۇش كېرەك، دەپ قارايدى.

بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، شىئەلەرنىڭ بۇ تەشەببۇسى قەدىمقى دەۋرلەردە رىم، يۇنان، بابۇل، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردە يولغا قويۇلغان ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمنى ئىسلام يۇرتلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مەزكۇر دۆلەتلەردە پۇقرالار پادىشاھلارغا ھەم دىنىي ھەم دۇنياۋى نۇقتىدىن قارايتتى.

ھۆكۈمەتلەر ئىلاھى ھۆكۈمەت ھېسابلىناتتى. پادىشاھ مۇقەددەس ئىلاھ سانىلاتتى. پادىشاھ مەيلى زالىم، مەيلى مۇستەبىت بولسۇن، پۇقرالار ھامان ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدىكى، قارشى چىقىشقا ھېچ كىشىنىڭ ھەققى يوق ئىدى. شىئەلەر بۇ تۈزۈمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، دەسلىۋىدە ئەلىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئىدى. شىئەلەر نەزىرىدە ئىمام (دىنىي ۋە سىياسى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھەممە شەرتسىز بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان مۇقەددەس شەخس)نى ئادەتتىن تاشقىرى خىسلەتلەر بىلەن سۈپەتلەش بىلەن كۈپايىلەنگەن ئىدى. ئابباسىلار دەۋرىدە ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى كۈچەيدى. پۈتۈن جەمىيەت قاتلاملىرى بۇيىچە زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتى قوزغالغان ئىدى. كىشىلەر ئىجتىمائى زۇلۇمدىن

www.kitaphumar.net

قوْتوْلشقا ئىنتىلەتتى، زالىم پادىشاھلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتنى قارشى ئالاتتى.

شىئەلەر كىشلەرنىڭ بۇ خىل كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىئەلەر ئابباسىلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «ئادالەتلىك جەمىيەت» بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كىشلەرنى پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن نوپۇزلۇق بىر زاتنى ئىماملىققا تىكلەپ، دىنىي ۋە سىياسى جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە، بارلىق ئىشنى ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىشقا دەۋەت قىلدى. شىئەلەر ئەمەلى ئىشقا كىرىشىپ، گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا رەۋىشتە كەڭ دائىرىلىك پائالىيەت ئېلىپ باردى.

شىئەلەرنىڭ ئىنسانلارنى زۇلۇمدىن قۇتقازغۇچى ئىمام توغرىسىدىكى تەرغىباتلىرى جەمىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلغان ئىدى. جاپاكەش خەلق ئىچىدە شىئە مەزھىپىنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيدى. ئابباسىلار شىئەلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن قاتتىق چۆچىدى. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇنداق ھەرىكەتلەرنى دەھشەتلىك باستۇردى. پەيغەمبەر نەسلىگە مەنسۇپ بولغانلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى، بىر قىسمىنى زىندانغا تاشلىدى. ئامان قالغانلىرى تۆرلۈك جايلارغا پىتراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىئەلەرنىڭ ئۆزغايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى توختاپ قالمىدى. پۇرسەت تاپسىلا ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، تارقىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. شىئەلەرنىڭ دەسلەپكى ئەقىدىسى بويىچە، پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغانلارنىڭ كىمنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ بولسا، شۇ كىشى شىئەلەرنىڭ ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا يېشى چوڭى باشچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەقىدە تەرەققى قىلىپ، ئەلى ئوغلى ھۆسەيىن ئەۋلادىدىن ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە بىلىملىك بولغىنى باشچىلىق قىلىشقا ئۆزگەردى. شۇ شەرتكە ئەڭ لايىق كېلىدىغىنى جەپەر سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا شىئەلەردىن نۇرغۇن خەلق توپلاندى.

جەپەر سادىق بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلىغى، قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈگى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ھاياتىدا ئۆزىنى شىئەلەرنىڭ ئىمامى دەپ جاكارلىمىدى. شىئە مەزھىپى ئىمامىيە تارمىغىنىڭ قارىشىچە، جەپەر سادىق شىئە مەزھىپى ئەقىدىلىرىگە ئاساس سالغۇچى شىئىزىم مەكتىۋىنىڭ ھەقىقى قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. جەپەر سادىقنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى بىر قەدەر مۆتىدىل بولغانلىقتىن، ئەينى

زاماندا مەيلى شىئەلەر بولسۇن، مەيلى سۈننىلەر بولسۇن، ئۇنى ھەممىسى قوبۇل قىلالايتتى. ئۇنىڭ دەرس ھەلقىلىرىدا شىئەلەرمۇ، سۈننىلەرمۇ بولاتتى. سۈننى مەزھىبى ھەنىپى تارمىقىنىڭ ئاساسچىسى ـ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە، سۈننى مەزھىبى مالىكى تارمىقىنىڭ تارمىقىنىڭ ئاساسچىسى ـ ئىمام مالىك ئىبن ئەنەس، مۇئتەزىلىلەر فىرقىسىنىڭ ئاساسچىسى ـ ۋاسىل ئىبن ئەتا قاتارلىق ئالىملار ئەنە شۇ جەپەر سادىقنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. جەپەر سادىقنىڭ ئىلىم ئىھاتىسى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتى مۇساجابىر جەپەر سادىقنىڭ 500 رىسالىسىدىن تەركىپ تاپقان مىڭ ۋاراقلىق بىر كىتاب تەسنىپ قىلغان ئىدى. جەپەر سادىقنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تولىسى زايا بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە ئۇنىڭ ئازغىنىسى يېتىپ كېلەلىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا يات ئېلېمېنتلار قوشۇلدى. ئۇ، ئېيتمىغان سۆزلەر ئۇنىڭغا چاپلاندى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا غەيرى دىندىكىلەرنىڭ بىر قىسىم دىنىي ئىدىيىلىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ، شىئە مەزھىبىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە، خىلمۇ ـ خىل شىئە مەزھىبى فىرقىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

جەپەر سادىق مىلادىيە 765 ـ يىلى (ھىجرىيە 142 ـيىلى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر كىمنى ئىمام دەپ تونۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ، ئىككى فىرقىغا بۆلۈندى: جەپەر سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئىمام دەپ ئېتىقات قىلغۇچىلار ئىسمائىلىيە فىرقىسى بولۇپ شەكىللەندى. جەپەر سادىقنىڭ يەنە بىر ئوغلى مۇساكازىمنى ئىمام دەپ ئېتىقات قىلغۇچىلار مۇساكازىمنىڭ ئىسمىنى ئاساس قىلىپ «مۇسەۋىيە» ياكى ئۇلار ئېتىقات قىلىدىغان ئىماملارنىڭ سانى ئون ئىككى بولغانلىقىغا ئاساسەن «ئىسنا ئەشەرىيە» (ئون ئىككىلەر)دەپ ئاتالدى

جەپەر سادىقنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ھەققىدە مۇنداق 3 خىل رىۋايەت مەۋجۇت:

1 ـ خىل رىۋايەتتە: جەپەر سادىق ئوغلى ئىسمائىلنى ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغانلىقتىن، ئىمامەتلىكتە ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، دېيىلىدۇ. لېكىن ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى جەپەر سادىقنىڭ ئىسمائىلنى ئىمامەتتىن قالدۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئىسمائىل مەسۇم (پاك) بولغانلىقتىن، ھاراق ئىچكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ مەسۇملىقىغا زىيان يەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامەتكە بولغان لاياقىتىنى يوقاتمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

2ـ خىل رىۋايەتتە: ئىسمائىل بولسا، ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولغان، ئىماملىق ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەتكە قالغان، چۈنكى ئۇلار ئىماملىق بالىدىن ـ بالىغا قالىدۇ، بىر تۇققانغا قالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىسمائىلىلەر بۇ قاراشنى ئىسپاتلاشتا ئۇلارغا خاس بولغان باتىنى تەئۋىل بويىچە، مۇنۇ ئايەتكە ئاساسلىنىدۇ: «ئىبراھىم مۇشرىكلەرنى بۇتپەرەسلىكتىن قايتسۇن دەپ،

كەلىمە تووھىدنى ئەۋلاتلىرىغا باقى قالدۇرغان.» سۈرە زۇخرۇف 28 ـ ئايەت. ئۇلار بۇ ئايەتتىكى «كەلىمە» دېگەن سۆزنى «ئىمامەت» دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مۇھەممەتنى ئىمام دەپ تونۇپ، مۇھەممەتنىڭ تاغىسى مۇسا كازىمنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، دېيىلىدۇ.

3 ـ خىل رىۋايەتتە: ئىسمائىل ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەمەس، ئاتىسىدىن 5 يىل كېيىن ئۆلگەن، ئاتىسى جەپەر سادىق ئابباسىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ ئوغلى ئىسمائىلنى يالغاندىن ئۆلدى قىلىپ كۆرسەتكەن، دېيىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە فىرقىسى دېگەن نامنىڭ ئۆزى ھىجرىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن تارىخ بېتىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مىلادىيە 765 ـ يىلى (ھىجرىيە 142 ـيىلى) جەپەر سادىق ۋاپات بولغاندىن تارتىپ تاكى 909 ـ يىلى (ھىجرىيە 296 ـ يىلى) مەھدى ئوبەيدۇللانىڭ ماراكەشتە ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتىغا قەدەر بولغان بىر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكەن ئىسمائىلىيە ئىماملىرى توغۇرلۇق تولۇق ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئىسمائىلىيە فىرقىسى بۇ مەزگىلنى يوشۇرۇن دەۋر دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردە ئىماملار ئابباسىلەرنىڭ باستۇرۇشىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئىسمائىلىيە فىرقىسى ئاپتورلىرىنىڭ يوشۇرۇن دەۋر ئىماملىرى ئۈستىدە يازغانلىرى ئىما ۋە كىنايە ئارقىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بىرەر توغرا يەكۈن چىقىرىش قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاپتورنىڭ يازغىنى بىلەن يەنە بىر ئاپتورنىڭ يازغىنىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەر بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. ئىسمائىلىيە فىرقىسى ئىچىدە چوڭ تارىخچى ھېسابلانغان دائى (تەرغىباتچى) ئىدرىس ئىمادۇددىن ئىبنى ھەسەن (مىلادىيە 1467 ـ يىلى، ھىجرىيە 872 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «ئويۇنۇلئەخبار» دېگەن كىتابىدا دائى. مەنسۇر ئىبنى ھەۋشەبنى 782 ـيىلى (ھىجرىيە 169 ـ يىلى) نىھاۋەندە قەلئەسىنىڭ ھاكىمى ئىدى، دەپ يازىدۇ. ھالبۇكى، مەنسۇر ھىجرىيىنىڭ 3 ـ ئەسرىدە ئۆتكەن ئادەمدۇر. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ: مۇھەممەت تەقى دەپ ئاتالغان ئىمام ئەھمەت ئىستامبولغا باردى، 843 ـ يىلى (ھىجرىيە 229 ـ يىلى) ئىستامبۇلدا ۋاپات بولدى، دېگەن سۆزىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە ئىسلام دىنى ئىستامبۇلغا كىرمىگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئىستامبۇل بىزانس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى.

ئىسمائىلىيە فىرقىسى تارىخچىلىرىنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇن دەۋر ئىماملىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ سانىنى بەزىلەر ئۈچ، بەزىلەر بەش ۋە بەزىلەر يەتتە ھېسابلايدۇ. كۆپ سانلىق ئىسمائىلىيە فىرقىسى تارىخچىلىرى

ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ 1 ـ ئىمامىدىن يوشۇرۇن دەۋرنىڭ ئاخىرقى ئىمامىغىچە بولغان ئىماملارنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىدۇ:

ھەسەن ئىبن ئەلى ئەبۇتالىپ، مۇھەممەت باقىر ئىبن ئەلى ئەبۇتالىپ، ئەلى زەينۇلئابىدىن ئىبن ھۈسەيىن، مۇھەممەت باقىر ئىبن ئەلى زەينۇلئابىدىن، ئەھمەد ئىبن ئابدۇللا، ھۈسەيىن ئىبن ئەھمەت (بۇ، يوشۇرۇن دەۋرنىڭ ئاخىرقى ئىمامى ھېسابلىنىدۇ).

يوشۇرۇن دەۋر ئىماملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەسەبىنىڭ پەيغەمبەرگە تۇتىشىدىغانلىغى ھەققىدە ئەينى زامان كىشىلىرىدە زور گۇمان تۇغۇلغان ئىدى. ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ ئىمامى ئەزىز ئىبن مۇئىزلىدىنىللا مىسىردا ئەمەلىي ھاكىمىيەت قۇرغان چېغىدا، خۇتبە ئوقۇيدىغان مۇنبەردە 5 كۇبلىت شېئىر يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۇچرىتىدۇ، ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى مىسرالىرى مۇنداق ئىدى:

ئەرەبچە تېكستى:

إنا سمعنا نسبا منكرا
يتلى على المنبر في الجامع
إن كنت فيما تدعي صادقا
فاذكر أبا بعد الأب الرابع

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى:

جامەدە خەتىپلەر مۇنبەر ئۈستىدە،
يات ئېتەر نامىڭنى خوجا دەپ سېنى.
خوجىلىق دەۋايىڭ راس بولسا ئەگەر،
بەشىنچى بوۋاڭ كىم؟ ئەيتىپ باق قېنى؟.

ئەزىز بۇنى ئوقۇپ، لام ـ جىم دېمەيدۇ. مۇئىزلىدىنىللا پايتەخت قاھىرەگە يۆتكىلىپ كەلگەندە مىسىرنىڭ ئەربابلىرى، ئۆلىمالىرى، ئۇ ئىزلىدىنىللا ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭ نەسەبىنى سورايدۇ، ئۇ: مېنىڭ نەسەبىم مۇشۇ! دەپ قىلىچنى سۇغۇرۇپ كۆرسىتىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسمائىلىيە فىرقىسى مۇئەللىپلىرنىڭ يوشۇرۇن دەۋر ئىماملىرىنى بايان قىلىشتىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشتا ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبىگە تەنە قىلىشتا،

ئۆز رەقىپلىرىنىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر قورال بولۇپ قالغان ئىدى. تارىختا پاتىمىيە دۆلىتى دەپ ئاتالغان ئىسمائىلىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى ئۇبەيدۇللا مەھدىنىڭ خوجىلىق دەۋاسىغا قارشى سۇننىلار، شىئە مەزھىبى ئىسنا ئەشەرىيە تارمىقىدىكىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. چۈنكى بۇ ھەقتە: ئۇبەيدۇللا مەھدى سۇلەيمىيەدىكى بىر تۆمۈرچى يەھۇدىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قېپقالغان، تۇل قالغان ئانىسى شىئىلەردىن بىر مەرتىۋىلىك ئادەمگە ياتلىق بولغان، ئۇبەيدۇللا ئۆگەي ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ، خوجىلىق دەۋاسى قىلغان، ئاندىن كېيىن ئىماملىق دەۋاسى قىلغان، دېگەن رىۋايەتمۇ؛ ئۇبەيدۇللا مەھدى بولسا ئىمام جەپەر سادىقنىڭ قاچا ـ قومۇچ باشقۇرىدىغان خادىمى ئابدۇللا قەرداھىنىڭ نەسلىدىن ئىدى، دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

ئىسمائىلىيە فىرقىسىنى رەقىپلىرى يوشۇرۇن دەۋر ئىماملىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبى توغرۇلۇق شۇنچە ئېيىپلىغان تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىل ـ پاكىتلىرىنى قويماستىن، پەقەت ئىماملارنىڭ نەسەبى پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمە زەھراغا تۇتۇشىدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ، خالاس.

2

ئىسمائىلىيە ھەرىكىتى يوشۇرۇن ئىماملار دەۋرىدىلا باشلاندى. ئۇنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئىمامنىڭ ئېنىق ئىسمىنى ئېيتماي، جەپەر سادىقنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئىبن ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن بولغان، مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان مەھدى نامىدىن دەۋەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. مەنسۇرۇلىيە مەن دەپ ئاتالغان ھۇسەيىن ئىبن ھەۋشەبىنىڭ يەمەندە ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تۇنجى قېتىملىق ئىسمائىلىيە ھەرىكىتىدۇر. ئۇ، 879 ـ يىلى (ھىجرىيە 266 ـ يىلى) دەۋەت ئېلىپ بېرىپ، يەمەندىكى قەبىلىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى توپلاپ بىر قانچە قورغان ۋە قەلئەلەرنى فەتھى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلىيە ئىمامى نامىدىن تارىختا تۇنجى ئىسمائىلىيە دۆلىتىنى قۇردى. ئاندىن ئىبن ھەۋشەبىنىڭ ھەرىكىتى سىرتتا كېڭىيىشكە باشلاپ، ئەتراپقا دائىلەر (تەرغىباتچىلەر) ئەۋەتتى. ماراكەشكە ئالدىدا ھۇلۋان بىلەن سۇفيانىنى، ئۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ ئابدۇللا شىئەنى مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغۇن مەھدى نامىدىن تۇنىسنىڭ شىمالىغا ئەۋەتتى. بۇ يىللاردا بەھرەيىندە تارىختا قارامىتلەر ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان ئىسمائىلىيە ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەرىكەت ئابباسىلار ھاكىمىيىتىنى تەمتىرىتىپ قويىدى. قارامىتلەر بىر قانچە جەڭلەردە ئابباسىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. قارامىتلەر ھەج مەۋسۇمىدە ھەرەمگە باستۇرۇپ كىرىپ، كەئبىدىكى

ھەجەر ئەسۋەد (قارا تاش)نى يۇلۇپ ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى ھۇجرىغا يۆتكەپ كەتتى. ھەجەر ئەسۋەد 339 ـ ھىجرىيىگە قەدەر ئىھس شەھرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ تۇردى. ئاخىر ئۇنى قارامىتلەر مەنسۇر پاتىمىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز جايىغا ئېلىپ كېلىپ قويدى. لېكىن، قارامىتلەر ئابباسلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئىسمائىلىيە ئىماملىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. ئىماملارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، ئائىلە ئەزالىرىدىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ بۇ چاغدىكى ئىمامى ئۇبەيدۇللا مەھدى ئىدى. ئۇ، قارامىتلەردىن قېچىپ مىسىرغا، ئۇ يەردىن تۇنىسنىڭ شىمالىغا بېرىش بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويدى. مۇندىن ئىلگىرى ئۇ، يوشۇرۇن يۈرەتتى. ئۇنى ئابباسلار قوغلاپ يۈرۈپ تۇتىۋېلىشقا تاس قالغان ئىدى. ئاخىرى ئەغلەبىلەر تۇتىۋېلىپ تۈرمىغا تاشلىدى. بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭ ماراكەشتىكى دائىسى ئەبۇ ئابدۇللا شىئى ئاڭلاپ، كىتامە قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشلەرنى باشلاپ كېلىپ، مەھدىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرمىداشلىرىنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇ، مەھدىنى ئۇلاققا مىندۈرۈپ، يېتىلەپ يۈرۈپ: مانا بۇ سىلەرنىڭ ئىمامىڭلار بولىدۇ، مانا بۇ ـ مەھدى بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلىيە ھەركىتى ئاشكارىلىنىش دەۋرىدىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. مۇندىن ئىلگىرى ئۇبەيدۇللا مەھدىنىڭ ئىمام ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن يۇقىرى دەرىجىلىك دائىلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. مەھدى بۇچاغلاردا سۈلەيمىيە شەھرىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ئەتراپىغا دائىلار ئېۋەتتى. مەھدىنىڭ دائىلىرى ئۇنىڭ ھەققىي ئىسمىنى، تۇرار جايىنى ئېيتماي، پەقەت پات ئارىدا مەيدانغا چىقىدىغان قانۇنلۇق ئىمام مەھدى ئۈستىدە بىشارەت بېرەتتى. كىشلەرنى شۇنىڭغا ئېتىقات قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى تەشۋىق قىلاتتى.

ئۇبەيدۇللا مەھدى قارامىتلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋە خاندانىنى ۋەيران قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قەيەرگە قېچىش مەسىلىسىنى ئويلاندى. ئۇنىڭدا قارامىتلەرگە تاقابىل تۇرغىدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇش كۆرمىگەن، تېچ شارائىتتا دەۋەت بىلەن شۇغۇللانغان يېنىدىكى ئازغىنا تەرغىباتچىلىرىغا يۆلىنىپ، ئاباسلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان قارامىتلەرگە قارشى تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقا جايلارغا قارىغاندا، يەمەن بىلەن ماراكەشتە ئۇبەيدۇللا مەھدىنىڭ تەسىرى زور ئىدى. بۇ ئىككى جايدا ئىسمائىلىيە فىرقىسى كەڭ تارالغان، ئۇنىڭ دائىلىرى تەرىپىدىن مەھدىنىڭ نۇپۇزى تىكلەنگەن ئىدى. كەلگۈسىدىكى غايىسنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەھدىنىڭ ئالدىدا بۇ ئىككى جاينىڭ بىرسىنى تاللاش مەسىلىسى تۇراتتى. ئۇبەيدۇللا مەھدى يىراقنى كۆرىدىغان پاراسەتلىك سىياسەتچى ئىدى. ئۇ، ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن، خەۋىپ ـ خەتەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي ماراكەشكە سەپەر قىلدى. بۇ يەردە ئۇ، 999 ـ يىلى (ھىجرىيە 297 ـ يىلى) تارىختا

«پاتمىيە دۆلىتى) دەپ ئاتالغان شەۋكەتلىك دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولىدى. پاتمىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى، تۇنۇسنىڭ شىمالىدىكى بەر ـ بەر قەبىلىسىنىڭ تولىسى سۈننى مەزھىپىدە ۋە بەزىلىرى خاۋارىج مەزھىپىدە ئىدى. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ يۇقىرقى مەزھەبلەر بىلەن توقۇنۇشى تەبئىي ئىدى. مۇنداق بولغاندا مەھدىنىڭ سىياسىتى زور توسالغۇغا ئۇچرايتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدەۋىي قەبىلىلەرگە بىرەر يېڭى مەزھەبنى قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش قىيىن ئىدى. مەھدى ئەنە شۇ توسالغۇلارنى يېڭىپ تاشلاپ تۇنىستىكى ئەغلەبىلەر دۆلىتىنى تارمار قىلىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «پاتمىيە دۆلىتى»نىڭ ئاساسى تېخى مۇستەھكەملەنمەي تۇرۇپلا، مەملىكەت ئىچىدە ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ چىقىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغىنى ئەبۇيەزىد باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ ئىدى. ئەبۇ يەزىد ئەسلىدە خەۋارىجلار مەزھىپىدە بولۇپ، شىئە مەھىپىگە تولىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇ، ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، مەھدىنىڭ ۋاپات بولغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، «پاتمىيە دۆلىتى» قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ھەتتا مەھدى تۇنىسدا بىنا قىلغان پاتمىيەلەرنىڭ پايتەختى «مەھدىيە»نى مۇھاسىرە قىلىۋالدى، شۇنداقتىمۇ بۇ قوزغىلاڭ پاتمىيلەرنىڭ 3ـ خەلىپىسى تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلدى. ئەبۇيەزىد 946ـ يىلى (ھىجرىيە 335ـيىلى) ئۆلتۈرۈلدى.

ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەزھەبنىڭ تەسىرىمۇ زورىيىشقا ۋە دۆلەت دائىرىسىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۇبەيدۇللا مەھدى ماراكەشتە پاتمىيە دۆلىتىنى قۇرغان چېغىدىن باشلاپلا شەرىق تەرەپكە يۈزلىنىپ، دۆلەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ پاتمىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭمۇ سىياسىتى بولۇپ قالدى. شەرىققە كېڭىيىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئۇبەيدۇللا مەھدىنىڭ كۆزى مىسىرنى مەركەز قىلىشقا تىكىلەنگەن ئىدى. ئۇبەيدۇللا مىسىرنى ئىخشىدىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن 3 قېتىم قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئاباسىلارنىڭ مىسىرغا بەرگەن ياردىمى تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. پاتمىيلەرگە قارشى ماراكەشتىكى قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى پارتلاش بىلەن پاتمىيلەرنىڭ مىسىرغا قىلغان ھەربى يۈرۈشلىرى توختاپ قالدى. بۇ چاغدا ئىسمائىلىيە فىرقىسى ئۆز ئەقىدىسىنى مىسىرلىقلار ئارىسىدا تارقاتماي تۇرۇپ، نۇقۇل ھەربى كۈچكە تايىنىپ مىسىرنى ئىشغال قىلىشنى ھەس قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىسىرغا ئىسمائىلىزىمنى تەشۋىق قىلىدىغان دائىلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار مىسىرغا بېرىپ ئىسمائىلىزىم ئەقىدىلىرىنى، ئىسمائىلىيە ئىماملىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى، ئىخشىدى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىدىن خالاس تېپىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە پەقەت پەيغەمبەر نەسلىدىن بولغان ئىمامنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىلا

ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ تىكلىنىدىغانلىقى تەشۋىق قىلدى. فەيرۇز، ئەبۇئەلى، ئەبۇلھۇسەيىن، ئەبۇجەپەر قاتارلىقلار ئەنە شۇ دائىيلاردىن ئىدى. مانا مۇشۇنداق دائىيلار ئارقىلىق ئىسمائىلىزىم تەلىماتلىرى مىسىرغا كىردى. بەزى مىسىرلىقلار ئۇنى ھىجرىيە 358 - يىلى مۇئىزلىدىنىللا قوشۇنى ئۇنى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇنلا قوبۇل قىلغان ئىدى. جەۋھەر سىقىللى قوماندانلىقىدىكى پاتىمىلەر قوشۇنى 969 - يىلى (ھىجرىيە 358 - يىلى) مىسىرنى رەسمىي ئىشغال قىلىپ، ئىخشىدىلەر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جەۋھەر سىقىللى پاتىمىلەرنىڭ پايتەختى قىلىش ئۈچۈن قاھىرەنى بىنا قىلدۇردى ۋە قاھىرەدىكى دىنىي ئۇنىۋېرسىتېت ــ جامئۇل ئەزھەرنى سالدۇردى.

ئىسمائىلىزىمنىڭ ئىسلام شەرقىدە مۇنداق تېز ئىلگىرىلىشىنىڭ زادى سەۋەبى نېمە؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئابباسىلارنىڭ ئەڭ ئاجىزلاشقان دەۋرىدە، 945 - يىلى (ھىجرىيە 334 -يىلى) رەي، جەبەل دېگەن جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئەھمەد ئىبىن بويە فەتھى قىلىش يۈزىسىدىن باغدادقا بېسىپ كىردى. ئۇ: ئابباسىلار زۇلۇم قىلىپ خەلىپىلىكنى ھەقداسى بولغان كىشىلەردىن تارتىۋالغان، دەپ قارايتتى. شىئە مەزھىپىگە ئالاھىدە يەل بېرەتتى، شۇڭا ئىسمائىلىزىم بۇ چاغدا تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. سۈننى مەزھىبى تەرەپدارى بولغان بىر پۈتۈن ئابباسى ئىسلام خەلىپىلىگى پارچىلىنىپ بىر مۇنچە كىچىك دۆلەتلەرگە ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلار، نىمجان بولۇپ قالغان ئابباسى سۇلالىسىنىڭ ئۆلەر ــ تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئۆز ــ ئارا ئۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن، ھەممە يەردە تىنىچسىزلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇرۇشنىڭ بالايى ــ ئاپەتلىرى، ئىجتىمائىي زۇلۇم تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ ھالى زەبۇن ئىدى. ئىسمائىلىيە فىرقىسى مۇنداق ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە «پاراۋان، ئادالەتلىك جەمىيەت» قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقنى كۈچەيتتى. ئۇلار ئىسمائىلىيە ئىماملىرنى بېزەپ، قانداقتۇر «ئادالەتنىڭ مۇجەسسەم سىمۋولى» قىلىپ كۆرسەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە قىزىققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى دائىيلار ۋەدە قىلغان ئاتالمىش ئادىل ئىمامنىڭ سايىسىدا زۇلۇمدىن خالاس تېپىپ تېنچ ھايات كەچۈرۈش ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولغانلىقتىن ئىدى.

پاتىمىيە دۆلىتى ئارقا تېرەك بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شىئە مەزھىپىنىڭ «ئىسنا ئەشەرىيە» تارمىقى ئىراق، ئىرانلاردىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئىسمائىلىزىم نوپۇزىنىڭ سۈرىيە، يەمەنلەردە ئۈلغىيىشىغا ئەنە شۇ ئامىللار سەۋەب بولدى. جايلارغا ئەۋەتىلگەن دائىيلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئىسمائىلىزىم ئىران، ھىندىستانلاردىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى.

www.kitaphumar.net

ھەتتا دائى نەسەبىنىڭ دەۋىتى بىلەن سامانىلاردىن نەسرى ئىبن ئەھمەدمۇ بۇ مەزھەبنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئابباسىلارنىڭ ئىراقتىكى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئەبۇ ھارىس بەساسىرىنمۇ پاتىملەر ئۈزىگە مايىل قىلىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پاتىملەر 1058 ـ يىلى (ھىجرىيە 450 ـ يىلى) باغدادنى ئىستىلا قىلدى. ئىسمائىلىزىم ئىراقتا تېز تارقىلىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلدى. مۇنبەرلەردە ئوقۇلغان خۇتبىلەر تولۇق بىر يىل مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى يەنى ئىسمائىلىزىمنىڭ ئىمامى مۇستەنسىر بىللانىڭ نامىغا ئوقۇلدى.

پاتىملەر پۈتۈن ئىسلام شەرقىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىۋاتقان پەيىتتە، ئۇلار بىلەن سەلجۇق تۈركلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. سەلجۇقلاردىن تۇغرۇلبەگنىڭ قوشۇنى ئالدىدا پاتىملەر مەغلۇب بولدى. شۇنىڭدەك بۇ چاغدا پەلەستىننى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ۋە سۈرىيەنىڭ پاتىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى بەزى شەھەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئەھلى سەلىب، قوشۇن تويلاپ ھەركەتلەنمەكتە ئىدى.

ئەينى زاماندا، ئاھالە ئىچىدە پاتىملەر ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ چىقىشقا باشلىدى. ئىقتىسادىي ھايات يامانلىشىش بىلەن ئاھالە ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى. چۈنكى ئىماملار ھاكىمىيەت تەختىگە چىققاندىن كېيىن خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتتى. دائىلار ئىلگىرى تەرغىب قىلغان قانداقتۇر «ئادالەتلىك جەمىيەت» ئەمەس، ئىجتىمائى زۇلۇم تېخىمۇ ئەۋج ئالغان زۇلمەتلىك جەمىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. يۇقۇرقىدەك ئەھۋاللار ئىسمائىلىزىم نوپۇزىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا ئاجىزلىشىشىغا ئېلىپ كەلدى. بەزى جايلار ئىسمائىلىزىم ئىمامىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. ئەڭ ئالدىدا پاتىملەرنىڭ ئىتائەتىدىن چىقىپ سۈننى مەزھەبنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن جاي ـ ئىسمائىلىزىمنىڭ دەسلەپكى ئۇگىسى ماراكەش بولدى. ئىسمائىلىزىم ئىمامنىڭ نوپۇزى پاتىميە دۆلىتىنىڭ پايتەختى مىسىردىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىراندىن كەلگەن بىر قىسىم دائىلارنىڭ ئىسمائىلىزىمنىڭ ئىمامى ۋە ھۆكۈمرانى ھاكىم بىئەمرىللانى خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتىرىش ياكى ئىلاھلاشتۇرۇش ھەركىتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مىسىرلىقلار بۇ ھەركەتكە قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. يۇقۇرقى دائىلارنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مىسىردىن قېچىپ كەتتى. كىشىلەر ھاكىم بىئەمرىللادىن كۆلەتتى ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى، ھاكىم بىئەمرىللا مىسىرلىقلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قوشتات شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ ئىمامغا قارشى دۈشمەنلىكى كۈچەيدى. ئۇلار ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچتى، ياكى ئۇنىڭدىن شەكلىنىشكە باشلىدى. ئىسمائىلىيە ئىماملىرىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋەزىرلىرى ئۆز

www.kitaphumar.net

ئالدىغا ئىش ئېلىپ بېرىشقا، ئۆز ئارا جېدەل ـ ماجرا قىلىشقا كىرىشتى. شەخسى غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىمامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ۋە ئىسمائىلىزىم ئەقىدىلىرىنى چۆرۈۋەتكەن ئىدى. ئىماملار ۋە ئىماملىق مەنسەپ ئۇلارنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق بولۇپ قالدى. ئىمام قويۇشقا ئىسمائىلىزىم تۈزۈمى بۇيىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ تونۇلغان ئادەمنى ئىمام تىكلەشكە ھەركەتلىنەتتى . ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسى بۇيىچە ئېيتقاندا، ئىماملىق بالىدىن ـ بالىغا قالىدىغان تۈزۈم بولۇپ، ئىمام ئۆلسە ئىماملىق ئۇنىڭ ئوغلىغا قېلىشى كېرەككى، ئوغلى تۇرۇپ قېرىنىدىشى ياكى تاغىلىرى ئىمام بولالمايتى. ئىسمائىلىزىمنىڭ بۇ تۈپ ئەقىدىسىگە بۇ چاغدا ئەمەل قىلىنمىدى، بۇ تۈزۈمگە ئىماملارنىڭ ئۆزلىرى ئەمەل قىلمىغان يەردە باشقىلار ئەلۋەتتە ئەمەل قىلمايتتى.

مۇئىزلىدىنىللا ئۆزىدىن كېيىن ئىمام بولۇشقا ئوغلى ئابدۇللانى تەيىنلىگەن ئىدى، ئوغلى ئابدۇللا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەندە نەۋرىسى ئەمەس يەنە بىر ئوغلى ئېزىزنى ئىماملىققا تەيىنلىدى. شۇنىڭدەك ئىمام مۇستەنسىرىبىللا ئۆزىدىن كېيىن ئىمام بولۇشقا نىزارنى تەيىنلىگەن ئىدى. 1094 ـ يىلى (ھىجرىيە 487 ـ يىلى) مۇستەنسىرىبىللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەزىرى ئەبزەل ئىبنى بەدىر مۇستەنسىرىبىللانىڭ سەغىرە ئوغلى مۇستەئىلنى ئىماملىققا تەيىنلىدى. چۈنكى ئۇ، ۋەزىرنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، ۋەزىر يەنە نىزارنى ۋە ئىزارنىڭ ئوغلىنى ئۆمۈرلۈك تۈرمىگە تاشلىدى. ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ بىر قىسمى مۇستەئىلگە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇنىڭ ئىماملىغىنى ئېتىراپ قىلماي نىزارنى ئىمام دەپ تونىدى. نۇرغۇن دائىلەر نىزارغا دەۋەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلىلەر 1094 ـ يىلى (ھىجرىيە 487 ـ يىلى) نىزارى ئىسمەئىلىيە بىلەن مۇستەئىلى ئىسمائىلىيىدىن ئىبارەت ئىككى فىرقىغە بولۇنۇپ كەتتى. نىزارى ئىسمائىلىيە ـ شەرقىي ئىسمائىلىيە، مۇستەئىلى ئىسمائىلىيە ـ غەربىي ئىسمائىلىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھىجرىيە 408 ـ يىلى ئىسمائىلىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىسمائىلىزىم فىرقىسىدىن بولۇنۇپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا ئىسمائىلىزىمغا يات بولغان ئەقىدىلەردىن تەركىپ تاپقان بىر مەزھەب شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بىز يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، بەزى ئىرانلىق دائىلەرنىڭ ھاكىم بىئەمرىللانى خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتەرگەنلىكى ئىدى. بۇ، دورۇز مەزھىبى دەپ ئاتالدى. بۇ مەزھەبنىڭ باشچىلىرىدىن بولغان دوروزى بىلەن ھەمزە مىسىردىن سۈرىيەگە قېچىپ بېرىپ بەزى قەبىلىلەر ئىچىدە ئۆز مەزھىبىنى تارقىتالىدى. بۇ مەزھەبنىڭ قاراشلىرى ئىسمائىلىزىم ئەقىدىلىرىگە خىلاپ بولغانلىقىدىن، ئىسمائىلىزىم ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا قارشى رەددىيە كىتابلىرىنى يازدى، ئەھمەد ھەمىدۇددىنىڭ «رىسالە ۋائىزە» ناملىق كىتابى شۇ جۈملىدىن ئىدى. ئىسمائىلىزىمدىن بىرىنچى قەدەمدە دوروز مەزھىبى بۆلۈنۈپ چىققان بولسا، ئىككىنچى

www.kitaphumar.net

قەدەمدە نىزارىيە بىلەن مۇستەئلىيە فىرقىلىرى بولۇنۇپ چىقتى. تۆۋەندە بۇ ئىككى فىرقە ئۈستىدە توختىلىمىز:

## 3

غەربىي ئىسمائىلىزىم (مۇستەئلىيە ئىسمائىلىزىم) دەپ ئاتالغان بۇ فىرقە ئەگەشكۈچىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ۋەزىر ئەپزەل تەرىپىدىن تىكلەنگەن مۇستەئلى ئىبن مۇستەنسىربىللانىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، مىسىر، يەمەن ۋە سۈرىيەنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئىسمائىلىلەر مانا مۇشۇ مەزھەبكە مەنسۇپ ئىدى. مۇستەئلى كىچىك بولغانلىقتىن، پۈتۈن ھاكىمىيەتنى تاغىسى ۋەزىر ئەپزەل قولىغا ئېلىۋالىدى، مۇستەئلىنىڭ ئوغلى ئامىرغا قالغاندىمۇ، ئۇ 5 ياشتا بولغانلىقتىن، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئەھمەد ئىبن ئەپزەلنىڭ قول ئاستىدا بولدى. ئامىر ئويۇن ـ تاماشا ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن بولۇپ كەتتى. ئامىر بولسا 1130 ـ يىلى (ھىجرىيە 524 ـ يىلى) نىزارىيە ئىسمائىللىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئامىرنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بالىسى بولمىغانلىقتىن، تاغىسى ھاپىز ئابدۇلمەجىت ئىسمائىلىزىمنىڭ قائىدىسى بويىچە ۋاكالىتەن ئىمام بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا رەسمىي ئىماملىق دەۋاسى قىلدى. مىسىرلىقلار نەزىرىدە ھاكىم بىئەمرىللانىڭ دەۋرىدىن تارتىپلا ئىمامنىڭ مۇقەددەسلىك ئورنى قالمىغان ئىدى. ئۇلار ئىمامنى ئەسلا كۆزىگە ئىلمايتتى، ئىمامنىڭ نوپۇزى ئاجىزلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كىشلەر ئىمام ھاپىزنى مۇھاسىرگە ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەننى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇلار ھاپىزنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى، ھاپىز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھاپىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىماملار دەۋرىدە مىسىردا ئىسمائىلىلەر ناھايىتى ئاز قالغان ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى 1171 ـ يىلى (ھىجرىيە 567 ـ يىلى) ئىسمائىلىلەرنىڭ مىسىردىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مىسىردىكى مۇستەئلى ئىسمائىلىيە فىرقىسى مۇنقەرىز بولدى.

يەمەندىكى مۇستەئلى ئىسمائىلىيە فىرقىسى مىسىرلىقلاردىن باشقا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىمام تىكلىۋالغان ئىدى، بۇلار يىغى مۇستەئلى ئىسمائىلىيە فىرقىسى بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار «تەييىبىيە ئىسمائىلىيە فىرقىسى» ياكى «بوھرە ئىسمائىلىيە فىرقىسى» دېگەن نام بىلەن ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئىسمائىلىزىمنىڭ بۇ فىرقىسى ھىجرىيىنىڭ 10 ـ ئەسىرلىرىگە كەلگەندە، قايسى دائىغا ئەگىشىش توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ داۋۇدىيە ۋە سۇلەيمانىيەدىن ئىبارەت ئىككى فىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتتى. 1612 ـ يىلى (ھىجرىيە 1012 ـ يىلى) ۋاپات بولغان. دائى قۇتبى شاھ داۋۇتقا مەنسۇپ بولغانلار «داۋۇدىيە»، 1589 ـ يىلى (ھىجرىيە

997 ـ يىلى) ئۆلتكەن دائى سۇلايمان ئىبن ھەسەنگە مەنسۇپ بولغانلار «سۇلەيمانىيە» دەپ ئاتالدى. داۋۇدىيە فىرقىسىنىڭ دەۋەت مەركىزى ھىجرىيىنىڭ 10 ـ ئەسىرىدە يەمەندىن ھىندىستانغا يۆتكەلگەن.

مىلادىيە 1624 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئەلى ئىبن ئىبراھىم بوھرە فىرقىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئەلەۋىيە فىرقىسىنى تەشكىل قىلدى. شۇنىڭدەك ھىندىستاننىڭ بارودا ۋىلايىتىدىكى ناجۇشىيە فىرقىسىمۇ ئەنە شۇ بوھرە تائىپىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماقتۇر. بۇ فىرقە ئەسلىدە ھىندىستان براخمان دىنىدە بولۇپ، مىلادىيە 1789 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تەييىبىيە ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردا براخمان دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ گۆش يېمەسلىكتەك بىر قىسىم ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان. يەنە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىبەتۇلا ئىبن ئىسمائىل باشچىلىقىدا بوھرە تائىپىسىدىن بىر فىرقە بۆلۈنۈپ چىقىپ «ھىبەتىيە فىرقىسى» دەپ نام ئالغان. بۇ فىرقە ھىندىستاننىڭ ئەۋجاپ دېگەن جايىغا جايلاشقان. شۇنىڭدەك 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئابدۇلھۇسەيىن باشچىلىقىدا بوھرە تائىپىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان مەھدى باغ نامىدىكى بىر فىرقە بولۇپ، ئۇلار ھازىر ھىندىستاننىڭ ناجبۇر دېگەن جايىدا ئولتۇراقلاشقان. داۋۇد تەييىبىيە فىرقىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان كىچىك فىرقىلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ئاز بولغانلىقتىن، ئىجتىمائى ۋە سىياسى پائالىيەتلىرى ئۆز فىرقىسى دائىرىسىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4

بىز يۇقۇرىدا غەربىي ئىسمائىلىيە ياكى مۇستەئلى ئىسمائىلىيە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى تۆۋەندە ئىسمائىلىزىمنىڭ يەنە بىر چوڭ تارمىقى بولغان شەرقىي ئىسمائىلىيە ياكى نىزارى ئىسمائىلىيە ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇنى پارىس ئىسمائىلىزىمى، شام شەرقىي ئىسمائىلىزىمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ سۆزلەيمىز:

ئالدى بىلەن پارىس شەرقىي ئىسمائىلىزىمنى بايان قىلىمىز. يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، مىسىردا ئىمام مۇستەنسىربىللا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەزىرى ئەپزەل ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى مۇستەئلىنى ئىماملىققا تەيىنلىدى، لېكىن ئىمامنىڭ قانۇنىي ۋارىسى نىزار ئىبن مۇستەنسىر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، نەتىجىدە نىزار ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەپسىگە ئېلىنىپ شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. دائى ھەسەن ئىبن سەبباھ، ئىمام مۇستەنسىرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن پارىستىن مىسىرغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، مۇستەنسىردىن ئوغلى نىزارنى ۋەلى ئەھدىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ھەسەن سەبباھ يۇرتىغا

www.kitaphumar.net

قايتقاندىن كېيىن، سەلجۇق تۈركلىرىگە قارشى جىددىي ھەركەت ئېلىپ باردى. سەلجۇق تۈركلىرىدىن بولغان مەلىك شاھ شىئە مەزھىپىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ ئىسمائىلىيلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالغان ئىدى. ھەسەن سەبباھ سەلجۇقلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەيدانغا كەلگۈسى ئادىل ئىمامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئادالەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئىرانلىق دىخانلاردىن ۋە شىئەلەر ئاممىسىدىن بولۇپ نۇغۇن كىشى ھەسەن سەبباھنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتى. ھەلسەن سەبباھ ئۇلاردىن ئۆز ئەقىدىسى بويىچە پىداكارلىق روھىغا ئىگە قوشۇن تەربىيىلەپ چىقتى. شۇندىن باشلاپ ئۆز رەقىبلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. ھەسەن سەبباھ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنى ياكى ئۇنىڭ يولىغا توسالغۇ بولغانلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ، ئۇنىڭ ئۆز غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى بىردىن-بىر ئۈنۈملۈك چارىسى ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنى ئورۇنداشتا ئۆزى تەربىيىلەپ پىدائىي قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئادەملىرىدىن پايدىلاندى. پىدايىلارنى ئېۋەتىپ دۈشمەنلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇشتا ئادەتتىن تاشقىرى مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. ئۇنىڭغا قارشى ھەركەتتە ياكى باشقىچە پىكىردە بولغانلارنىڭ ھاياتى زور تەھلىكە ئاستىدا قالدى، ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى كىشىلەردە ئەندىشە، جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلغان ئىدى. تارىخچى ئىمادوددىن ئەسفىھانىنىڭ «سەلجۇقلار دۆلىتى تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىدىن ئەينى ۋاقىتلاردا ئەھلى ئىسلامنىڭ روھى كەيپىياتىنىڭ قايسى ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۈرلۈك ھادىسىلەر ۋە ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردى، ئارىمىزدا ئۆسكەن بىر جامائە ئاممىدىن ئايرىلىپ كەتتى، ئۇلار بىز بىلەن بىللە ئوقۇپ، فىقھى ۋە ئەدەبىياتتىن زور مەلۇماتلىق بولغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيانى ساياھەت قىلغان، كاتىپلىق قىلىدىغان پىكىرلىك بىر ئادەم (ھەسەن ئىبنى سەبباھ) بولۇپ، تاكى ئۇ مەيدانغا چىقمىغىچە ئۇنىڭ ئىشى مەلۇم بولمىدى. ئۇ دەھشەتلىك پىتنىلەرنى قوزغىدى. پاجىئەلىك يوسۇندا ئۇتتۇرۇش، چېپىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئاكابىرلارغا ئەجەل يەتكۈزدى، ئۇلاردىن (پىدائىلاردىن) بىر ئادەم نۇرغۇن ئادەمگە ھۇجۇم قىلاتتى، ئۆلتۈرىمەن دىگەن ئادىمنى ئۆلتۈرەلەيتتى، پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىن چارىسىز قالدى». ھەسەن ئىبنى سەبباھنىڭ دەۋرىدە ياشىغان مۇئەررىخنىڭ سۆزى ئەنە شۇ. ئۇ، مەيلى سەلجۇقلاردىن بولسۇن، مەيلى غەربىي ئىسمائىلىلەردىن بولسۇن، ئۆزىگە قارشى پوزىتسىيىدە بولغان ئادەم بولسىلا ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋېتەتتى. پىدائىلار تەرىپىدىن تۇنجى ئۇجۇقتۇرۇلغان كىشى ھەسەن سەبباھنىڭ ساۋاقدىشى ۋەزىر نىزامۇلمۇلك سەلجۇقى بولدى. نىزامۇلمۇلك ئىسمائىلىيە فىرقىسىگە قارشى ھۇجۇم پىلانلىرىنى تۈزگەن ئىدى. ھەسەن ئىبنى سەبباھ قەزۋىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالۇمۇت قەلئەسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇ يەردە

ئىسمائىلىيە دۆلىتىنى قۇردى. بۇ دۆلەت تارىختا ئىسمائىلىيە دۆلىتى، نىزارىيە دۆلىتى، باتىنىيە دۆلىتى، سەبئە دۆلىتى، تەلىمىيە دۆلىتى، ھەششىيە دۆلىتى مەلاھىدە قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالدى. ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە، پىدائىلار خىرىستىيانلارغا قارشى ئۇجۇقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، غەرب ئاپتورلىرى ئۇنى سەففاكىن (قان تۆككۈچىلەر) دۆلىتى دەپ ئاتىدى.

ئىسمائىلىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىسمائىلىزىم تارىخىدا ھالقىلىق نامدار بولغان شەخس ھەسەن سەبباھنىڭ كىملىكىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى. ھەسەن سەبباھ 1039 ـ يىلى (ھىجرىيە 430 ـ يىلى) ئەتراپىدا رەي شەھىرىدە، يەنە بىر رىۋايەتتە، پارىستىكى قۇم شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى كۆرۈنۈشتە سۈننى مەزھىبىدە، ئەمەلىيەتتە بولسا شىئە مەزھىبىدە ئىدى. ھەسەن ئىبن سەبباھنى ئاتىسى ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن نىشاپۇرغا ئەۋەتتى. ئۇ، نىشاپۇردا بىر مۇنچە دوست تۇتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىزامۇلمۇلك بىلەن ئۆمەر ھەييام ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولۇپ، نىزامۇلمۇلك ھەسەن سەبباھقا ياردەم قىلىپ ئۇنى مەلىكە شاھنىڭ سارىيىدا كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن ئىدى. ھەسەن سەبباھنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانلىرى سېزىلىپ سارايدىن ھەيدەلدى، مۇئەررىخ ئالائىددىن جۇۋەينى «جاھان گوشاي» دېگەن كىتابىدا: ھەسەن سەبباھنىڭ ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلغان جەريانى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ: « بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا بىلىم ئېلىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتىم، مەلۇماتىمنى كېڭەيتىشكە قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشاتتىم. كىچىكىمدىنلا ئاتا ـ بوۋىلىرىمغا ئوخشاش شىئە ئىسنا ئەشەرىيە مەزھىبىگە ئېتىقات قىلىپ ئۆستۈم، بۇ ئەقىدىنى دۇنيانىڭ ئاپەتلىرىدىن خالاس تېپىشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى دەپ قارايتتىم. ياشلىقىمدا ئىسمائىلىزىمنىڭ بىر دائىسى بىلەن ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسى ئۈستىدە جىددى مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى..... كېيىن ئەبۇ نەجم سەرراجتىن ئىسمائىلىزىم توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئىسمائىلىزىم تەلىماتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىناتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن دائى مۇئمىن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.....ئۇنىڭدىن مىسىردىكى پاتىمىلەر خەلىپىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىمنى، بەيئىتىمنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە مەندىن چىڭ ۋەدە ئېلىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ، بىر ئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىسمائىلىزىم مەزھىبىگە كىرىپ مىسىردىكى پاتىمىيە ئىمامىنىڭ تەۋەلىرىدىن بولۇپ قالدىم. دائى دۇئات (چوڭ تەرغىباتچى) ئابدۇلمەلىك ئىبن ئەتاش رەيگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا توغرىلاندىم. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمدىن خەۋەر تاپقان ۋە ئىستىدادىمنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، ماڭا دائىلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى، مەن ئىسمائىلىزىم دائىسى بولدۇم. ئۇ ماڭا يوليورۇق بېرىپ: سەن

قاھىرەگە بېرىپ مەۋلايىمىز ئىمام مۇستەنسىرنىڭ خىزمىتىدىن بەھرىمەن بولغايسەن، دېدى. ئابدۇلمەلىك رەيدىن ئەسفىھانغا كەتتى، مەن قاھىرەگە ماڭدىم.»

ھەسەن سەبباھنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى يۇقۇرقى بايانلىرىدىن ئۇنىڭ شىئە مەزھىبى مۇھىتىدا ئۆسۈپ، شىئە مەزھىبى ئەقىدىلىرىنى كىچىكىدىنلا ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ بارغانلىقىنى، دىلىغا پۈككەن غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق ۋاستىلارنى تاللاش مەسىلىسىدە بىر مەھەل ئويلىنىشلاردا بولغانلىقىنى كۆرىمىز. دىنىي مەزھەبلەر ئىچىدە ئىسمائىلىيە مەزھىبى بىردىن - بىر چوڭقۇر سىياسى تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇمۇمى روھىدىن قارىغاندا، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ھەسەن سەبباھنىڭ بۇ مەزھەبنى تاللىشى تەبئىي ئىدى. ئۇ ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسلىرىنى دەرھال ئوتتۇرغا قويمىدى. دەسلەپتە ئۇ، ئىسمائىلىزىمنىڭ خالىس، ئەسەبى ئېتىقاتچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى، ئارقىدىنلا دائىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. دائىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس ئىدى، بىراق، ھەسەن سەبباھ كەلگۈسىدىكى زور ئىشلىرى ئۈچۈن ئىلىم ۋە ئىدىيولوگىيە جەھەتلەردىن تولۇق تەييارلانغانلىقتىن يۇقۇرى ئىستىداتقا ئىگە ئىدى. ئۇ نىشاپۇردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىسلام دىنىي ئىلىملىرىنىڭ تۆرلۈك تارماقلىرى بويىچە يۇقۇرى سەۋىيىگە ئېرىشكەن ئىدى. ھەسەن سەبباھ پاتىمىيە خەلىپىسى ئىمام مۇستەنسىرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قاھىرەگە باردى. ئۇ، ئىمامغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە، ئىمامغا بولغان ئىخلاسىنى، ئىمامنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ يۈردى. ئىمام مۇستەنسىرنىڭ ۋەزىرى بەدرۇلجامالى ھەسەن سەبباھنىڭ ئىمامغا يېقىنلىشىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۇنى مەلۇم بانا بىلەن ئۇجۇقتۇرىۋېتىش كويىغا چۈشتى. بۇنى سېزىپ قالغان ھەسەن سەبباھ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا سالامەتلىكىنى ئەلا بىلىپ مىسىردىن قېچىپ چىقتى. مىسىردا تۇرغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە ئىمام بىلەن پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشەلىدى. ئۇ، بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئىمام مۇستەنسىرنىڭ ئوغلى نىزارنى ۋەلى ئەھدىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى ئىمامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ، مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئىراق، خوزىستان، يەزدى قاتارلىق جايلارنى ئايلاندى. ئۇ، بارغانلا يەردە ئىسمائىلىزىم ئۈچۈن دەۋەت قىلاتتى، ئۇنىڭ دەۋىتىگە نۇرغۇن كىشلەر ئاۋاز قوشۇپ ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلدى. ھەسەن سەبباھ كېيىن - كۈندۈز ۋەزىر بەدرۇجامالدىن ئۆچ ئېلىشنى، ئىمام مۇستەنسىرنىڭ ئۇنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايتتى. ئۇ ئاخىرى پارىستا مۇستەقىل دۆلەت تەسىس قىلىپ، مىسىرنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئىسمائىلىزىم ھەركىتىنىڭ مەركىزى قىلىش، ئىمام مۇستەنسىرنى مىسىردىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىبارەت بىر كەسكىن تەدبىر قوللىنىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئەمەلىي پىلان تۈزىدى. چارە -

www.kitaphumar.net

تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ بىر بولۇك تالانتلىق دائىلەرنى تالالاش قەزۋىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەلئە ۋە ئىستىھكاملارغا ئەۋەتتى، ئۇلار بېرىپ بۇ يەرلەردىكى ئاھالىدىن ۋە ئەسكەر تەبىقىسىدىن نۇرغۇن ئادەملەرگە ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلدۇردى. جۈملىدىن ئالۇمۇت قەلئەسىدىكى ئەسكەرلەرمۇ ئىسمائىلىزىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ، تاغ ئۈستىگە جايلاشقان مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ، ئەتراپى ھاڭ بولغانلىقتىن دۈشمەنلەرنىڭ ئۇ يەرگە چىقىشى تەس ئىدى. ھەسەن ئىبن سەبباھ پۈتۈن تىرىشچانلىقنى مۇشۇ پۇختا قەلئەنى قولغا كىرگۈزۈشكە قاراتتى. بۇ قەلئەنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز مەزھىپىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆز ئىسمىنى يوشۇرغان ھالدا بۇ قەلئەگە كىرىپ كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ باردى، قەلئەنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆردى ۋە ئۇ يەردىكى كىشلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى، ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارلاپ قەلئەنىڭ ھاكىمىيتىدىن قەلئەنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قەلئەدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەسەن سەبباھنىڭ تەرەپدارى بولغانلىقتىن، ئۇ ئىلاجسىز 1090 ـ يىلى (ھىجرىيە 483 ـ يىلى) قەلئەنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بۇنىڭ بىلەن پارىستىكى ئىسمائىلىزىم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ھەسەن سەبباھ يېڭى دۆلەتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. ئىسمائىلىزىمنىڭ دۈشمىنى سۇلتان مەلىك شاھ سەلجۇقنىڭ ۋاپاتى ئۇنىڭغا ئوڭۇشلۇق تۇغدۇرۇپ بەردى. ھەسەن سەبباھ قەلئە ئالۇمۇتنى ئىگەللەپ ئىككى يىلدىن كېيىن مەلىك شاھ ۋاپات بولغان ئىدى. مەلىك شاھنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن سەلجۇقلارنىڭ شان ـ شۆھرىتى سۇندى، دۆلىتى پارچىلىنىشقا باشلىدى، ھەسەن سەبباھ بىر قانچە قەلئە ۋە قورغانلارنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالدى. ئۇ، نامىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىمام مۇستەنسىرنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا مۇستەنسىرنىڭ 1094 ـ يىلى (ھىجرىيە 487 ـ يىلى) ئۆلگەنلىگى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا مۇستەئلى ئىبن مۇستەنسىرنىڭ قانۇنسىز رەۋىشتە ئىماملىققا ئولتۇرغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. ھەسەن سەبباھ مۇستەئلىنى ئېتىراپ قىلمىدى. نىزار ئىبن مۇستەنسىر نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى. ئۇ، نىزارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بەزى پىدائىلارنى ئېۋەتكەن بولسىمۇ، نىزارنى ۋەزىر ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقتىن ئېلىپ كېلەلمىدى. ھەسەن سەبباھ قەلئە ئالۇمۇتتىكى خانىسىدا كىتاب مۇتالىئە قىلىش، چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈش، سۈيىقەستلەرنى پىلانلاش بىلەن بولاتتى. كىشلەرنى قوبۇل قىلمايتتى، دائىلەرگە، ئۇنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشماستىن چىقىرىپ بېرەتتى. بەزى رىۋايەتلەردە، قەلئە ئالۇمۇتتا تۇرغان شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە پەقەت 2 قېتىملا خانىسىڭ سىرتىغا چىققان، دېيىلىدۇ.

بەزى كىتابلاردا ھەسەن سەبباھنىڭ جەننىتى توغۇرلۇق خىيالى تەسەۋۋۇرلار بىلەن تولغان ھېكايىلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇلاردا: ھەسەن سەبباھ قانداقتۇر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا كەڭ باغچا

بەرپا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خىلمۇ ـ خىل مېۋىلەرنى، گۈللەرنى ئۆستۈرگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەسىرلەر بىنا قىلغان، شارابلار، سۈتلەر، ھەسەللەر ئېقىپ تۇرغان ئۇستەڭلەرنى ئىنشا قىلغان، باغدا خۇددى ھۆرى غىلمانىدەك گۈزەل نازىنىنلار ناخشا ـ ئۇسۇل، سازلارنى قىزىتىپ تۇرغان، ھەسەن سەبباھ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن مانا بۇ ـ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغان جەننىتى، دېگەن. بۇنىڭغا پىدائىلارنى ۋە خالىغان ئادەملىرىنى كىرگۈزگەن، شۇڭا ئۇنىڭ پىدائىلىرى ئىتائەتتىن چىقمىغان، دېگەندەك ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغان.

ئەمەلىيەتتە، بىرىنچىدىن، ئەسلىدە ھەسەن سەبباھ قەلئە ئالۇمۇت جايلاشقان تاغنىڭ باغرىنى كۆكەرتىشكە بۇيرىغان، تاغ باغرى گۈل ـ چېچەكلەرگە تولغان ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ھەسەن سەبباھ ئۆزى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان پىدائىلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزىگە سادىق بولغان كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى پىدائىلىققا ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئوردىسىدا ئۆزى تەربىيىلىگەن ئىدى. ئۇلارنى ھەسەن سەبباھقا سادىق بولۇشقا، ئۇنىڭ يولىدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا ئۈگەتكەنىدى؛ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قەتئىي، شەرتسىز ئورۇنداشقا ئۈندەيتتى؛ خەنجەر قاتارلىق ئەينى زاماننىڭ قوراللىرىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشنى مەشىق قىلدۇراتتى، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقنى، ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا سىر ساقلاشنى، قولغا چۈشۈپ قالسا سىرنى ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى جېكىلەيتتى؛ قاتتىق ئىنتىزام، كۈچلۈك تەربىيە ئاستىدا يېتىلگەن پىدائىلارنىڭ ئۆلۈمگە جۈرئەت قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بارغان زەربىدارلىق ھەركەتلىرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى ۋە خىرىستىيانلار جامائەسىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ھەسەن سەبباھنىڭ يۇقۇرقى ئىككى ئىش ئۈستىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ جەننىتىگە ئوخشاش ھېكايىلار توقۇپ چىقىرىلدى. مۇنداق ھېكايىلەر ھەسەن سەبباھنىڭ رەقىپلىرى تەرىپىدىن كۆپتۈرۈلۈپ تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇلدى. 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ساياھەتچى ماركوبولىنىڭ ھەسەن سەبباھنىڭ جەننىتى توغرىسىدىكى ھېكايىسى مەزكۇر قىسسىلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىدى. شۇنىڭدەك، بەزى تارىخچىلار ھەسەن سەبباھ گورۇھىنىڭ «ھەششىشىيىن» (نەشە چەككۈچىلەر) دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ھەسەن سەبباھ پىدائىلارنى نەشە چەكتۈرۈپ مەس قىلاتتى، ئۇلار نەشىگە ئادەتلىنىپ، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ نەشە چەككۈسى كەلگەندە، نەشە بېرىمەن دەپ ئۇلارنى خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا بۇيرۇيتتى، ئۇنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا نەشە بېرەتتى ۋە جەننىتىگە كىرگۈزەتتى، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ ھېكايىلارمۇ ئاساسسىزدۇر. چۈنكى نەشە چەككەن ئادەم قورقۇنچاق كېلىدۇ، نەشە كىشىنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى يوقىتىپ، ئەقلىنى پالەچلەندۈرىدۇ، نەشىگە ئادەتلەنگەن ئادەم پىكرى چېچىلاڭغۇ، سىر ساقلىيالمايدىغان، خىيالپەرەس، بوشاڭ،

لايغەزەل كېلىدۇ. بۇ، پىدائىلارنىڭ قەيسەرلىك، سەزگۈرلۈك، ئىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەيدىغان، كاللىسى كەتسىمۇ سىرنى پاش قىلمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى مەزكۇر ئىككى تۈرلۈك ھېكايىنى ئىنكار قىلماقتا.

پىدائىلارنىڭ زوراۋانلىق ھەركەتلىرى سەلجۇق سۇلتانلىرى ۋە ئەمىرلىرىدە ۋاھىمە پەيدا قىلدى. ئۇلار : ھەسەن سەبباھقا قارشى قوشۇن ئەۋەتىپ باقسىمۇ، بۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئاخىرى سۇلتان سەنجەر ھەسەن سەبباھ بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇنى: سۇلتان سەنجەر بىر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ قارىسا، ياتقان تۆشۈكىنىڭ يېنىدا خەنجەر تۇرغانلىقىنى كۆرگەن، سۇلتان بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ سۈلھى قىلىش قارارىغا كەلگەن، دەپ ئىزاھلىغۇچىلارمۇ بار. بۇ توغرىدا يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: سۇلتان سەنجەر ھەسەن سەبباھقا بىر ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ھەسەن سەبباھ پىدائىلىرىنىڭ ئۆز داھىسىغا چەكسىز سادىقلىقىنى، ھەتتا بىر پىدائىنى داھىسى خەنجەر بىلەن ئۆزىنىڭ قارنىنى يېرىشقا بۇيرىغاندا ھېچ ئىككىلەنمەستىن بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلغانلىقىنى، يەنە بىر پىدائىنى قورغاننىڭ كۈنگۈرىسىدىن ھاڭغا ئۆزىنى تاشلاشقا بۇيرىغاندا دەررۇ ئۆزىنى تاشلىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ خەۋەرمۇ سۇلتان سەنجەرنى سۈلھى قىلىش قارارىغا كەلتۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك. ئىككى ئارىدا سۈلھى تۈزۈلگەنگە قەدەر، ئىسمائىلىيە فىرقىسى بىلەن سەلجۇقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش 30 يىلچە داۋاملاشتى.

ئىسمائىلىيە ـ پاتىمىيە دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىمۇ پىدائىلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالمىدى. ئۇلارغا قارشى ھەسەن سەبباھنىڭ قىلغان سۇيىقەستلىرى تۈپەيلىدىن، ئىسمائىلىيە ـ پاتىمىيە دۆلىتى ئاجىزلىشىپ، ئاخىرى سالاھىددىن ئەييۇبى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

ھەسەن سەبباھ ئۆزىنىڭ رەقىپلىرىگە قارشى سىياسىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، ھەر قايسى مەزھەبلەرگە قارشى جىددىي دىنىي پائالىيەتلەرمۇ ئېلىپ باردى. دائىلارنى ئەۋەتىپ خەلق ئالدىدا ھەر قايسى مەزھەب ئۆلىمالىرى بىلەن مۇنازىرىگە سالدى. ئىسمائىلىزىم دائىلىرى مەخسۇس تاللانغان ئىستىداتلىق، سۆزمەن، مۇنازىرىگە ئۇستا ۋە بۇ جەھەتتە چېنىققان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆلىمالارنى كىشىلەر ئالدىدا مات قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى ۋە ئامما ئىچىدە ئامىمنىڭ ئەقىدىسىگە گۇمان تۇغدۇرماقچى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى مەزھەب ئۆلىمالىرى ئىسمائىلىزىم دائىلىرى بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ مۇنازىرىلەشكەندىن كۆرە، ئۇلارغا قارشى رەددىيە يېزىشنى پايدىلىق ھېسابلىدى. ئىمام غەززالى، ئىبنى رەزام، ئىبنى نەسىر قاتارلىق ئالىملار ئىسمائىلىزىمغا قارشى كىتابلار يازدى. ئىسمائىلىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارغا قارشى رەددىيەلەر يازدى. ئەمەلىيەتتە، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ھەسەن سەبباھ دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن

بولماستىن، بەلكى ئىسمائىلىزىم پەيدا بولغان ۋاقىتتىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى.

ھەسەن سەبباھ ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنىمۇ «گۇناھ ئۆتكەزدىڭ» دەپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئىسمائىلىزىم قائىدىسى بويىچە، ئۇنىڭ ئىز باسارى بولىدىغان ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى قىلىپ تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ، ئۆزىگە سادىق ئادەملەردىن كىيا بۇزرۇك بىلەن ئەبۇ ئەلىنى ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇشقا ۋەسىيەت قىلدى. ھەسەن سەبباھ دىنىي ھوقۇق بىلەن سىياسى ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىدىن كېيىن ئۇلارنى ئايرىۋېتىشنى ئويلاپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئەبۇ ئەلىنى، پىدائىلارنى باشقۇرۇشقا كىيا بۇزرۇكنى ئىز باسارى قىلىپ تەيىنلىدى.

«قەشقەر تارىخى»نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئاتىپ ھەسەن سەبباھنىڭ ھىجرىيىنىڭ 5 - ئەسىر باشلىرىدا قارا خانىلاردىن ئىبراھىم خان دەۋرىدە قەشقەرگە كېلىپ ئۆز مەزھىپىنى تارقىتىشقا ئورۇنغانلىقىنى، ھۆكۈمدارلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ـ تالاشلار تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن تىنىچسىز ۋەزىيەت شارائىتىدا، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى ئىلگىرى سۈرەلمەي قايتىپ كەتكەنلىكىنى، قەشقەردە ئۇ ئۆز مەزھىپىگە ئازغىنە كىشىلەرنى ئەگەشتۈرەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى بىلەن بۇ مەزھەبنىڭ بۇ يەرلەردە مۇنقەرىز بولغانلىقىنى تازىدۇ. مۇھەممەت ئاتىپ بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئىبراھىم خان غەربىي قاراخانلىق ھۆكۈمرانى ئىبراھىم تاۋغاچ قارا خان بولۇپ، ئۇ، ھىجرىيىنىڭ 465 - يىلى (مىلادىيە 1072 - يىلى) سەلجۇقلاردىن سۇلتان ئالىپ ئارسلان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئىدى. «تارىخى ئەبۇلفىدا»دا ئىبراھىم خاننىڭ ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادىيە 1083 - يىلى) ۋاپات بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. قەشقەر تارىخىدىن باشقا كىتابلاردا ھەسەن سەبباھنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ، مۇھەممەت ئاتىپنىڭ نېمىگە ئاساسەن مۇنداق يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ رىۋايەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەستايىدىل ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەسەن سەبباھ 1124 - يىلى (ھىجرىيە 518 - يىلى) 90 يېشىدا ئۆلدى. ئۇ، شەرقىي ئىسمائىلىزىم پارىس دۆلىتىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى چىقىرىش يولىدا 70 يىلچە كۈرەش قىلدى. ھەسەن سەبباھنىڭ ئۆلۈمى ئىسلام دۇنياسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ئىسمائىلىيە پارىس دۆلىتى بىلەن ئۇنىڭ خوشنىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشكە باشلىدى. سەلجۇقلار ئىسمائىلىلەردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدى . سەلجۇقلار: ئىسمائىلىلەر داھىسى ئۆلدى، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئوڭاي دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھەربىي ھۇجۇم باشلىدى. ئىسمائىلىلەر قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، ئەتراپىدىكى يېزا ـ مەھەللىلەر بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. سۇلتان سەنجەر 1177 - يىلى (ھىجرىيە 521 - يىلى) ئالۇمۇت قەلئەسىگە ھۇجۇم

قىلىپ ئىسمائىلىيلەردىن 10مىڭدەك ئادەمنى ئۆلتۈردى، لېكىن قەلئەنى ئالالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار، سەلجۇقىلاردىن قاتتىق ئۆچ ئېلىپ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق نۇرغۇن ئادەملەرنى قىرىپ تاشلىدى، ھەتتا باغدادتىكى ئاببىاسلار خەلىپىسىنى يۇشۇرۇن ئۆلتۈردى. ھەسەن سەبباھ بەرپا قىلغان ئىسمائىلىزىم دۆلىتى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەر ئەتراپتىكى خوشنا دۆلەتلەر بىلەن گاھى ئۇرۇشۇپ، گاھى ئەپلىشىپ يەنىلا ئۆز مەۋقەسىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا مۇڭغۇللار قوشۇنى ئوتتۇرا شەرىققە يۈرۈش قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. 1254 ـ يىلى (ھىجرىيە 651 ـ يىلى) ھولاكوخان مۇڭغۇللار قوشۇنىدىن تاشقىرى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى ھەمرا قىلىپ، ئىسمائىلىيە قورغانلىرىنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلاندى. ئىسمائىلىيلەرنىڭ بۇ چاغدىكى ئىمامى روكنىددىن خورشاھ ھولاكوغا تەسلىم بولدى. ھولاكو 1256 ـ يىلى (ھىجرىيە 654 ـ يىلى) ئالۇمۇت قەلئەسىگە بېسىپ كىردى. ئىسمائىلىيلەرنىڭ پۈتۈن قەلئە ۋە قورغانلىرىنى ئىشغال قىلدى. (جەمى 40چە قورغان ئىدى)، ئاھالىسى قورغانلارنى تاشلاپ سىرتقا قاشتى، ھولاكونىڭ قوشۇنى ئۇلارنى سۈرۈپ يۈرۈپ كىچىك باللاردىن باشقىلىرنى قىرىپ تاشلىدى. تۈتۈلۈپ قالغانلىرى ئەتراپقا تاراپ كەتتى، نىزارىيە ئىسمائىلىزىمنىڭ ئاخىرقى ئىمامى رۇكنىددىن خورشاھ ئالۇمۇت قەلئەسىدە ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن ئۇ، ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئوغلى شەمسىددىن مۇھەممەتنى كافكاز تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىشكە ئۈلگۈرگەن ئىدى، ئۇ ، شۇ يەردە ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋاپات بولدى. شەرىق ئىسمائىلىلىرى ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنىڭ ئىمام بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مۇھەممەت شاھنى ئىمام دەپ قارىسا، يەنە بىر قىسمى قاسىم شاھنى ئىمام دەپ قارىدى. مۇھەممەت شاھنىڭ نەسلىدىن ئاخىرقى ئىمام ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن تاھىر شاھ بولۇپ، دەكەنى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 950 ـ يىلى ئەتراپىدا ھىندىستاندا ۋاپات بولدى.

شەرىق ئىسمائىلىلىرى ھولاكونىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بەدەخشانغا، بولۇپمۇ ھىندىستانغا ھىجرەت قىلدى. ھىندىستاندا بۇرۇنمۇ يەمەندىن كەلگەن دائىلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسمائىلىزىمنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئىسمائىلىلار بار ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى ھىندى بۇددىزىمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىندى شەرىق ئىسمائىلىزىمى ئىسمائىلىزىمدىن، ھىندى بۇددىزىمى ئەقىدىلىرىدىن، پارس تەسەۋۋۇپى ۋە ھىندى تەسەۋۋۇپىدىن شەكىللەنگەن يېڭى ئەقىدە بولۇپ قالدى.

5

يۇقۇرىدا پارس شەرىق ئىسمائىلىزىمى ئۇستىدە توختالدۇق. ئەمدى شام شەرىق

www.kitaphumar.net

ئىسمائىلىزىمى ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. شامدا ئىسمائىلىزىم ھەركىتى خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان ئىدى، پاتىمىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى ئۇبەيدۇللا مەھدىنىڭ دەسلەپتە شامنى ئۆزىنىڭ يۇشۇرۇن دەۋىتىنىڭ مەركىزى قىلىپ، ئۇ يەردىن ئەتراپقا دائىلەر ئەۋەتكەنلىكىنى، كېيىن قارا مىتىلەردىن قېچىپ ماراكەشكە بارغانلىقىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىسمائىلىلەر مىسىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شامغا قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ زور بىر قىسمىنى ئىگەللىۋالدى ۋە شامدا ئىسمائىلىزىمنى قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى. ھەسەن سەبباھ مىسىردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ھەلەب شەھرىدە بىرمەزگىل تۇرۇپ ئىسمائىلىيە مەزھىبىگە دەۋەت قىلغان ئىدى. شام ۋە ئىراق سەلجۇقلىرى دەۋرىدە، ئىسمائىلىيە مەزھىبى شامدا گاھى كۆچىيىپ گاھى ئاجىزلىشىپ تۇردى.

رىزۋان بولسا سەلجۇقلار تەرىپىدىن قويۇلغان ھەلەبنىڭ ۋالىسى، روقماق بولسا دەمەشقىنىڭ ۋالىسى، جاناھۇددەۋلە ھومىنىڭ ۋالىسى ئىدى. ئىسمائىلىلەردىن بولغان ھەكىم مۇنەججىم رىزۋاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇۋېلىپ، مەزكۇر ۋالىلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئىسمائىلىلەرنىڭ رىزۋانغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. رىزۋان ئۇنىڭ گېپىگە ئالدىنىپ ئىسمائىلىلەرگە مايىل بولدى، ئىسمائىلىلەرگە مەخسۇس مەسچىت سېلىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەزھىبىنى يوشۇرۇن كېلىۋاتقان ئىسمائىلىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ھەلەبدە ئىسمائىلىيە مەزھىبىنىڭ كۆچىيىشىگە قاراپ، پارىستىكى ئىسمائىلىلەردىن بىر قىسمى سەلجۇقلاردىن قېچىپ ھەلەبكە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نوپۇزى تېخىمۇ كۆچەيدى.

مۇررىخ ئىبن خورات بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «ھەلەبتە ئىسمائىلىلەرنىڭ نوپۇزى زورايدى، دەۋەتخانا بەرپا قىلىندى، ئادەملىرى جىنايەت ئۆتكۈزسە ئۇلارنى قوغدايدىغان پادىشاھ ئالدىدا ئارا تۇرۇپ ئۇلارنى جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قالىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيدى، شەۋكىتى ئۇلغايدى، ئىشلىرى جاھانغا پۇركەتتى. ئۇلار باشقىلارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋالسىمۇ قارشى چىقالمايدىغان، كوچىدا كېتىپ بارغان ئاياللارنى، باللارنى تۇتۇۋېلىپ خالىغان جايلارغا ئېلىپ بارسا ھېچ كىشى ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالالمايدىغان بولدى.»

بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. جاناھۇددەۋلە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا رىزۋاننىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولىدى، رىزۋان قاچتى ئىسمائىلىلەر ئۈچ ئېلىش يۈزىسىدىن 1103 - يىلى (ھىجرىيە 496 - يىلى) مەسچىتى جامىدا جاناھۇددەۋلىنى ئۆلتۈردى. رىزۋان ھەلەبكە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا سۈنىيلەرنىڭ نارازىلىقى كۆچەيگەن ئىدى. شەھەرنىڭ قازىسى رىزۋانغا ئۇنىڭ ئىسمائىلىلەرنى ھىمايە قىلغانلىقى

ئۆچۈن كايىغان ئىدى، قازىنى ئىسمائىلىلەر ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

ئىسمائىل ئەبۇ تاھىر پارىسى 1106 ـ يىلى ھىجرىيە (500) فامىيە قورغىنىنى ئەھلى سەلىبنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئىدى، 1145 ـ يىلى (ھىجرىيە 540 ـ يىلى) ئەھلى سەلىب فامىيەنى قايتۇرۇۋالدى.

ئەمىر رىزۋان ئىسمائىلىلەرنىڭ ئەھلى سەلىبتىن يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى، رىزۋان سۈننىلەرنىڭ ئىسمائىلىلەرگە بولغان غەزىپىنى چۈشىنەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىسمائىلىلەردىن بىزار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق باستۇردى. لېكىن ئۇ، 1113 ـ يىلى (ھىجرىيە 570 ـ يىلى) ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئىسمائىلىلەر ئۈستىدىن ئۇمۇمىيۈزلۈك قىرغىنچىلىق باشلاندى، سۈننىلەر قوزغىلىپ ئىسمائىلىلەردىن نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈردى، ھايات قالغانلىرى سىرتقا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئىسمائىلىيە پارىس دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ئەبۇ تاھىر پارىسنى ئاما ئۆلتۈرۈپ پۈت ـ قوللىرىنى كېسىپ، كاللىسىنى شەھەر ئايلاندۇردى.

ھەلەبتىن قېچىپ چىققان ئىسمائىلىلەر شەرىق قەلئەسىدە ماكانلاشتى، ئۆيەر ـ بۆيەردە كۆچ تويلاپ، پىدائىلارنى ئەۋەتىپ، رەقىپلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى، 1126 ـ يىلى (ھىجرىيە 520 ـ يىلى) مەۋسىلنىڭ ۋالىسى قەسىمۇددەۋلە ئاق سەنقەر مەسچىتى جامىدا پىدائىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

پارىسلىق دائى بەھرامنىڭ شامغا كېلىشى بىلەن ئىسمائىلىزىم يەنە كۆچىيىشكە باشلىدى. دەمەشقنىڭ ۋالىسى ئەمىر تۇغتېكىننىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىشى بىلەن ئىسمائىلىلەر دەمەشقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بانىياس قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ئەتراپقا كېڭىيىشكە ئورۇنۇۋاتاتتى، لېكىن ئىسمائىلىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بىر دوروزنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، دوروزىلار 1137 ـ يىل (ھىجرىيە 532 ـ يىلى) ئىسمائىلىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ دائى بەھرامنى ئۆلتۈردى. بەھرام ھايات ۋاقتىدىلا دائى ئىسمائىل پارىسنى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىگەن ئىدى. ئىسمائىل سەلجۇقىلارغا قارشى ئەھلى سەلىب بىلەن بىرلىشىپ بولسىمۇ دەمەشقتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ھىلە ـ مىكىر بىلەن ئىش ئېلىپ باردى. دەمەشق ھۆكۈمرانىنىڭ ۋەزىرى موردىغانى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ ئۇنىڭغا ئىسمائىلىيە مەزھىبىنى قوبۇل قىلدۇردى. ئۆزىنىڭ يېقىن ئەگەشكۈچىسى دائى ئەبۇلۋافانى دەمەشقنىڭ قازى ـ قۇززاتلىق ۋەزىپىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەبۇلفىدا، ئىبنۇلئەسىر ۋە ئىبنۇلفۇرات قاتارلىق مۇئەررىخلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىغا قارىغاندا، ئەبۇلۋافا بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىرىستىيان پادىشاھى 2 ـ بودان بىلەن يوشۇرۇن سۆزلىشىپ، دەمەشقنى بودانغا تاپشۇرماقچى بولغان. ئەمىر بورى بۇ سۇيىقەستنى سېزىپ قېلىپ ۋەزىر موردىغانىنى دەررۇ ئۆلتۈرگەن. دەمەشقتىكى ئىسمائىلىلەردىن كىشىنى بوغۇزلاپ تاشلىغان. شامدا راشىددىن سىناننىڭ مەيدانغا چىقىشى

بىلەن ئىسمائىلىزىمنىڭ بۇ يەردىكى كۈچى زورايدى. راشىددىن سىنان ئۆزىنىڭ يۇقۇرى قابىلىيىتى ئارقىلىق شام ئىسمائىلىلىرىنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى، ئۆزىنىڭ ئىماملىغىنى ئەتراپىدىكىلەرگە ئېتىراپ قىلدۇردى.

راشىددىن ئىسمائىلىزىم تەلىماتىنى ئالۇمۇت قەلئەسىدە ئۆگەندى، ئۇ 1163 ـ يىلى (ھىجرىيە 558 ـ يىلى) ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تونۇپ قىلىشىدىن قورقۇپ، شامغا دەرۋىش قىياپىتىدە كىردى. شامغا كېلىشتە چوڭ شەھەرلەردىن، چوڭ يوللاردىن ئۆتمىدى. ئۇ، ھەلەبدە تۇرماستىن كەھف قەلئەسىگە كېلىپ جايلاشتى. بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ رەقىپلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بولدى. ئۇ، مىسياف قەلئەسىگە يۆتكىلىپ، بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ھەركەت ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم بازىسى قىلدى، قەلئەنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ نۇرغۇن قورال ـ ياراق تەييارلىدى. سالاھىددىن ئەييۇبى ھەلەبنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا، ھەلەبنىڭ ۋالىسى سىناندىن ياردەم تىلىدى. پىدائىلار سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى، ئۇ، ئىككى قېتىم يېنىدا خەنجەر تۇرغانلىقىنى كۆردى، سالاھىددىن نۇرغۇن قوشۇن تارتىپ بېرىپ مىسياف قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى پەتھى قىلماستىن قايتىپ كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ يېقىن بىر ئادىمى ئىسمائىلىلەرگە چېقىلماي پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەھلى سەلىبكە قارشى تۇرۇشنى ئېيتقان ئىدى.

بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سالاھىددىن بىلەن سىنان كېيىن ئەپلىشىپ، ئەھلى سەلىبكە بىرلىكتە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، سۈننىلەر بىلەن ئىسمائىلىلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ ئەھلى سەلىب ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بولۇپ قالغان. سىناننىڭ ئىسمائىلىزىم تەلىماتىغا يېڭى نەرسىلەرنى قوشقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەناسۇخۇلئەرۋاھ (دۇنياغا قايتا كېلىش، روھنىڭ بىر بەدەندىن يەنە بىر بەدەنگە يۆتكىلىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) توغرىسىدىكى قارشى ئىسمائىلىزىم تەلىماتىدا يېڭى قاراشتۇر. ئىسمائىلىلەر مۇشۇ قاراش بويىچە سىناننى يوشۇرۇن ئىماملار ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئوغلى دەپ تونۇيدۇ. سىنان ـ ئىمامنىڭ دەل ئۆزى ،دەپ ئېتىقات قىلىدىغانلارمۇ بار. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس جويار سىناننى نەسرىيە مەزھىبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ خۇدالىق دەۋاسى قىلغان، دەپ قارايدۇ. مۇنداق قاراش بەلكىم ئىمامنىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل (چۈشەندۈرۈش، سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقىچە ئىزاھلاش) قىلىدىغان كىتابلارنى جورىيانىڭ تولۇق كۆزدىن كەچۈرمىگەنلىكىدىن بولۇشى كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، شام ئىسمائىلىلىرى سىنانغا ئادەتتىن تاشقىرى سۈپەتلەرنى چاپلاپ، ئۇنىڭ غايىبنى بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بەزى ھېكايىلەرنى توقۇپ چىققان. مۇنداق ھېكايىلەر ساددا ـ قارا خەلقنى ئالداش ۋە

ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ قالغان. سىنان ئۇلۇشتىن ئىلگىرىلا شام ئىسمائىلىزىمى رەتكە سېلىنىپ، بىر تۈركۈم دائىلار يېتىشىپ چىققان ئىدى ، سىنان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھېچبىرى ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنىلا ئالۇمۇت قەلئەسى ھۆكۈمرانلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. 1266 ـ يىلى (ھىجرىيە 664 ـ يىلى) ئىسمائىلىلەر زاھىربىيبىرسىنىڭ قوشۇنغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى. شامدىكى ئىسمائىلىلەرنىڭ بارلىق قورغان ۋە قەلئەلىرى زاھىربىيبىرسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتۈپ قالدى. مەشھۇر سەيياھ (ساياھەتچى) ئىبنى بەتۇتە 1327 ـ يىلى (ھىجرىيە 727 ـ يىلى) مەزكۇر قورغانلارنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكىنى يازغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شام ئىسمائىلىلىرى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار سۇرىيىنىڭ خابى مسياف، سۇلەمىيە، بانياش ۋە كەھىف قاتارلىق جايلىرىدا ھازىرغا قەدەر ئۆز ئەقىدىلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

6

پارىسى نىزارىيە ئىسمائىلىلىرىدىن زور بىر تۈركىمى ھولاكونىڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بۇ يەردە ھىندى بۇددىزىمىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئەمما ئۇلار بۇددىستلارنىڭ ئىچىدە ئىسمائىلىزىمنى تارقىتىشتا خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۇلار ھىندىستاندا ئاساسەن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىلغا ئالغىدەك بىرەر سىياسى پائالىيەت ئېلىپ بارمىدى.

19 ـ ئەسىردە ئىراننىڭ تارىخ سەھنىسىدە «ھەسەن ئەلى شاھ» مەيدانغا چىقتى. ئۇ، بىر بۆلۈك ئىسمائىلىلەرنى ۋە باشقىلارنى ئارقىغا سېلىپ، ئىراننىڭ بېزىلىرىغا ۋە كارۋان قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلاتتى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى جۈرئەتلىك ھەركەتلىرى ئىران ـ قاچارخانلىقىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ھەسەن ئەلى ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شاھقا قارشى قوزغالغان ئىدى. ئۇ، بۇ چاغدا تېخى ئۆزىنىڭ ئىسمائىلى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىغان ۋە ئىسمائىلىزىم بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقمىغان ئىدى، ھەسەن ئەلى مەغلۇپ بولۇپ شاھ تەرىپىدىن زىندانغا تاشلاندى. ئەنگلىيىنىڭ شاپائەت قىلىشى بىلەن زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئافغانىستانغا، ئۇ يەردىن ھىندىستانغا كەلدى، ئۇ، بومباي شەھرىدە ئولتۇراقلىشىپ ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن نىزارىيە ئىسمائىلىلىرىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەندى، ئۇنىڭغا «ئاغاخان» ئۇنۋانى بېرىلدى. ھەسەن ئەلى شاھ «ئاغاخان» ئۇنۋانى ئالغان تۇنجى ئىسمائىلىزىم ئىمامىدۇر.

هندى ئىسمائىلىلىرى خوشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. نوپۇزى زورايدى، ئاغاخان گويا ئۇلارنىڭ ئەملىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى، ئاغاخانىيە ئائىلىسى مەيدانغا كەلدى. ھەسەن ئەلى شاھ مىلادى 1881 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئىمامىلىق ئۇنىڭ ئوغلى ئاغا ئەلى شاھقا قالدى، ئۇنىڭغا «ئىككىنچى ئاغاخان» ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ، ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتۇشى نەتىجىسىدە ئەرەبچە، پارىسچە، ئوردۇچە، جوجراتچە تىللارنى ئوبدان بىلىدىغان يۇقۇرى مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. ئاغا ئەلى شاھ ئىسمائىلىيە مەزھىبىدىكىلەر ئارىسىدا مائارىپنى قاناتيايدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى، ھىندىستاندا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئاچتى. ئۇ، ئىراننىڭ شاھى پەتھى ئەلى شاھنىڭ قىزى بىبىخاننى ئالغان ئىدى، بۇنىڭدىن بولغان ئوغلى مۇھەممەت ھۆسەيىننى شاھ (1857 ـ 1877) ئۈچۈنچى ئاغا خانلىققا تەيىنلەندى ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا نەۋرىسى كېرەمنى ئاغا خانلىققا تەيىنلىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىسمائىلىيەت ئاغا خان مەزھىبىدىكىلەر نىروبى، دارۇسسالام، زەنجىبار، كونگو، ھىندىستان، پاكىستان، سۇرىيە ۋە ئىلىمىزنىڭ تاشقورغان رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئاغاخان مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دۇنيا بويىچە رەھبەرلىك ئورگىنى پاكىستاننىڭ پايتەختى كاراچى شەھرىدە بولۇپ، ئۇلار ئاغاخاننى ئىمام دەپ ئاتايدۇ. ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ مۇقەددەس ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاغا خان مەزھىبىدىكىلەر كېرىمنىڭ بەشتىن بىرىنى ئاغا خانغا تەقدىم قىلىدۇ.

7

ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۆز ئەقىدىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ زور نوپۇز تىكلىگەنلىكىنى، ئايرىم دۆلەتلەر بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىسمائىلىزىمنىڭ مۇنداق مۇۋاپپىقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ ئۆز ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلىشتا ئالاھىدە ئىنتىزامغا، مەخسۇس تەشكىلى تۈزۈملەرگە ۋە ئىستىداتلىق، تەجرىبىلىك تەرغىباتچىلار ئىگە بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىسمائىلىيە فىرقىسى ئىسمائىلىزىمنى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ نېگىزى قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ئىنساننى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى سىستېمىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ سىستېمىنى دىنغا تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار قەدىمقى يەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىنى ۋە قەدىمقى دىنلارنىڭ بىر قىسىم ئەقىدىلىرىنى ئىسلام دىنغا ئارلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك پەلسەپە ۋە دىنلاردىن قوراشتۇرۇلغان ئارىلاشما بىر ئەقىدە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. ئىسمائىلىزىمنى تەرغىپ قىلىش دىنىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى قىلىپ بېكىتىلدى. تەرغىباتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

كىشىگە «دائى» ئۇنۋانى بېرىلىپ ئىماملار ھەققىدە بىشارەت بېرىش ۋە ئىسمائىلىيە مەزھىبىنى تەشۋىق قىلىش ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىندى. دائىنىڭ رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇ، مەلـۇم دەرىجىــدە مۇقەددەسلەشــتۈرۈلدى، دائــى بىــلەن مۇنازىرىلەشــكەن يــاكى ئۇنىڭغــا مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ئادەم ئىسمائىلىزىمغا ئاسىلىق قىلغۇچى ھېساپلاندى. شۇنىڭ بىلەن دائى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە خالىغانچە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى.

ئىســمائىلىلەر مەيلــى يۇشــۇرۇن دەۋردە بولســۇن، مەيلــى ئاشــكارە دەۋردە بولســۇن، تەرغىباتچىلىقنى ئۆز ئىشىدا مۇۋاپپىقيەت قازىنىشنىڭ بىردىن ـ بىر ۋاستىسى قىلغان ئىدى. ئۇلار ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى چاغلىرىــدا شائىرلارغا، ئەدىــبلەرگە ناھايىتى نۇرغـۇن ئىنئاملار قىلىپ تـۇردى، بۇنىڭـدىن مەقسـەت ـ بىرىنچىــدىن، ئـۆزلىرىگە پايـدىلىق جامائەت پىكـرى ھازىرلاش بولسا، ئىككىنچىدىن، رەقىپلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك كۆرسىتىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ سېخىلىقىنى نامايەن قىلىش ئىدى.

ئىسمائىلىزىم تەرغىباتچىلىقىنىڭ تەشكىلى تۈزۈملىرى پىلانىتىلار ھەرىكىتى سېستىمىسىغا تەقلىت قىلىنىپ تۈزۈلگەن ئىدى، ئۇلار بىر يىلنىڭ 12 ئايغا بولۇنىدىغانلىقىغا قاراپ جايلارنى 12 بۆلۈككە بۆلۈپ، ھەر بىر بۆلۈكنى «جەزىرە» دەپ ئاتىدى. ھەر جەزىرىگە بىر دائىنى مەسئۇل قىلىپ، ئۇنى « دۇئاتىلجەزىرە» (چوڭ دائى) ياكى «ھوججەتىلجەزىرە» دەپ ئاتىدى. بىر ئاينىڭ 30 كۈن ئىكەنلىكىگە قاراپ، جەزىرىنىڭ ھەر دائىسىغا تەرغىباتچىلىقتا ياردەملىشىدىغان 30 ياردەمچىنى بەلگىلەيتى، بۇنى «نەقىپ» دەپ ئاتايتى. بىر كۈننىڭ 24 سائەت (كۈندۈزى 12 سائەت، كېچىسى 12 سائەت) ئىكەنلىكىگە قاراپ، ھەر بىر نەقىپقا 24 ياردەمچىنى (12نى يوشۇرۇن ياردەمچى قىلىپ) تەيىنلەيتى. دائى تاللاشتا ئۇنىڭ قابىلىيىتى، كىشلەر ئارىسىدىكى نوپـۇزى ۋە تەرغىبـاتچىلىقتىكى ماھـارىتى قاتـارلىق جەھەتـلەرگە قـارىلاتتى. خېلـى ۋاقىـت سىنالغاندىن كېيىن ئاندىن قوبـۇل قىلىنـاتتى. دائـى تـاللاش شـەرتلىرى ئۈسـتىدە يېزىلغـان كىتابلار بولۇپ، ئۇلاردا بۇنىڭ ئىنچىكە پرىنسىپلىرى بايان قىلىنغان.

ئىسمائىلىيە فىرقىسىدىكى دائىلىق ۋەزىپىسى يـۇقىرى ـ تـۆۋەنلىكتە بەشـكە بۆلـۈنگەن: بىرىنچى- دائىلىق مەرتىۋىسى، ئىككىنچى- دائى دۇئاتلىق مەرتىۋىسى، ئۈچىنچى- دائى بەلاغ مەرتىۋىسى، تۆتىنچى- ھوججە مەرتىۋىسى، بەشىنچى- بابولئەبۋاپ مەرتىۋىسى. دائى ئادەتتىكى تەرغىباتچى بولۇپ، دائى دۇئاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

دائى دۇئات «جەزىرە» دائىلىرى ئىچىدىن تاللىنىپ ئىمام تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئـۇ، ئـادەتتىكى دائىلارغـا قومانـدانلىق قىلىـدۇ. شـۇنىڭدەك دائىـلار بىـلەن ئىمامنىــڭ ئارىســدا ۋاستىچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ، مەيلى يوشۇرۇن دەۋردە بولسۇن ياكى ئاشكارا دەۋردە بولسۇن، ھامان ئاشكارا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. دائى بەلاغ مۇنازىرىلىشىش، پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق

ئىسمائىلىزمنى ئىسپاتلاش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولىدۇ، بۇ، يۇقۇرى رەھبەرلىك گۇرۇھىغا مەنسۇپ مەرتىۋىدۇر.

ھوججە ـ «ھوججەتۇلئىمام» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، تولا چاغلاردا يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، ئۇنى ئىمامدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، بۇمۇ ئىمام تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

بابولئەيۋاپ مەرتىۋىسى ئىمامدىن قالسىلا ئەڭ يۇقۇرى مەرتىۋە بولۇپ، بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى بەك يوشۇرۇن تۇتۇلغانلىقتىن مەلۇم ئەمەس.

ھەسەن سەبباھنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسمائىلىزىم مەزھىپىگە ئائىت بىر قىسىم ئەرەبچە ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىنى پارسچە ئاتالغۇلار ئىگەللىدى، ھەسەن سەبباھ تەشەببۇس قىلغان بۇ ئاتالغۇلار تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچۇرىغان ئاتالغۇلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھوججە، دائى دۇئات، دائى بەلاغ قاتارلىق ئاتالغۇلار ئىستىمالدىن قېلىپ، ھوججىنىڭ ئورنىغا «پىر» دائىنىڭ ئورنىغا «موللا» ياكى «ئاخۇن» سۆزلىرى قوللىنىدىغان بولدى.

8

شىئە ـ ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ ئەقىدىلىرىگە كەلسەك، دەسلىۋىدە ئۇنىڭ ئۇمۇمى شىئىلەر ئەقىدىسىدىن ئۆزگىچىلىكى يوق ئىدى. شىئىلەر ئارىسىدا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ئاددى بولۇپ، پەقەت ئىمامەت مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى.

ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇ ئىمامەت مەسىلىسىدىكى دەت ـ تالاش شەكىللەندۇرگەن ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن، ئىجتىمائى ۋە سىياسى ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسىمۇ تەرەققىپى قىلىپ باردى. ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسىدە ئەسلىدە بولمىغان يېڭى نەرسىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ تۈرلۈك تارماقلارغا بۆلۈنىشى، ئىسمائىلىزىمنىڭ جايلاردىكى تەرەققىياتىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، دائىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئىلىم سەۋىيىسىنىڭ خىلمۇ ـ خىل بولۇشى، ئۇلار ياشىغان دەۋرنىڭ ۋە ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ بىردەك بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە ئەقىدە جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار مەيدانغا كەلدى. پەقەت 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر دائىلاردىن نەخشەبى، ئەبۇھاتەم رازى، ھەمدۇددىن، كەرەمانى، ئەبۇيەقۇب، سىجىستانىلارنىڭ «مەھسۇل»، «ئىسلام»، «ئەننۇسرە»، «رىياز» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساقلا، ئىسمائىلىزىم ئەقىدىلىرىگە ئائىت ئىختىلاپلارنىڭ قانچىلىك زور ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ يەردە بىز ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈستىدە ئەمەس، پەقەت ئىسمائىلىلەر ئارىسىدا بىرقەدەر ئۇمۇملىققا ۋە ئورتاقلىققا ئىگە بوغان ئەقىدىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىسمائىلىلەر فىرقىسى ھەر قانداق شەيئىنىڭ جۈملىدىن قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىنىڭ زاھىرى (ئاشكارا مەنىسى، تاشقى تەرىپى) ۋە باتىنىي (يوشۇرۇن مەنىسى، ئىچكى تەرىپى) بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىبىگە ئېتىقات قىلغان كىشىنىڭ ھەم زاھىرىغا ھەم باتىنىغا ئېتىقات قىلىشى ئىمانىنىڭ شەرتلىرىدىن سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىگە ئېتىقات قىلىپ، بىرىگە ئېتىقات قىلمىغان ئادەم ئىسمائىلىزىمغا ئاسىيلىق قىلغۇچى ھېساپلىنىدۇ. دائى شىرازى بۇ توغرىسىدا: ھەم زاھىر ھەم باتىنىي بىلەن ئەمەل قىلغان كىشى بىزگە مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئەمەل قىلىپ،بىرىگە ئەمەل قىلمىغان ئادەمدىن ئىت ئارتۇق، دېيدۇ.

ئىسمائىلىيە فىرقىسىنىڭ تارىختا «باتىنىيە» نامى بىلەن ئاتىلىشى ھەم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىسمائىلىزىم ئەقىدىسىدە دىنىنىڭ ئەركانلىرى ـ تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا، ھەج، جىھاد ۋە ئىمامەتتۇر، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى ئىمامەتتۇر. ئۇلار: بىرەر كىشى ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئىمامغا ئىشەنمەيدىكەن، ئىمامغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ، گۇناھكار بولىدۇ، قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار: «ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە سىلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» (سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتتىكى «ئىش ئۈستىدىكىلەر» دېگەن سۆز ئىماملارنى كۆرسىتىدۇ، دېيدۇ. «سەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ھەر قەۋمنىڭ بىر يېتەكچىسى بولىدۇ» (سۈرە رەئىد 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتتىكى «يېتەكچى» دېگەن سۆزنى «ئىمام» دەپ چۈشەندۈرىدۇ؛ «زېمىنغا ئەلۋەتتە مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» (سۈرە ئەنبىيا 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتتىكى «ياخشى بەندىلىرىم» دېگەن سۆز ئىماملارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ؛ ئىماملىق جەپەر سادىقنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ باللىرىدا ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا قالىدۇ، ئىمامغا ئىتائەت قىلىش پەرز، دەپ قارايدۇ. ئىسمائىلىزىم مۇفەسسىرلىرى (قۇرئاننى شەرھلىگۈچىلەر) قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆز مەزھىبىگە بويسۇندۇرۇپ، مۇشۇ روھتا ئىمامغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، كىشلەرنى ئىمامغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە فىرقىسى ئىماملارنى مەيلى مەرتىۋە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى دەپ قارايدۇ. پاتىمىلەر دەۋرىدە ئىسمائىلىزىم ئىمامى ـ «خەلىلۇللا» (ئاللانىڭ دوستى)، «كەلىمۇللا» (ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكۈچى)، «ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ئىيسا» قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەنگەن.

ئۇلار: يەر يـۈزى ھـېچ ۋاقتتـا ئـىمامـدىن خـالى بولمايـدۇ، ئـىمام ئاشـكارا ھـالەتتە يـاكى يوشۇرۇن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىمام ئاشكارا ھالەتتە بولغانـدا، ئۇنـىڭ «ھـوججە» مەرتىۋىلىك دائىسى يوشۇرۇن ھالەتتە بولسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئىمام يوشۇرۇن ھـالەتتە بولغاندا، ئۇنىڭ «ھوججە» مەرتىۋىلىك دائىسـى ۋە باشـقا دائىلـىرى ئاشـكارا ھـالەتتە بولۇشـى كېرەك، دەيدۇ.

ئىمامنىڭ ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار يەنە: زامانىنىڭ ئىمامنى تونىماي ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆلگەن كىشىگە ئوخشاش ئۆلىدۇ؛ ئىمامغا بەيئەت قىلماي ئۆلگەن ئادەم جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆلگەن ئادەمگە ئوخشاش ئۆلىدۇ، دەيدۇ.

گەرچە ئۇلار ئىماملارنى باشـقا كىشىلەرگە ئوخشـاش تاماق يەيـدىغان، ئۇخلايـدىغان ۋە ئۆلـىدىغان ئىنسـان دەپ ئېيتسـىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنـىڭ بـاتىنىي چۈشەندۈرۈشـلىرىدە: ئـىمام-ئاللاھنىڭ يۈزى، ئاللاھنىڭ قولى، ئاللاھنىڭ يېنى، قىيامەت كۈنى ئىمام كىشىلەردىن ھېساب ئالىدۇ، ئۇلارنى جەننەت بىلەن دوزەققە ئايرىيدۇ؛ ئـىمام- سـىراتى مۇسـتەقىم (تـوغرا يـول)دۇر، زىـكـرى ھەكـىم (ھىكمەتلىـك زىـكـرى) ۋە قۇرئـان كەرىمـدۇر دەپ، ئـىماملارنى ئولـۇغلاش يۈزىسـىدىن ئـۇلارنى شـىئە مەزھىپىنـىڭ باشـقا تارمـاقلىرى سـۈپەتلىمىگەن سـۆزلەر بىـلەن تەرىپلەيدۇ. باتىنىي چۈشەندۈرۈشكە ئاللاھ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنى خاس قىلغان، بۇنى ئۇ، كېيىنكى ئىماملارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان، شۇڭلاشقا كىشلەرنى دىنىنىڭ سىرلىرىدىن پەقەت ئىماملارلا خەۋەردار قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقات قىلىدۇ.

ئىسمائىلىزىمنىڭ نىزارىيە تارمىغى زاھىرغا ئېتىقات قىلماي بـاتىنغىلا ئېتىقـات قىلىـدۇ، ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى «ئىمام» دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئۇلار قۇرئاندىكى «ئـاي، قۇيـاش» دېـگەن سـۆزلەرنى ئـىمام؛ «تـاغ، پەرىشـتە» دېـگەن سۆزلەرنى دائـى؛ «تـاغۇت، بـۇت، شـەيتان» دېـگەن سـۆزلەرنى ئىمامنـىڭ دۈشـمەنلىرى، دەپ چۈشـەندۈرىدۇ. ئىسـمائىلىزىم ئۆلىمـالىرى قۇرئانـدىكى ئـادەم ھەۋۋا قىسسىسـىنى ئۆزلىرىنـىڭ باتىنىي چۈشەندۈرۈشـلىرى بـويىچە: «ئادەمـدىن ئىلگـىرى ياشـىغان يەنە بىـر ئـادەم بولـۇپ، كېيىنكى ئادەم ئۇنىڭ «ھوججە»سى ئىدى، ھەۋۋا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دائىسى ئىدى، ھەۋۋا ئايال ئەمەس، ئـادەم ئەلەيھىسسـالامنىڭ خوتـۇنى ئەمەس، قۇرئانـدا پەقەت ئـىما تەرىقـىدە شـۇنداق دېـيىلگەن، ئـۇلار ئىلگىرىكـى ئادەمنىـڭ ئىسـمائىلىزىمدىن ئىبـارەت دەۋىتىـدىن بەھىرىمەن بولۇۋاتقاندا، ئادەم ئۆز مەرتىۋىسىدىن يۇقىرى دىنىي مەرتىۋىگە كۆز تىككەنلىكتىن، ئىمام ئۇنى دەۋىتىدىن چىقىرىۋەتكەن، ئاللا دەۋەتنـى جەنـنەت ئاتىغـان» دەپ قارايـدۇ. ئىسـمائىلىزىمنىڭ مەخسۇس كىتابى ۋە تەپسىرلىرىدە ئىمامنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن قۇرئـان ئـايەتلىرىنى مۇشـۇ

www.kitaphumar.net

يۇسۇندا تەئۋىل قىلغان سۆزلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار باتىنىي تەئۋىل بىلەن، نامازنى «ھەققە دەۋەت قىلىش»، روزىنى «سۆز قىلماي سۈكۈتتە تۇرۇش» دەپ چۈشەندۈرىدۇ؛ زاكاتنى «نەپسىنى پاكلاش» دەپ چۈشەندۈرۈشتىن تاشقىرى، ئۇنى ئۆز زامانىنىڭ ئىمامىغا بېرىش شەرت، دەپ ئېتىقات قىلىدۇ؛ ھەرەمگە بېرىپ بەيتۇللانى زىيارەت قىلىشنى «زاھىرىي ھەج»، ئىمامنى زىيارەت قىلىشنى «باتىنىي ھەج دەپ ئېتىقات قىلىدۇ. ئۇلار: شەيئىلەرنىڭ باتىنىي تەرەپلىرىنى بىلىش «ئىلمى باتىنىي» بولىدۇ، بۇنى پەقەت ئىماملا چۈشىنىدۇ ياكى ئىماملار تەلىم بەرگەن چوڭ دائىلار چۈشىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەلۇم دەۋرلەردە بەزى دائىلار، ئىماملار غايىپنى بىلىدۇ، يۇلتۇزلارنىڭ ھەركىتىنى بىلىدۇ، مۇشۇ ئارقىلىق نىمىنى خالىسا شۇنى بىلەلەيدۇ، دىگەننى تەشۋىق قىلغان، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قولىدا «جەفرى» ناملىق كىتاب بارلىقىنى، بۇ ئارقىلىق غايىپلارنى بىلەلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىمام جەپەر سادىقتىن قالغانلىقىنى دەۋا قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى ئەينى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىپ رەت قىلىنغان. ئىسمائىلىيە فىرقىسى: ئاللاھ تائالا ئالەمنى بىۋاستە ياراتقان ئەمەس، ئۇ، ئىرادىسى بويىچە ئالدى بىلەن مۇتلەق ئىدىيىنى خەلق ئەتكەن، مۇتلەق ئىدىيە ـ پۈتكۈل ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ نامايەندىسى، مەھەللىي ئىنسان ئاللاھنىڭ زاتىنى تونۇشقا قادىر بولمىغانلىقتىن، پەقەت ئىدىيىنىلا تونۇيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئىدىيىنى «ھىجاب» ياكى «مەھەل» ياكى «ئالاقە» دەپ ئاتايدۇ. ئىنسان بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلىم ھاسىل قىلىش كېرەك، ئىلىمدىن ئىبارەت بەختكە پەقەت مۇتلەق ئىدىيىنىڭ پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى بولغان ئىماملارغا چۈشىشى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ چۈشكۈچى ئىدىيە «ناتىق» دېيىلىدۇ؛ چۈشكۈچى روھ «ئاساس» دېيىلىدۇ؛ ناتىق ـ نازىل بولغان، كالامۇللانى يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەردۇر؛ «ئاساس» تەئۋىلگە ئاساسەن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىمامدۇر، دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا ئۇلار: مۇھەممەت پەيغەمبەر ـ ناتىق، ئەلى ـ ئاساس، دەيدۇ.

ئىسمائىلىزىم ئەقىدىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بىۋاستە قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنمىغانلىقىنى، پىفاگورىزىم ۋە يېڭى ئەپلاتونىزىمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ،ئۇنىڭغا نۇرغۇن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ۋە قەدىمىي دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى، شۇ ئاساستا ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى تۈسى بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

پىفاگورىزىمچىلار خۇددى «سان»نى ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىسمائىلىيە فىرقىسمۇ ساننى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى قىلغان، ئۇلارنىڭ قارىشىچە: بىرلىك سان مۇتلەق ئىدىيە ياكى قەلەمنى؛ ئىككىلىك سان مۇتلەق ئىدىيە بىلەن مۇتلەق روھنى ياكى قەلەم بىلەن روھنى؛ ئۈچلۈك سان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، ئەلى ۋە فاتىمەنى؛ بەشلىك سان

قەلەم، لەۋھە، مىكائىل، ئىسراپىل، جەبرائىللەرنى ھەمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ـ ھۈسەيىنلەرنى، شۇنداقلا ئىمام، ھوججە، دائى، مەئزىن، مۇكاسىرلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسمائىلىزىم فىرقىسى مىسىرلىقلارنىڭ قەدىمقى دىنىدا فىرئەۋىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى روھانى ئالەمگە يۆتكىلىپ، بۇ ئالەمگە تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىلاھقا ئايلىنىدۇ، دىگەن ئەقىدىسىگە قاراپ، ئىمام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى پەرىشتىگە ياكى كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى روھانى ئىدىيىلەردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ، دىگەن ئەقىدىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

كائىناتنىڭ بارلىقا كېلىشى مۇتلەق روھنىڭ ئىدىيىدىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە ئالەمنىڭ لوجوس (كەلىمە) ئارقىلىق يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى يېڭى ئەپلاتونىزىمنىڭ قاراشلىرىنى ئىسمائىلىيە فىرقىسى قوبۇل قىلىپ: ئالەمنى ئاللاھ «كۈن» (بول، مەيدانغا كەل دىگەن مەنىدە) كەلىمىسى بىلەن ياراتقان، «كۈن» كەلىمىسى ”ك“ بىلەن ”ن“ ھەرپىدىن تەركىپ تاپىدۇ، ”ك“ ھەرپى قەلەمگە ياكى مۇتلەق ئىدىيەگە ئىشارەت، ”ن“ ھەرپى لەۋھەگە، مۇتلەق روھقا ئىشارەت، دەپ قارايدۇ. ئىسمائىلىيە فىرقىسى ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى ئەنە شۇ يۇقۇرقىلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاجىك خەلقىدىن باشقا ھەممىسى سۈننى مەزھىبىدە بولغانلىقتىن، شىئە ـ ئىسمائىلىيە مەزھىبى رايونىمىزدا بىر خىل ئاساسلىق دىنىي مەزھەب سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىسىمۇ، ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ ئەقىدىلىرىدە، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا، تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرىدا ئۇنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى، تەسىرلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز.

ئىسمائىلىزىمنىڭ يۇقۇرقى جەھەتلەردىكى كونكرېت ئىپادىلىرى، ئالاقىدار تەرەپلىرى شىنجاڭ ئىسلام تەتقىقاتىدا مۇھىم تېما سۈپىتىدە تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىنىغۇسى.

## پايدىلانغان كىتابلار:

«تائىپە ئىسمائىلىيە» ئاپتۇرى : كامىل ھۈسەيىن
«تارىخى ئىسمائىلىيە» : مۇھەممەت ئىبنى زەينۇل ئابىدىن
«ئەلمىلەل»: شەھرىستانى
«ئەلفىسەل» : ئىبنى ھەزىم زاھىرى
«نۇرۇلئەبسار» : مومىن
«زۇھەلئىسلام» : ئەھمەد ئەمىن

«تەپسىرى جەۋاھىر» : تەنتاۋى جەۋھەرى

«ئىغۋا نۇسسەپا» : ئۇمەر

«تارىخ ئىبنى خوللىكان» : ئىبنى خوللىكان

«ئىسئاف راغىبىن» : مۇھەممەد سەببان

«تارىخى ئەبۇلفىدا» : ئەبۇلفىدا

«ئىسلام بىلامە زاھىب» : مۇھەممەد سىدقى

«ئەھەممولفىرە قىلئىسلامىيە» : مۇھەممەد تاھىر

«هازىرولئالەمى ئىسلامى» : شكىب ئەرىسلان

مەنبە: http://www.azimatlar.net/forum.php?mod=viewthread&tid=1291

www.kitaphumar.net

# ئايالدىن باشلانغان قىسمەت

**نەزىرە مۇھەممەد سالىم**

ئۆزىنىڭ بۇگۈنىدىن نارازى ئادەم ھاياتلىق خەرىتىسىنى قايتا سىزىپ چىقماقچى بولىدۇ، ھازىردىن قانائەت تاپمىغان خەلق، ئىمكانىسىز رىئاللىق بىلەن غايە ئارىسىدىكى سىقىلىشتىن بىر چىقىش يولى ئىزدەيدۇ، بۇ تەخىرسىزلىكنى چۈشىنىش پەقەتلا بىرىنچى قەدەم، گەپ شۇ يولنى قانداق تېپىش، ئىشنى قەيەردىن باشلاپ نىمىلەرنى قىلىشتا.

يېنىمغا مەسلىھەت سوراپ، يول سوراپ، تەسەللىي سوراپ كەلگەن ئاياللار مېنى تەگسىز ئويلارغا باشلايدۇ. بىرلىرى بالىسىنى قانداق ئوقۇتۇش ھەققىدە، بىرلىرى ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقى ۋە مەڭگۈلۈك بەختى ھەققىدە، يەنە بىرلىرى ئېرىدىن ئازار يېگەن، كۆڭلى ئاغرىغان، تاشلىنىۋېتىلگەن بەختسىزلىكلىرى ھەققىدە سورىشىدۇ. ئۆز بەختىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى چېتىۋالغان ئادەمنىڭ ئازابىمۇ كۆپ بولىدىكەن، بىر ئەلگە سۇلتان، بىر ئائىلىگە پاسىبان بولۇشقا تېگىشلىك، ئەمما ئۆز-ئەھلى ئايالىغا ئىگە بولالمىغان، توغرا يولغا باشلىيالمىغان ئەرلەرگە ئىنساب — دىيانەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى بىلدۈرۈش كېرەكمۇ؟ ئائىلىدىن ئىبارەت ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت ئورنىنى، يالتىراق، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە تېگىشىپ، ئايالىق ۋە ئانىلىقنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىدىن نېسىۋىدار بولالمىغان ئاياللىرىمىزغا ھەققىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىش كېرەكمۇ؟ ئاتا-ئانىسى ھايات تۇرۇپ، تەربىيەسىز قېلىپ ئىككى دۇنيالىق بەختىدىن قۇرۇق قېلىۋاتقان بالىلىرىمىزنى جەننەتنىڭ يولىغا باشلاش كېرەكمۇ؟ ئىشىكىدىن چىققانىۋ، بارار جايىنى ئويلاشتىن غەپلەتتە قېلىۋاتقان كىشىلەرگە ھاياتلىق كەينىدىكى يەنە بىر ھاياتلىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش كېرەكمۇ؟ تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان بۇ ئىزدىنىشلىرىم ئايال دېگەن بىر سۆزگە كېلىپ توختايدۇ، مەيلى قايسى تەرەپتىن يول ئىزدىمەكچى بولاي، بەختىمىز ۋە تەختىمىز، تەقدىرىمىز، يولىمىزنىڭ يورۇق ساھىللىرى ئايال ئاتلىق قىرغاقتا تۇتىشىدۇ.

ئايالار يېرىم دۇنيا دېيىشىدۇ، بۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى، ئۆزىگە مۇناسىپ ھاياتلىق يوكىنى ئۇستىگە ئالغۇچى ئەزا ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان، لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ يېرىم دۇنيا دەل قالغان يېرىمىنى تۇغقۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچىدۇر. مەن دىيانەتلىك ، ئەخلاق — پەزىلەتلىك، بىلىملىك پەرزەنت تەربىيەلەش توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمەكچى بولغىنىمدا پەرزەنتنىڭ تۇنجى ئۇستازى، ھالال — ھارام ، ھەق — ناھەقنى سۈتى

بىلەن، ھەر بىر نەپەسلىرى بىلەن بالىغا سىڭدۈرىدىغان ئانا بولمىش ئايال تەربىيەسىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدىم. مەن مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۇل-ئاساسى بولغان ئائىلە توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولغىنىمدا پاكلىقى، دىيانىتى، مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئائىلىنى كىچىك جەننەتكە ئايلاندۇرالايدىغان، ئەكسىچە بولغاندا بۇزۇق تەبىئەتلىك پەرزەنت بىلەن چاك - چېكىدىن يىمىرىلگەن ۋەيرانە ئائىلىنى بىنا قىلىپ، بىزنى ھالاكەت قايناملىرىغا ئىتتىرەلەيدىغان، ئايال تەربىيىتىنى دىققىتىمنىڭ سىرتىدا قالدۇرالمىدىم. ئۇممەتنىڭ ئىستىقبالىدەك چوڭ ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى، ئاددىيسى تۇرمۇشىمىزدىكى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىكى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قېلىپنى بۇزۇش ياكى تۈزەشنىڭ ئاچقۇچى ئاياللارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم بىر مىللەتنىڭ دىنى ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدىغان ئالاھىدە مۇراسىم شەكلى، ئەجدادلىرىمىزبۇلارنى ئۆز ئېتىقادىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئارتۇقچە ھەشەم - دەرەم، شۆھرەتپەرەسلىكتىن خالىي، ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئەمما بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىزنىڭ تويلىرىمىز ھەتتاكى ئۆلۈملىرىمىزدە پەيدا بولۇۋاتقانىيىڭىچە قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئىجادچىسى دەل ئاياللاردۇر، نە بىر دىنىي ئاساسى، نە بىر دۇنياۋى مەنپەئەتى يوق بۇ قائىدە - يوسۇنلاردىكى پۇل - مال ئىسراپچىلىقى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، زېھىن ئىسراپچىلىقى، نىكاھ بوسۇغىسىنى ئېگىزلىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىنى ئاشۇرماقتا. قىز - يىگىت تاللاشتىكى ئەمەل - ئۆلچەملىرىمىز قايرىلىپ قېلىپ، مال دۇنيا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغاچقا، دىيانەت، ئەخلاق - پەزىلەت، مېھىر - ۋاپا ئۇستىگە قۇرۇلمىغان ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشمۇ تېز بولماقتا، مانا بۇ يېڭى قائىدە-يوسۇنلارنى ئىجاد قىلغان، يولغا قويغان، بەسلەشكەن ئاياللار، ئەرلەر بولسا ئەگەشكۈچىدۇر. ئايالنى تۈزىمەي تۇرۇپ، بۇ ئىللەتلەرنى تۈزىگىلى بولمايدۇ، بۇلارنى تۈزەش دەل ئاياللارنى تۈزەشتىن باشلىنىدۇ.

سۇرىيەلىك مەشھۇر ئۆلىما، دىنىي ئىسلاھاتچى ئەلى تەنتاۋى (1909~1999) بىر قېتىملىق لېكسىيەسىدە مۇنداق دېگەن: «ئەي قىزىم، مەن ھازىرغىچە ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردۈم، دۇنيادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى كەزدىم، نۇرغۇن ياخشى - يامان ئىشلارنى كۆردۈم. نۇرغۇن ئىشلارنى تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن بۇ گەپلىرىمنى مېنىڭ ئەللىك يىللىق تەجرىبەمنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتىمەن ھەم ساڭا نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. ئادەملەرنى ئىسلاھ قىلىمىز، تۈزىتىمىز دەپ كۆپ كۈچىدۇق، ھەتتا تولا سۆزلەپ ئاغزىمىز تالدى، نۇرغۇن كىتابلارنى يازدۇق، قوللىرىمىز تالدى، قەلەملىرىمىز ئۇپرىدى. بىز ئادەملەرنى تۈزىتىمىز دەپ كۈچىگەنسېرى ئادەملەردە ئەكسىچە بۇزۇلۇش كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ئېقىۋاتىدۇ، ئادەملەر جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىبىلىپ تۇرۇپ،

ئەكسىچە دوزاخنىڭ ئىشىكىگە ئۆزىنى ئىتتىرىۋاتىدۇ، كۆكرەك ئۇچۇقلۇق، باش يالىڭاچلىق، بىهايالىق، شەرمى-هايانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە سوزۇلماقتا، بىز شۇنچە سۆزلەپ نىجات تاپالمىدۇق، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمىز دەپ گۇمان ھەم قىلمايمەن. ئىمىشقا، بۇنى بىلەمسەن، بىز ئادەملەرنى تۈزىتىمىز دەپ شۇنچە نەسىھەت قىلىپ، شۇنچە دەۋەتلەرنى قىلىپ نەتىجە قازىنالمىدۇق، ئەسلى بىز ئادەملەرنى كۆزىتىدىغان يولنى تاپالمىغان ئىكەنمىز، كىرىدىغان ئىشىكنى تاپالمىغان ئىكەنمىز، بىز ئىشىكتىن كىرمەي دېرىزىدىن كىرىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇق. ئادەملەرنى كۆزىتىدىغان يول قەيەردە؟ ئۇنىڭ ئىشكى قەيەردە؟ ئۇنىڭ ئاچقۇچى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمىز، ئاخىرى بىلدۇقكى، ئادەملەرنى تۈزىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئاياللارنىڭ قولىدا ئىكەن، ئادەملەرنى تۈزىتىدىغان يولنىڭ بېكىتى ئاياللاردىن باشلىنىدىكەن.»

ئەپسۇس، بۇ ھەقىقەتنى بىز ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئەمەس، تېخىچە ئېڭىمىزدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خۇلاسىلەپ بېرەلمىدۇق. «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەندەك قىز-ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش، ئوقۇتۇش، ياخشى تەربىيەلەشتەك تەلىماتلار بۈيۈك دەستۇرلىرىمىزدا ئېنىق ئېيتىلغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك پەيلاسوپ ئالىملىرىمىز ئۆز ئەسىرىدە:

(4504) تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.
(4506) ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيالىق نەپ.

دېگىنىدەك كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، يېقىنقى زامان تارىخىدا مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇھىم نۇقتىغا تازا ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلدى. مەشھۇر قازاق تارىخچى چوقان ۋەلىخانوف 1858~1859 ـ يىللىرى شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغاندىكى بايانلىرىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھالى بەك خاراپكەن، چۈنكى بۇلار ئاياللىرىنى ئوقۇتمايدىكەن» دەپ يازغان.

ھازىر مائارىپنىڭ ئومۇملىششى بىلەن قىز-ئاياللار ئىلىم ئېلىش، ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەقىدە، ئادىمىيلىك، ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ئەمەس، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش، مەكتەپتىن مەكتەپكە ئۆتۈشنىلا ئۆلچەم قىلغان مائارىپ بىزگە

www.kitaphumar.net

كۆتكىنىمىزنى بىرەلمىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ ئائىلىگە يۆلىگىنىمىز، كۆتىدىغىنىمىز، مۇھتاجلىقىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەسلىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى تەربىيە ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئىنسان ھاياتىغا ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئۆچمەس تامغا باسىدىغىنى ئائىلە تەربىيەسى ئىدى، ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن ئائىلىنى چوڭ بىلگەن، ھالال ــ ھارام چېگرىسى ئېنىق بەلگىلەنگەن، ئەقىدە، ئەدەپ ــ ئەخلاق، مېھىر ــ مۇھەببەت بىلەن ئائىلىنىڭ بىرلىكىنى، مۇكەممەللىكىنى روياپقا چىقارغان، ئەجداد ئىزىنى ئۆچۈرمەيدىغان، يارامىلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ، زامانىنى ــ زامانغا ئىزلىغان، ئائىلىدە ئەر ــ ئەرگە، ئايال ــ ئايالغا ئوخشىغان، ئۈرنەك قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بۇ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزگە بىز قانچىلىق ۋارىسلىق قىلالىدۇق؟ ھازىر بىزنىڭ ئائىلە تەربىيەمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس، ھەممىمىز قاقشايمىز، ئىچىملىك ــ چېكىملىك ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى، يېشىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلىشى، ھەتتا ئەرلەرگە خاس قىلمىش سانالغان بۇ ئىللەتنىڭ قىز-ئاياللاردا كۆرۈلۈشى، ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق، ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، شەرمى ــ ھايا، مېھىر ــ ۋاپا كۆتىرىلىپ، كىشىلەردىكى بەخت تۇيغۇسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى بىز جاھاننىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ئارتىپ قويالمايمىز، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئوتتۇز خىل چارىسى بولسىمۇ، قورقۇنچاق ئادەم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياققان ۋە تاللىغان بىردىنبىر ئامال «قېچىش» بولغىنىدەك بارلىق مەسئۇلىيەتنى جەمئىيەتكە ئىتتىرىپلا قويالمايمىز، بىز كوچىغا تۇغۇلمىدۇق، بىزنى جەمئىيەت بېقىپ چوڭ قىلمىدى، بىزنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگىنىمىز ئائىلە بولدى، بىز تۇنجى سۆزنى ئائىلىدە قىلدۇق، تۇنجى تەربىيەنى، ئەدەپ ــ ئەخلاقنى، مېھىر ــ مۇھەببەتنى ئائىلىدە، ئانا پەرۋىشى، ئاتا نەسىھىتىدىن ئالدۇق، ئائىلىدىن ئالغان ئاشۇ خېمىر تۇرۇچ تەربىيە بىلەن ئاندىن جەمئىيەتكە، ھاياتقا يۈزلەندۇق.

ــ بالام بىر ئوبدان بالىتى، جەمئىيەتتىكى يامان بالىلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ گەپ ئاڭلىتالمىدۇق، مەكتەپتىن چىقىرىۋالايمىكىن، زادى مۇشۇنداق يەردە ياشىغاندىكىن ،. دەپ قاقشاۋاتقان ئانىغا شۇنداق دېدىم:

ــ يەر يۈزىدە مۇتلەق ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككىلا تولغان جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس، تاشقى مۇھىتنىڭ ئادەمگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي، ئەمما ئۇ ھەرگىز بىرلەمچى ئامىل ئەمەس، ئەگەر سىز ئېيتقاندەك بولىدىغان بولسا، بۇ جەمئىيەتتە ياشىغان ھەممە ئادەم بۇزۇلۇپ كېتىشى، بىرمۇ دۇرۇس ئادەم قالماسلىقى كېرەك، لېكىن ئاچچىق ھەقىقەت شۇكى، مەكتەپنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بالىڭىزدىكى تەسىرى سىزنىڭ تەسىرىڭىزدىن ئۈستۈن كەلگەن. سىزنىڭ تەربىيىڭىز بالىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتالمىغاچقا، بالا سىرتقى ناچار خاھىش بىلەن ئۇچراشقاندا، تەربىيەرىڭىز بوراندىكى مامكاپتەك تۇزۇپ كەتكەن، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ

غەلىبىسىياكى مەغلۇبىيىتى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، ئائىلىنىڭ رولى دەل بالىلاردا سىرتنىڭ يامان تەسىرىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىغان روھى توغان، مەنىۋى پاسىل ياساشتا. تەلەپچان ئائىلە پەرزەنتلىرىگە بەرگەن ئەقىدە، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تاشقى مۇھىتنىڭ پايدىسىز تەسىرىدىن غالىب كېلىدۇ، مانا بۇ ئائىلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ئاتا ـ ئانىنىڭ غەلىبىسى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر مەسلىنىڭ سەۋەبىنى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن، ئانا بىلەن ئاتا تەربىيەسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق، ئاياللارنى تەربىيەلىمەي تۇرۇپ، مۇكەممەل ئائىلىدىن، ياراملىق ئەۋلادتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئاياللارنى تەربىيىلىمەي تۇرۇپ، بۈگۈنىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىنى ئاچقىلى بولمايدۇ، مەۋجۇتلۇق ئېغىر سوئالغا ئايلىنىپ، ئالدىمىزغا قويۇلغاندا، بىزگە كېرىكى ئەيىبلەش ـ قاقشاش ئەمەس، دەبدەبىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تەشۋىقاتمۇ ئەمەس، بەلكى بىزگە كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتە قايسى يول بىلەن قانداق مېڭىشنى كۆرسىتىپ بېرىش، بۈگۈن بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقان قىز ـ ئاياللار تەربىيەسىنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلىدىم.

ئاياللار تەربىيەسى بىزدە پەقەتلا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتقان تېما، دېيىلگەن تەقدىردىمۇ يالتىراق شوئار، چىرايلىق گەپلەر دۆۋىسىگە ۋە ياكى تىللاپ قاقشاش بىلەن ئابستراكىت چۈشەنچىلەرگە تولۇپ كەتكەن، كونكرېت قەدەم باسقۇچلار كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن بايان قىلغان بۇ نۇقتىلار قىز ـ ئاياللىرىمىزغا بىر توغرا نىشاننى كۆرسىتىپ بېرەلىسە ئەجەب ئەمەس.

## 1. ئېتىقاد ـ نىشان تەربىيەسى

جۇڭگو قانۇنچىلىق گېزىتىنىڭ بىر سانىغا مۇنداق خەۋەر بېسىلغان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگودا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا، ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىغا ئالاقىدار مۇناسىۋەتلىك دېلولار يىلسېرى كۆپەيگەن، بۇ دېلولارنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى جىنايەتچىلەر يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ، تۆۋىنى ئالىي مەكتەپ باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانىغا، يۇقىرى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە ئىكەن، بۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مەسىلە، ئىلىمنىڭ ئىنسان زاتىنىڭ قەدرىنى يۇقىرى كۆتىرىدىغان قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكى قىل سىغماس ھەقىقەت، ئەمما ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت، ھەربىر قۇلۇپنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئاچقۇچى بولىدۇ. ئەمما دۇنيادا شۇنداق بىر ئاچقۇچ باركى، جىمى قەلبلەر ئۇنىڭ بىلەن

ئېچىلىدۇ، جىمى غەم ـ قايغۇ ئۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، بارچە مۇشكۈلات ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ توغرا ئېتىقادتۇر. پەقەت ئېتىقاد يىلتىزىدىن كۆكلىگەن ھاياتلا ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ئۆتكۈنچى مەنپەئەتكە باغلىنىپ قالمىغان كامالەتلىك ھاياتتۇر، ئايال تەربىيىسىدىكى بىرىنچى قەدەم مانا مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ.

ئېتىقادسىز ئايال ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ئېتىقادسىز ئايال پۇل ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېتىدۇ، ئېتىقادسىز ئايال دۇنيا ئۈچۈن خارلىققا مۈپتىلا بولىدۇ، ئېتىقادسىز ئايال مۇكاپات ۋە جازانى نەقتىن ئىزدىگەچكە، پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىشنىڭ قىممىتىنى ۋە ئەجرىنى چۈشەنمەيدۇ، ئېتىقادسىز ئايال ئۈچۈن قىلسا بولمايدىغان ئىش، بارسا بولمايدىغان يەر يوق، ئېتىقادسىز ئايالدىن بىز پەرزەنتنىڭ، خەلقنىڭ قاراڭغۇ تۈنلىرىنى كۆرىمىز، ئېتىقادسىز ئايالدىن يۈكسەك ئەقىللىقتىنمۇ چىقىش يولى تاپالمىغان جەمئىيەتنىڭ خارابلىقىنى كۆرىمىز.

مۇكەممەل ئېتىقاد، ئاياللارغا ئۆزىنى سۆيۈشنى، قەدىرلەشنى، ئىنسانىنى سۆيۈشنى، مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپا ـ ساداقەت، غەيرەت ـ جاسارەت، ئالىي ھىممەت، سەممىيلىكلا ئېزگۈلۈكلەرنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى كۆز ئالدىدىكى ماددىيەتتىن ھالقىتىپ چەكسىز مەنىۋىيەت لەززەتلىرىگە باشلايدۇ، چىن پۈتۈككى بىز ئارزۇ قىلغان شەرمى ھايالىق قىز، مەسئۇلىيەتچان ئايال، ئۇلۇغ ئانا ئۇنىڭسىز بارلىققا كەلمەيدۇ.

بىز «بىز بالىنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ» دەيدىغان ھېچبىر كىتابتا يوق قۇرۇق گەپ بىلەن قىزلارنى ئىلىم ئۆگىنىشتىن، ئېتىقادنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم قىلدۇق ياكى قىزلارنى مەكتەپكىلا تاشلاپ قويۇپ، ئاتا ـ ئانىدىن بۆلەك ھېچكىم بېرەلمەيدىغان ئادىمىيلىك ئەقىدە، ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيەسىنى كەم قىلدۇق.

يېقىندا ئۆيدىدا 13 ياشلىق ئاقسۇلۇق بىر قىزنىڭ قىز دوستى بىلەن ئۆيدىن ئۇرۇمچىگە قېچىپ چىققانلىقى، تاغىسى دۆڭكۆۋرۈكتە تۇتۇۋالغاندا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە قېچىپ كەتكەنلىكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىغلاپ تورغا مۇراجىئەت قىلىپ، قىزىنى جىددىي ئىزدەۋاتقانلىق ئېلانىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ئېسىمگە ئىككى يىل ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم شەھەردىن 16 ياشلىق قىزىنى ئىلىپ مەسلىھەت سوراپ كەلگەن بىر ئانىنى سالدى، ئۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن ئىدى: بۇ مېنىڭ چوڭ قىزىم، بىزنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىمىز بەك ياخشى، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىمىز ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. مۇشۇ قىزىم 14 ياشقا كىرگۈچە مەن شۇنداق خاتىرجەم ھالدا كۆڭلۈم خالىغان يەرگە بېرىپ، چاي ئولتۇرۇشتىن قالماي ئويناپ كۆلۈپ ياشىغان ئىدىم، شۇ يىلى قىزىم ئۆزىدىن چوڭ بىر ئوغۇل بىلەن قېچىپ كەتتى، شۇندىن بۇيان مېنىڭ كۈلكەم، ئويۇن تاماشالىرىم توختىدى، كۆزۈمدىن ياش قۇرىمىدى، ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ تاپالمىدۇق. ئەل ـ جامائەت ئىچىدە يۈزۈم يەر بولدى،

ئاخىرى تېپىپ ئۆيگە سولاپ قويساق، يەنە قېچىپ كەتتى. يەنە تېپىپ كەلسەك ئاشۇ بالا بىلەن تويى قىلمىسام ئۆلۈۋالىمەن، دەپ قورقۇتۇپ، ئاخىرى ئامالسىز 14 ياشلىق قىزىمنىڭ تويىنى قىلىپ قويدۇق. بۇ يۈرەك ئاغرىقىم، ھەسرىتىم تېخى بېسىلماي تۇرسا، بىر يىل ئۆي تۇتۇپلا ئاجرىشىپ ئۆيگە كېلىپ ئولتۇردى، ھېلىقى بالا ئىككى كۈندە بىر يارىشىمەن دەپ كىلىۋېلىپ، ئۇچۇر يوللاپ بىزگە ئاراملىق بەرمىدى. كۆزدىن يىراق تۇرساق قوتۇلىمىزمىن دەپ بۇ يەرگە چىقتۇق، ياخشىراق بىرەر كەسىپ ئۆگىنىدىغان يەرگە بىرەي، دېسەم، گىرىم قىلىشنى ئۆگىنىمەن دېدۇ. قىزغا سەپسالدىم. يوتىسىنى ئاران ياپقان قىسقا كۆينەك بىلەن قېنىق گىرىم قىلىۋالغان، ئەسلى يېشىدىن خېلىلا چوڭ كۆرۈنەتتى.

ھەر ئىككى ئانىغا ئىچىم ئاغرىدى، ئەمما بۇ ئىچ ئاغرىتىش ئۇلارنىڭ پەرزەنتىگە ئەڭ زۆرۈر تەربىيەنى بېرەلمىگەن، قىزلىرىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە ھاياتنىڭ رەڭگارەڭ ئېزىتقۇلىرىدىن قوغداپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك، بەختىيار ھاياتقا ئىگە قىلالمىغان خاتالىقنى ياپالمايتتى. بۇ مەن يولۇقتۇرغان كىچىككىنە مىسال. ئەتراپىمىزدا ھەررەڭ ـ سەررەڭ كىيىنىپ، تاپتىن چىقىۋاتقان قىزلار، ئەركىنلىك ئىزدەپ، كۆڭۈل خۇشى ئىزدەپ ئائىلىنىڭ سىرتىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان ئاياللار تولۇپ تۇرۇپتۇ. دېيىشتىن تىلىمىز كۆيسمۇ، دىيارىمىزدىن ئېشىپ، شەھەر ئاتلاپ، ئىچكىرىنىڭ مېھمانخانا، تانسخانىلىرىدا مۇلازىمەت قىلىدىغان پاھىشە ئاياللار ئاز ئەمەس. جەمئىيەتشۇناسلار، پسىخولوگلار، قانۇنشۇناسلار، مائارىپشۇناسلار يۇقىرىقى ھادىسىلەرنى بەلكىم تۈرلۈك نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ قوشۇمچە سەۋەبلەر، ھەقىقەت شۇكى، مۇسىبەتلىرىمىزنىڭ يىلتىزى ئاياللىرىمىزغا ھاياتنىڭ يەنە بىر يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەقىدىنى تىكلىيەلمىگەنلىكىمىزدە، سۆزىمىز بىلەن، ئەمەلىيىتىمىز بىلەن، ھاياتىمىز بىلەن ئۈنى سىڭدۈرەلمىگەنلىكىمىزدە.

## 2. مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەت تەربىيەسى

يەر شارىلىشىش ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىزگە ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئاياللارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئەرلەرگە ئوخشاش تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتى كېڭىيىپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتى. بۇنىڭ بىلەن كەسىپ ۋە خىزمەتنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويغان، ئائىلە ۋە پەرزەنتكە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاشقان ئاياللار ئارىمىزدا كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاياللار ئائىلىدە ھېرىپ ـ چارچايدىغان، ئىچى پۇشىدىغان، بالىسىنىڭ تۇگىمەس جاپالىرىدىن

قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئـايغى چىققۇدەك بولغـاننى يەسلىگە، يەتتىگـمۇ توشـمىغاننى ئالـدىراپ تەييارلىق سىنىپقا بېرىپ ئارام تاپىدىغان، ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ، سىرتقا چىقسا، چايغا بارسا باشقىچە روھلىنىپ خۇشاللىنىدىغان غەيرى نورمال پىسخىكا ئاياللىرىمىزدا ئاۋۇپ قالدى. ھەممىدىن يامان بولغىنى مۇشۇنداق نورمالسىز قىلمىش ئىجابىي ئەھۋال سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلدى. ئائىلىسىنى تاشلاپ، ئۆزىنى كەسپكە، خىزمەتكە ئاتىۋەتكەن ئاياللار شەرەپ مۇنبەرلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتە تونۇلغان بىر ئايالنىڭ پالەچ بولۇپ قالغان ئېرىنى ئۆيدە قويۇپ، كېسەل كۆتۈش خىزمەتچىسى ياللاپ، كۆنىپىي ئۇ پائالىيەت، بۇ يىغىن دەپ تالادا يۈرىدىغانلىقىنى ماختا بىرسى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ھالبۇكى شۇ ئايال ئانىلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، رادىيو ، تېلېۋىزوردا ئائىلە، پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرەتتى.

دۆلەتنىڭ خارابلىقى جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن باشلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئۆز رولىنى يوقاتقان ئائىلىنىڭ كۆپىيىشىدىن باشلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىللىتى ئاياللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيەتتىن باش تارتقان ئاياللاردىن باشلىنىدۇ. ئەرنىڭ ھەققىنى تونۇغان ۋە جايىدا ئادا قىلغان ئايال ئىنسابسىز ئەرنى كوچىدىن تارتىپ ئەكىرىپ ئائىلىنىڭ بېجىرىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئانىلىق بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزەلىگەن ئايال ئىنساب ـ دىيانەتلىك، غەيرەت ـ شجائەتلىك، بىلىملىك پەرزەنتلەرنى ئۆز ۋەتىنىگە تەقدىم ئېتەلەيدۇ. ئايال ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇلۇغلۇق مەقامى ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولامدۇ؟ ھاياتتا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بولىدۇ. ئەمما بۇلار مۇھىملىقتا، قىممەتتە، ئەھمىيەتتە، ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم دەل ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ ئەڭ زۆرۈرىنى باشتا، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكىنى كەينىگە تىزىپ بېجىرىشنى بىلگەن ئادەمدۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلماي تۆتىنچى ئورۇندىكىسى ئۈچىنچىسىنىڭ ئالدىغان ئۆتۈۋالسا، بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشقا تېگىشلىكى ھەممىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قالسا، راۋاج تاپالماي سۆرىلىپ يۈرگىنىمىز يۈرگەن. بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ھاياتنى تاكامۇللۇققا ئىگە قىلغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ يارىتىلىشتا تەقسىم قىلىنغان مەجبۇرىيىتى بار. ئەر ۋە ئايالنىڭ فىزولوگىيەلىك ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاجايىپ ماس كەلگەن بۇ تەقسىماتتا ئىلاھى ھېكمەتچاقناپ تۇرىدۇ. قارىسىڭىز بۇنىڭ باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، جەمئىيەت قانچە تەرەققىيقىلسۇن، ئاياللىق ۋە ئانىلىقتەك مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قىممىتى ۋە تۆھپىسى ھەرقانداق كەسپتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ب د ت نىڭ باش كاتىپى بان كىموننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا تۇرۇپ، خىلمۇخىل خىرىسقا دۈچ كېلىۋاتىمىز. لېكىن ئانىنىڭ ئائىلە ۋە ئەۋلادلارنى بېقىپ تەربىيەلەشتىكى مۇھىم رولى

ئۆزگەرمەيدۇ. ئاياللار مۇناسىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنى پۇختا ئىگىلەش ئۇچۇن ئىلىم ئۆگەنسە بولىدۇ، ئەمما شەرت شۇكى، بۇ ئائىلە بەختى، پەرزەنت تەربىيەسىنى زايە قىلىشنى ھېسابقا ئالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. ئاياللىق ۋە ئانىلىقنى ئالىي شەرەپ بىلگەن، ئۇنى ھاياتتا ئېرىشكەن بەختى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۇلچىمى قىلالىغان ئاياللار كۆپ يەردە بەرىكەت ۋە خاتىرجەملىك قارار تاپىدۇ. ئۇنداق جەمئىيەت پەزىلەتلىك ۋە ئىناق جەمئىيەت بولىدۇ، ئۇنداق ئائىلە بەخت شولىلىرى پارلىغان ئائىلە بولىدۇ.

رۇسىيەلىك پېداگوك سوخومۇلىنسكى مۇنداق دېگەن: «ئىنسان بېشىدا ئۇچ كولپەت بار، ئۆلۈم، قېرىلىق ۋە يامان پەرزەنت. قېرىلىق ۋە ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىراق يامان پەرزەنتلەردىن ياخشى تەربىيە بىلەن ساقلىنىش مۇمكىن.» ھاياتتا مەغلۇبىيەتنىڭ تۈرى كۆپ. بىرى سودىدا زىيان تارتىدۇ، بىرى ئىشتىن بوشىتىلىدۇ. بىرى كەسىپتە ھېچبىر نەتىجە قازىنالمايدۇ، يەنە بىرىنىڭ تۇرمۇشتا تەلىيى چىقمايدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولىدىغان، باشقا بىر يول ئىزدىسە يول تاپقىلى بولىدىغان ئىشلار، ئەمما بىرنىڭ يۈرەك ــ باغرىمىزنى ئۆرتىۋېتىدىغان، يۈرۈق كۆڭلىرىمىزنى قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم قىلىدىغان، ئورنىنى تولدۇرغىلى، قايتىدىن باشلىغىلى بولمايدىغان تولىمۇ ئەلەملىك بىر مەغلۇبىيەت بار. ئۇ بولسىمۇ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مەغلۇبىيەت. يارامسىز، ناكەس بالىنىڭ خاپىلىقى ئاتا ــ ئانىنىڭ ئازابى بىلەن تۈگىمەيدۇ، بەلكى شۇ ئاتا - ئانا يەنە ئەل ــ جامائەتنىڭ: «نەدىمۇ چوڭ بولغان بولغىيتىڭ؟ ۋاي ئىسىت سېنى باققان ئاتا ــ ئاناڭغا!» دېگەندەك لەنەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. پەرزەنت تەربىيەسى نۆۋەتتە بىز ئەستايىدىل ئويلانمىساق بولمايدىغان جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇنى ئاۋۋال ئاياللىرىمىزغا ئانىلىق مەسئۇلىيەتنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئېغىرلىقىنى ئېنىق تونۇتۇشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىر سالىھ ئايال ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغان ۋە داۋاملىق پاناھ تىلەيدىغان ئىشىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەن باللىرىمنى تەربىيەلەشتە مەغلۇپ بولۇشتىن ئەڭ قورقىمەن، مەن ئۇچۇن جېنىمنى يېنىمغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ تۇغقان، ياشلىقىمنى، ۋاقتىمنى، زېھنىمنى، ئىلكىمدىكى سەرپ ئەتكىلى بولىدىغان جىمى نەرسەمنى خورىتىپ تۇرۇپ بېقىۋاتقان باللىرىمنىڭ يارامسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇنچلۇق ئىش يوق. شۇڭا مەن ياخشى تەربىيە ھەققىدە توختىماي ئىزدىنىمەن. باش قاتتۇرىمەن. ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى باللىرىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزىمەن.» ئارىمىزدا مۇشۇنداق دېيەلەيدىغان ئانىدىن قانچىسى باردۇ؟ خىزمەت ئاز كەلگەندەك توي ــ تۆكۈن، چاي ــ ئولتۇرۇش، ئادەمگەرچىلىك، بازار چۆگىلەش دېگەنلەر ئاياللىرىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىگىلىك. ئەمما

بۇلاردىن ئېرىشكەن تايىنى يوق خۇشاللىق، ھۇزۇركەلگۈسىدە يارامسىز پەرزەنت ئۇچۇن تۆككەن بىر تامچە ياشقىمۇ دال بولالمايدۇ. مەن خېلى تونۇرۇك ھېسابلىنىدىغان بىر ئانا گەپ ئارىسىدا سەككىز ياشلىق ۋە 13 ياشلىق ئىككى قىزنى ئويىنىتىپ كېلىش ئۇچۇن سۇ ئۈزۈش كۇلۇبىغا ئېلىپ بارغانلىقنى ئېيتىپ، مېنىڭ چەكچەيگەن كۆزۈمگە قاراپ: ۋاي، قورقماڭ، ئەرلەر سەل نېرىراقتا چۆمۈلىدۇ، ئاياللار بىلەن بىر كۆلچەكتە ئەمەس، دېگەن ئىدى. ئاز كۈندىن كېيىنلا ماڭا 13 ياشلىق قىزنىڭ بىر ئوغۇل بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقى، تېلېفوننى تارتىۋېلىپ، كومپيۇتېرنى تىقىۋېتىپ، مەن، دادىسى ئۇرسىمۇ گەپ ئاڭلىماي، يەنە شۇ بالا بىلەن ئۆينىڭ ئالدىدىمۇ سۆرىشىپ يۈرگەنلىكىدىن دادلاپ بەردى. ئەجەپلەنمىدىم. شەرمى ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشكە تېگىشلىك ئانا قىزلىرىنى كەينىگە سېلىپ، ئەر ـ ئاياللار يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرىدىغان يەرلەرگە ئاپارغاننىڭ نەتىجىسى ئەلۋەتتە شۇنداق بولاتتى.

باللىرىمىز بىزنىڭ ھاياتىمىز، كەلگۈسىمىز، ياخشى تەربىيە بىزنىڭ بەختلىك ھاياتىمىز، نۇرلۇق كەلگۈسىمىز. يامان تەربىيە بولغۇسى قايغۇ ـ ئەلەملىرىمىز، كۆز ياشلىرىمىز، ۋەتەن ئالدىدىكى، باشقىلار ئالدىدىكى خاتالىقىمىز. دېمەكچى بولغىنىم، ئاياللىرىمىزنىڭ ھايات مىزانىدا ئەڭ مۇھىم ۋە بىرىنچى بۇرۇچ ئاياللىق ۋە ئانىلىق بولسۇن.

ئاياللىرىمىز ئايالغا بولغان ئىززەت- ھۆرمەت، مەرتىۋە ۋە بەخت ھۇزۇرىنىڭ ھالاللىق ۋە ديانەت بۆشۈكى قىلىپ قۇرۇپ چىققالىغان ئائىلە، ئەل ـ ۋەتەن مەمنۇن بولغۇدەك قىلىپ تەربىيەلىگەن پەرزەنت بىلەن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتسۇن ۋە شۇ ئۇلۇغلۇق مەقامىغا يېتىش ئۈچۈن جىمى نەرسىسىنى سەرپ ئەتسۇن.

### 3. كىتاب ئوقۇش تەربىيەسى

كىتاب ــ ھاياتنىڭ ئەڭ جۇلالىق ۋە شېرىن نېئمەتلىرىنىڭ بىرسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ خەزىنىسى. بىر ئادەمنىڭ بىلىم ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى شۇ ئادەمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كىتاب ئوقۇشىغا باغلىق بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ ساپاسىمۇ خېلى زور دەرىجىدە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قاراپ باقساق كىتاب ئوقۇشقا ھېرىس مىللەتلەر دەل ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. 2011- يىلى ئېلىپ بېرىلغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتى ھەققىدىكى ئىستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يەھۇدىيلار يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 64 پارچە، رۇسلار 55 پارچە،ئامېرىكىلىقلار

50 پارچە، ياپونلار 40 پارچە، كورېيەلىكلەر 11 پارچە كىتاب ئوقۇيدىكەن. فىرانسىيەدە ئائىللار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 12 پارچە، ئەرلەر 9 پارچە كىتاب ئوقۇيدىكەن. جۇڭگولۇقلار بولسا 2.8 پارچە كىتاب ئوقۇيدىكەن. ئەمىسە ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتى قانچىلىكتۇ؟ ئائىلىنى ئىدارە قىلغۇچى، پەرزەنتنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولغان ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىچۇ؟ قولىمىزدا بۇ توغرۇلۇق ئېنىق سانلىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، جاۋابىنىڭ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.

ئائىلىنى ئىدارە قىلىشمۇ خۇددى بىر ئەلنى ئىدارە قىلغانغا ئوخشايدۇ. ئەلنى باشقۇرۇش كىشىدىن قانچە چوڭقۇر ئىلىم، ئەقىل -پاراسەت، چارە ـ تەدبىر ۋە سەۋرچانلىق تەلەپ قىلسا، ئائىلىمۇ ئائىلىدىن بىلىملىك، پاراسەتلىك بولۇشنى، ھەر ئىشتا ئەستايىدىل، سەۋرچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق پاراسەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئائىلىنىڭ ھەرۋاقىت كىتاب ئوقۇپ تۇرۇشى، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۆزىنى داۋاملىق تولۇقلاپ، يېڭىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇشىدىن كېلىدۇ. شۇندىلا ئۇ ئائىللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئادا قىلالايدۇ. مەكتەپ مائارىپى ئۆگىنىش مەنزىللىرىنىڭ پەقەتلا بىر ھالقىسى. ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلى مەكتەپنىڭ بىر ئادەمگە ئۆگىتىدىغىنى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ، ئەمما ئۆگىنىش ئۇ مەڭگۈلۈك جەريان، ئۇ ئۆمۈر بويى داۋاملىشىدۇ، ئائىللار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئالجىرىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، ئىسلاھاتچى (1888~1940) ئىبنى بادىس مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئەرگە ئىلىم ئۆگىتىدىكەن، ئۇ پەقەت بىر ئادەمگە ئۆگەتكەن بولىدۇ. كىمكى بىر ئائىلىغا ئىلىم ئۆگىتىدىكەن، ئۇ بىر قەۋمگە ئۆگەتكەن بولىدۇ.»

تەننىڭ ئوزۇقى تائام بولسا، روھنىڭ ئوزۇقى ئىلىم ـ ھېكمەت. ئانىنىڭ قەلبى پەرزەنتنىڭ مەكتىۋىدۇر. كىتابقا ھېرىس ئانىنىڭ قەلبىدىن ئۈرغۈغان ئىلىم ـ مەرىپەت زىياسى پەرزەنتكە ئەڭ ياخشى تەربىيەنى بېرىپ، ئۇنىڭ ھايات يوللىرىنى يورۇتىدۇ. ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ قولىغا كىتاب ئالمايدىغان ئانىنىڭ قەلبى قۇپ ـ قۇرۇق بولۇپ، نە ئۆزىنى يورۇتۇشقا، نە پەرزەنتىنى توغرا يولغا سېلىشقا يارىمايدۇ.

ئۇيغۇر ئائىللىرىدا كىتاب ئوقۇماسلىق مەسىلىسى ھەقىقەتەن ئېغىر. ھەتتاكى كىتاب ئوقۇماسلىق ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. مەيلى ئاران ساۋاتى بارلار بولسۇن، ياكى ئالى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلەر بولسۇن، بىز ئائىللاردا كىتابقا بولغان ئىشتىياقنى كۆرەلمەيمىز. قاراپ باقساق خىزمەت تەلىپى ، ئۇنۋان ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن، ئىنسانىي كامالەت ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغان ئائىللار بەك ئاز. كۆڭلۈمىزنى بەكمۇ يېرىم قىلىدىغىنى ئائىللار سورۇنىدا ئىلىم بىلەن كىتابتىن بۆلەك جىمى گەپ ـ سۆزلەر بولىنىدۇ. بىزدەك جامائەتچىلىك ئېڭى كۈچلۈك مىللەتلەردە چاي ـ ئولتۇرۇشلار بەك كۆپ. نېمىشقا ھېچ بولمىسا

مۇشۇ يەپ ـ ئىچىش، بىھۇدە پاراڭدىن باشقا ئىش يوق سورونلىرىمىزنى ئىلىم سورۇنىغا، ياخشى كىتابلارنى ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىدىغان، مۇلاھىزە قىلىدىغان سورۇنغا، پەرزەنت تەربىيەلەش ھەققىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، بۇ ھەقتىكى ياخشى كىتاب، ياخشى چارە ـ ئۇسۇل، تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرمايمىز؟ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى؛ كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى، ئۇنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك. ئىككىچى؛ كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، تۈرتكە بولىدىغان، قوللايدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىت، شەرت ـ شارائىت ۋە رىغبەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ بولماسلىقى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىمدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارا كىتاب ئوقۇش، ماقالە يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرى دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بىز زور ئىشتىياق بىلەن ئۆزىمىز يازغان ماقالىلەرنى ئۆزىمىز جانلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچىلىكنى تالىشاتتۇق. ئويلىسام كىتابقا بولغان ئاشۇنداق رىغبەت باللارنى دەسلەپتىلا كىتابقا باغلايدىكەن.

رۇسىيەلىك لونا چارسكى مۇنداق دېگەن: «كىتاب ئوقۇمايدىغان ساۋاتلىق ئادەم نېمىگىمۇ ئەسقاتار؛ بۇنداق ئادەم يەنە تەكرار ساۋاتسىزلىققا مەھكۇمدۇر.» ھەقىقەتەن كىتاب ئوقۇماسلىقنى ساۋاتسىزلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئاياللار ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. ھەرۋاقىت ئەرنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدىغان پاراسەتلىك، مېھرلىك خوتۇن بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. يارامىلىق پەرزەنت تەربىيەلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. ئائىلىنى بەخت قورغانىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىرىك ھۆجەيرىسى بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. ئەگەر مۇشۇ تەرىزدە يازساق كىتاب ئوقۇشقا بولغان مىڭلاپ ئېھتىياجنى يېزىش مۇمكىن. ئائىلىنىڭ ۋاقتى چەكلىك ۋە تولىمۇ قىممەتلىك. شۇڭا خۇددى دوستىنى تاللاپ تۇتقاندەك، كىتابنى تاللاپ ئوقۇش، قايسى مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇشمۇ تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەسىلە. مەن بىر قىسىم ئائىللارنى تونۇيمەن. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇمايدۇ دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن. بىراق ئوقۇغاندىن ھېچبىر مەنپەئەت ـ ئۇنۇم ھاسىل قىلالماسلىقتا ئۇلار كىتاب ئوقۇمىغانغا باراۋەر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى پۈتۈنلەي سۈنئىي توقۇلما بىلەن يېزىلغان ئاددىي تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىدىكى ئىشقى مۇھەببەتتىن ئۆزگە پاراڭ يوق ھېكايە، رومانلار، كىتاب ئوقۇشتىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش، كىتابتىكى ئىلىم ـ ھېكمەت، ئىلغار ئىدىيە، ئاكتىپ تەپەككۇرنى ئۆگىنىش ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش. ئەمما ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش

ئۆچــۈنلا كــاللا كەتمەيــدىغان، بىزنــى ئويلاندۇرالمايــدىغان، تەپەككۇرغــا باشــلىيالمايدىغان كىتابلارنى ئوقۇش ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ھەزىم قىلىش ئاسان، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېردىكى كىتابلار ئاياللىرىمىزنىڭ تاللاش دائىرىسىــدىن نېرى تۇرۇشــى كېرەك. كىلاسســىك ئەســەرلەر، ئەدەپ ـ ئەخــلاق، پەرزەنــت تەربىيەســى، تــارىخ، پەلســەپە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان، شۇنداقلا مەشھۇر يازغۇچى ـ ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىــزگە ھەقىقىــي نەپ بېرىــپ، ئەقىــل قــۇۋۋىتىمىزنى ئاشــۇرىدۇ. بىــزدە ئەڭ گــۈزەل ئــارزۇ ـ تىلەكلەرنى ئويغىتىدۇ. بىزگە ئالىيجاناب مەسلىھەت بېرىدۇ. كىتاب بىزنىــڭ ئۆللەتلىرىمىزنــى خۇددى ئوت ماينى ئېرىتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ. چۈنكى كىتابنىڭ ئــادەم تەربىيەلەش كــۈچى ھەتتا مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئالغان بىلىمنىڭ قۇدرىتىدىن چوڭ. ئابدۇراھمان جامىنىڭ كىتاب ھەققىدىكى مۇنۇ مىسرالىرى ئاياللىرىمىزغا ئۆرنەك بولسىكەن دەيمەن:

كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغان ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا، ھېچ بەرمەس ئازار،
جېنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

## 4. ياخشى ئۆلگە تىكلەش تەربىيەسى

زېمىنىنــىڭ ئــاۋات بولۇشــى ئۈچــۈن ئادەمنىــڭ خۇرۇچىغــا ئەقلىــۇ، ھېسســىياتمۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپتىكەن. شۇڭا بىــز ئەتراپىتىكــى ئــادەم، ۋەقە، ھادىســىلەرنىڭ تەســىرىگە ئــۇچراپ تۇرىمىز، گاھىلىرىدىن سۆيۈنۈپ، زوقلانساق، گاھىلىرىغا ياقا تۇتىمىز. ئايــاللار ھېسســىياتچان بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىش ھادىسىلەردىن تېخىمۇ ئاســان تەســىرلىنىدۇ ۋە ناھــايىتى تېزلا مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ياخشى ئۆلگە مىڭ ئېغىز نەسىھەتتىن ئارتۇق دېگەن گەپ بار. دىيانەتلىك، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇغــان ۋە ئــادا قىلغــان پەزىلەتلىــك ئايــال مۇنــداق بولىــدۇ، دېيدىغان ياخشى ئــۆلگىنى تىكــلەش ئايــاللار تەربىيەســدە ناھــايىتى مــۇھىم ئورۇنــدا تۇرىــدۇ. بۈگــۈنكىدەك ئۈچقۇر دەۋرىدە كىشىلەر تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن تۇرۇۋاتقان تېلېۋىزور، كىنو، ئېلان ۋە گېزىــت ـ ژۇرنال، مەتبۇئات ۋاسىتىلىرى بۇنىڭدا خېلى چوڭ چوڭ رول ئوينايدۇ. ناۋادا بىرەر سەلبىي ھادىسە ئىجابىي ۋەقە سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنىپ، ھۆرمەت لىباســى كەيدۈرۈلســە، بــۇ كىشــىلەرنىڭ ئىدىيەســىدىكى تــوغرا ـ خاتــا قارىشــىنى ئاســتىن ـ ئۈســتۈن قىلىۋېتەلەيــدۇ.

گۆزەللىك ئەيىبلىنىپ، خۇنۇك كۆرستىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئادەملەرنىڭ ئەقلى ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس.

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا رادىيودا بىر قىتىملىق باللار پىروگراممىسىنى ئاڭلاپ قالدىم. رىياسەتچى پىروگراممىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن توققۇز ياشلىق بىر قىزنى ئانىسى بىلەن بىللە زىيارەت قىلدى. توققۇز ياشقا كىرگەن قىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكاقائىدىلىرىگە ئۇيغۇنمۇ سۆزلىيەلمەيتتى. ئانىسى قىزىنى تۆت ياشتىلا ناخشا ــ ئۇسۇلدا مەخسۇس تەربىيەلەش ئورنىغا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى، ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرىنى ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي قاتتىق پەخىرلىنىش بىلەن سۆزلەپ كەتتى. رىياسەتچى ئانا ــ بالا ئىككىسىنى راسا ماختىغاندىن كېيىن، رادىيو ئالدىدىكى باللارنى بۇ قىزدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىپ، پىروگراممىنى ئاخىرلاشتۇردى. بالىسى توققۇز ياشقا كىرگۈچە ئۆز ئانا تىلىدا راۋان سۆزلەشنى ئۆگىتەلمىگەن ئانا بالا تەربىيەسى ھەققىدە سۆزلەش سالاھىيىتىگە ئىگىمۇ؟ بۇ ئارقىلىق ئانىلارغا قىزىنى مۇشۇنداق تەربىيەلىگەن ئانا مۇنەۋۋەر ئانا بولىدۇ دېمەكچىمۇ؟ سەنئەتنىڭ رولى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈلۈپ، مۇبالىغە قىلىنىۋاتقان شارائىتىمىزدا، يەنە مۇشۇنداق كىچىك ئارتىسلارنى تەشۋىق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ بىز نېمىشقا ئاق ــ قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن باللىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئىلىم ــ پەنگە، كىتابقا مۇھەببەت ئويغۇتۇشنىڭ ئورنىغا: «ھەئە، ناخشا ــ ئۇسۇل دېگەن ئادەمنى ئاشۇنداق مۇنبەرگە ئېلىپ چىقىپ مەشھۇر قىلىدىغان، جىمى ئادەمنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر قىلىدىغان بۈيۈك ئىشكەن» دېگەننى سىڭدۈرۈمىز؟ بۇنداق ئۆلگە بىلەن بىز ئارزۇ قىلغان ئۈلۈغ ئانا، دىيانەتلىك ئايالنى تەربىيەلىگىلى بولمايدۇ.

بىزدىكى ئاياللار تەربىيەسى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە، شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىپ، ماھىيەتكە كۆچەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇمۇ ياخشى ئۆلگە تىكلەشتىكى بىر توسالغۇ . قارىسىڭىز بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىدە چاچنى قانداق ياساش كېرەك؟ لەۋ سۇرۇخنى قانداق سۈرۈش كېرەك؟ قانداق رەڭلىك كوپتىغا قايسى رەڭلىك يوپكىنى كەيسە يارىشىدۇ؟ دېگەندەك سىياھ، قەغەزنى ئىسراپ قىلىدىغان مەزمۇنلار خېلى ئورۇن ئىگىلەيدۇ . قاراپ بېقىڭ، چاچ ياساش سالۇنلىرى، پەردازخانىلار قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئۈزۈلمەيدۇ، سودىسى ئاۋات. كوچىلار گىرىمنى بولۇشىغا قىلىپ، ئاچقىلى بولىدىغانلىكى يەرلىرىنى ئېچىپ، كۆز-كۆز قىلغۇچى قىز ــ ئاياللار بىلەن لىق تولغان. ئاياللارغا نىسبەتەن ياسىنىش ــ تارىنىش تىلغا ئالسا بولىدىغان نۇقتا. ئەمما بۇگۈنكىدەك ياسىنىش ــ تارىنىشتىن باشقا ئالى غايىسى ۋە قىزىقىشى بولمىغان ئاياللار كۆپىيىۋاتقان، تاشقى كۆرۈنۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋىيىتىمىز قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقان شارائىتتا، سىز يېزىپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بۇنى

ئايالىرىمىز ھەقىقەتەن يەتكۈزۈۋېتىشكىلىك. بىزگە ئايالالرنىڭ روھىغا تەسىر قىلىدىغان، روھىنى يېڭىلاشقا تۈرتكە بولالايدىغان ئەسەرلەر كېرەك. ئۇلۇغ ئانا، مەسئۇلىيەتچان ئايالنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، رادىيو ، تېلېۋىزور ۋە مەتبۇئات ۋاسىتىلىرىمىزدە قېيىپ كەتكەن، ئېزىپ كەتكەن ئەمەس، دەل جايىغا چۈشكەن، ياخشى ئۈلگىنى توغرا بايقاپ، شۇنى كۆرسىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەك. گاھىدا ۋەز ــ تەبلىغدىن، مۇشۇنداق ماقالىدىن نەچچىنى يازغاندىن بىر ياخشى ئۈلگىنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ.

## 5. ئايالالر يىغلىمىسۇن

يەر يۈزىدە ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئالى ئۆرنىكىنى كۆرسەتكۈچى، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، خالىس، بېغىشلاش روھى بىلەن ئائىلە ۋە پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ كۆپ قۇربانلىق بەرگۈچى پىداكار ئىنسان پەقەت ئايالدۇر. قايسىبىر كىتابتا: ئوغۇل بالىنىڭ ھاياتى تۇغۇلغان كۈندىن باشلىنىدۇ، قىز بالىنىڭ ھاياتى توي قىلغان كۈندىن باشلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئائىلە بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان كۈندىن باشلاپ، ئايالنىڭ ھېچ تاماسىز، مېھنەتلىك ئەمگىكى باشلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئەمگەك بىر ــ ئىككى يىللىق مۇددەتتە ئاياغلىشىدىغان بولماستىن، ئايالنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر مىنۇت، ھەر نەپەستە ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. ئائىلىسىنىڭ بەختى، پەرزەنتىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياشلىقىنى، ئەقىل ــ پاراسىتىنى، ھاياتىنى پىدا قىلىپ، شامدەك ئېرىپ تۈگەيدىغان بۇ قەدەر ھېچ غەرەزسىز پىداكارلىقنى پەقەت ئايالالرلا قىلالايدۇ. ئەجەبا مۇشۇ پىداكارلىقى بىلەن، ئايال ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە، قەدىرلىشىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىششكە لايىق ئەمەسمۇ؟ بۇ قەدەر خالىس مۇھەببەت ۋە مېھنەت ئۈچۈن ئەرنىڭ ئاسرىشىغا ۋە كۆيۈنۈشىگە ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

ئايالالرنىڭ ئۇنىۋېرسال سىلىشتۇرمىدا ئەرلەردىن ئاجىزلىقى بىر رېئاللىق. ئەر مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە قارار بېرىشتە ئەقىلگە مايىللىقى، يىراقنى كۆرەرلىكى، كۆڭلى ــ كۆكسىنىڭ كەڭ، ئەيۇپچانلىقى، جىسمانىي قۇۋۋەتتە كۈچلۈك، روھىيەتتە ھەم ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا لايىق يارىتىلغانلىقى بىلەن ئايالالرنىڭ ھامىلىرى ھېسابلىنىدۇ. رېئاللىقىمىزدا ئەرلەر ئۆزلىرىگە يەرز قىلىنغان بۇ ھامىيلىقنى قانچىلىك ئادا قىلىۋاتىدۇ؟

بىر ئۇيغۇر بىلەن توي قىلغان ئەنگلىيەلىك ئايال ئۆتكەن يىلى ئېرىنىڭ جەنۇبتىكى يۇرتىغا توغقان يوقلاشقا كېلىپ، قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىگەن. ئۆزىگە يېقىنلىق تويۇلغان بەزى ئىشلارنى دەپ كېلىپ: مەن ئۇ يەردە خېلى كۆپ ئۇيغۇر ئايالىرى

www.kitaphumar.net

بىلەن ئۇچراشتىم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇ ئايـالالر تـولا يىغلايـدىكەن. ئۇيغـۇر ئايـاللىرى نېمىشقا يىغلايدۇ؟ دېگەن.

«ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمىشقا يىغلايدۇ؟» دېگەن بۇ سوئال نەچچە كۈنگىچە كالالمدا ئەكس ئېتىپ تۇردى. زېمىنىسگە يۆكلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان، زامان كۆلپەتلىرىدىن قىز ئاياللىرىنى قوغداشنىڭ ئورنىغا قوشلاپ تۇرمۇش كۆلپىتى بىـلەن ئايـالنى قەدىرسىـز قىلغـان ئەرلەر كۆپ يەردە ئايالالرنىڭ كۆزى ياشلىق، دىلى غەملىك، بالىالرنىڭ روھى سۇنغان، بەختى كەمتۈك بولىدۇ. «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭالر ئۆز ئەھلى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىنىڭدۇر» دېگەن تەلىماتنى ئۇنتۇپ كەتكەن، كۆزى دۇنيادىن باشقىنى كۆرمەيدىغان ئەرلەر كۆپ يەردە ئايالنىڭ يىغىسى كۆپ بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇچراتقان، سۆھبەتلەشكەن ئايـالالر ئارىسـىدا ئېـرى ھـاۋايى ــ ھەۋەسـىنىڭ كەيـنىگە كىرىــپ، ئـۆيىنى بۇزغـان، بالىلىرىغـا ئـاتىلىق مېھـرى ۋە تەربىيەنى ئەمەس، بىر تىيىن بەرمەي 4~5 بالىنى بېقىشنى خوتۇنىغا ئارتىـپ قويـۇپال، يېڭـى خوتۇن بىلەن شېرىنتۇرمۇشنى باشلىۋالغان، ئانا قۇشتەك بالىلىرىنى پاناھىغا ئېلىپ، ھەم ئانا، ھەم يوقنى بار قىلىدىغان دادا بولۇپ ياشاۋاتقان ئايالالر خېلى كۆپ. ئۆزىنىڭ «كۆڭلى» ئۈچۈن ئايالى ۋە بالىلىرىنى ھاياتنىڭ گۈزەل نىسىۋىلىرىدىن مەھـرۇم قىلىــپ، موھتـاجلىق كوچىسـىغا سالغان ئەر لەنەت ئوقلىرىغا كۆمۈلۈشكە اليىـق. ئايـالى ئۈچـۈن تەربىيەسـىز قالغـان بـالىلىرى ئۈچۈن ياراتقۇچى ئالدىدا، ۋەتەن ئالدىدا جاۋابكاردۇر. بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەلالھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تاالق قىلىمەن»، دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەلالھۇ ئەنھۇ:«ئايالىڭنى ياخشى كۆرمىسەڭمۇ نىكاھقا ۋاپا، ئائىلىگە رىئايە قىلىش، مەسئۇل بولـۇش دېگەنـلەر يوقمـۇ؟ يـوق بولسا، دۇنيـادىكى ئۆيلەرنـىڭ ھەممىسـىنىڭ ئىچـى مۇھەببەت بىلەن تولغانمۇ؟» دېگەن. «ھەقىقەتەن ئايالالر ئەرلەرنىڭ ھەمشىرىلىرىدۇر، ئايالنى ھۆرمەتلىگەن ئەر ئەسلى ئۆزى ھۆرمەتلىك ئەردۇر. ئايالنى خارلىغان ئەر ئەسلى تېگى پەس ئەردۇر.»

يامانلىق توسمىلىرى ئېچىۋېتىلگەن، پىتنە ــ پاسات كۆپەيگەن زاماندا ئايال خاتالاشسا، ئېزىپ كەتسە، ئۇنى مېھر ــ مۇھەببەت ۋە توغرا تەربىيە بىلەن ئائىلىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىدىغىنى ئەر بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەر ـــ ئۇ شەپقەتلىك دادا. چۈنكى ئەر ـــ ئۇ كۆيۈمچان ئاكـا ۋە ئۇكا. چۈنكى ئەر ـــ ئۇ مەرھەمەتلىك تاغا. چۈنكى ئەر ـــ ئۇ ئۆلۈغ نىكاھ بىلەن بۇ ئامانەتنى ھاالالپ ئالغۇچى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ.

ئەرەپلەردە مۇنداق بىر ھېكمەت بار. ئايال ئەرگە يوغانچىلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بـاش سـۆڭىكىدىن يارىتىلمىغـان، شـۇنداقال خـار بولـۇپ قالماسـلىقى ئۈچـۈن ئەرنـىڭ پـۇت سۆڭىكىدىنمۇ يارىتىلمىغان. بەلكى ئەرنىڭ قانتى ئاستىدا تۇرۇشى، قەلبىگە يېقىن تۇرۇشـى

ئۆچۈن قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان. ئەرنىڭ مۇھەببىتى ئۇ يالغۇز ئايالغىلا بىرىلگەن مۇھەببەت ئەمەس. ئايالنى ھىمايىسىگە ئالغان، تەربىيەلىگەن، ھۆرمەتلىگەن ئەر ئۇممەت سائادىتى بىلەن باغلانغان دىيانەتلىك ئايالنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بابىدا ۋەتەننى سۆيگەن بولىدۇ. كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى بولغان قىز پەرزەنتلىرىنى ئاتىلىق مۇھەببەت ھەم مەسئۇلىيەت بىلەن ياخشى تەربىيەلىگەن ئەر ۋەتەننى ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر خىزمەت تەقدىم ئەتكەن بولىدۇ. ئۆز ئەھلى ئايالنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولدىن بەرمىگەن ئائىلىنى بەرپا قىلغان ئەر ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بەختى ئېچىلىدىغان ۋەتەننىڭ بەختىگە ھەسسە قوشقان بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى ئارىسىدا ئايالغا بولغان مۇھەببەتنى، پەرزەنت ۋە ئائىلىگە بولغان بۇرچىنى ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ ۋە مەسئۇلىيەتكە باغلاپ چۈشىنىدىغان ئەرلەر قانچىلىك چىقار؟

تەلەپنى، ئۆلچەمنى ئاياللارغا قويدۇق. ئەمما شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ئاتىلىق مەجبۇرىيەتنى تونۇغان ۋە ئەڭ ياخشى ئادا قىلغان ئەرلەر بولمىسا، بىز روھى توق، ئانا بولۇش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان ساپالىق قىز بولالمايمىز. ئەرلىك مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئايالنى سۆيگەن، قەدىرلىگەن، ئاسرىغان ۋە قوغدىغان ئەرلەر بولمىسا، بىز ئۇلۇغ ئانا ۋە يارامىلىق ئايال بولالمايمىز.

ھەق ئاتا قىلغان زامان، ماكان نېسىۋىمىز بىلەن شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. رىقابەت ۋە خىرىس ھەممىنى ۋەھىمىگە سالغان، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالىشىۋاتقان، ئەخلاق ۋە ئەنئەنە قورغانلىرى يىمىرىلىۋاتقان، ماددىي راھەت ـ پاراغەت ھاياتنىڭ غايىسى قىلىنغان. بۇلار بىزگە تەسىر كۆرسەتمەكتە، بىزنى غىدىقلىماقتا. ئاياللار بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرماقتا. قىز ـ ئاياللار تەربىيەسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر شەخس، ھەر بىر ئائىلە، پۈتكۈل جەمئىيەت جىددىي ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. چۈنكى ئىزىمىزنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلىيالايدىغان، ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولدىن بەرمەيدىغان ئەۋلاد ئانىلىق شەرىپىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانغان، دىيانەتلىك ئايالسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بىز موھتاج بولۇۋاتقان مۇكەممەل ئائىلە ئاياللىق ۋە ئانىلىق ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلغان تەربىيەلىك ئايالسىز بەرپا بولمايدۇ. يۈكسەلگەن دۆلەت، پەزىلەتلىك جەمئىيەت شەخسى غەم ـ قايغۇ ۋە ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ۋەتەن غېمى ۋە ئىستىقبالىغا باغلىيالىغان ئاقىل ئايالسىز بارلىققا كەلمەيدۇ.

قىسمەتلىرىمىز ئايالسىز يېزىلماس، يوللىرىمىز ئايالسىز تۈزەلمەس، ئىستەكلىرىمىز ئايالسىز چېچەكلىمەس.

تىرىشقانلارغا يەنىلا پۇرسەت ۋە ئۈمىد بار. تارىختىن قالغان ئاچچىق ساۋاق شۇكى،

www.kitaphumar.net

پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مىدىرلىمىغانلارنىڭ بېشىدا پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلىگىنى چۆگىلىگەن.

مەنبە: ئىزدىنىش مۇنبىرى

www.kitaphumar.net

# «ئوغۇزنامە»نىڭ مۇتىن قۇرۇلمىسى ھەققىدە

**ئابدۇسالام شۈكۈر نۇھ**

« ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، نەسرىي ئۇسۇلدا قەدىمقى زامان قەھرىمانى ئوغۇزخاننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىش، تۆھپە يارىتىش جەريانلىرى ئاساسى ھېكايە ۋەقەلىكى قىلىنغان. ئايرىم جايلىرىدا نەزمىي باياننۇ ئۇچرايدۇ. داستان دەسلەپتە رىۋايەت شەكلىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىش جەريانىدا ئۆزگە ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سىڭدۈرۈپ، مەزمۇن جەھەتتە تولۇقلىنىپ، بەدىئىلىكى مۇكەممەللىشىپ بارغان. داستان كېيىنكى مەزگىللەردە قادىمقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا قەلەمگە ئېلىنىپ، ئۇيغۇر قەدىمقى زامان يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەمۇنىسىگە ئايلانغان.

《ئوغۇزنامە》داستانىنىڭ ئا نۇسخا دەپ قارىلىۋاتقان قەدىمقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھازىر فرانسىيىنىڭ پۇقرالار كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. نومۇرى ساپۇل تۇس ,1001 . جەمىي 21 بەت (42 ياپراق) ھەر بىر ياپراقتا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يازما شەكلىدە يېزىلغان 9 قۇردىن خەت بار. ئەسەرنىڭ 1 ـ 3 ـ قۇرلار ئارىلىقىدا بۇقا رەسمى، 6 ـ بېتىدە قاتىنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ بەزى بەتلىرى نەملىك تەسىرىدىن بۇزۇلغان، 17 ـ ۋارىقى يىرتىلغان، 36 ـ بەتتىكى بەزى ئۆچۈپ كەتكەن خەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 40 ـ بەتتىن بىر يېرىم قۇر، 42 ـ بەتتىن ئاخىرقى ئىككى قۇر ئوقۇشقا بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان. لېكىن بۇ داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

داستاننىڭ يۇقىرىقى نۇسخىسىدىن باشقا يەنە تۈركىيىدىن بايقالغان نەزمىي نۇسخىسى، ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ خەلق داستانى «دەدە قورقۇت» چۆچىكىدە ساقلانغان نۇسخىسى، 14 ـ ئەسىردىكى فارس تارىخچىسى راشىدىنىڭ « تارىخنامە »، 15 ـ ئەسىردە ياشىغان شەرەپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ «تارىخى ئەربەى ئۇلۇس» («تۆت ئۇلۇس تارىخى ») ، 15 ـ ئەسىردىكى بەلىخلىق تارىخچى خاۋەند شاھ مىرخۇاندنىڭ « رەۋزە تۇسساپا»، 16 ـ ئەسىردىكى تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ« تارىخى رەشىدى »، 17 ـ ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى ئوبۇلغازىنىڭ «تۈركلەر

شەجەرىسى » قاتارلىق تارىخى ئەسەرلىرىدە بۇ داستاننىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ساقلانغان. يەنە 19 ـ ئەسىردە ياشىغان يەركەنلىك ئەدىپ موللا مۇھەممەت نىيازنىڭ «قىسسەسۇل غارايىپ» ناملىق ئەسىرىدە، موللا مىر سالىھ قەشقەرىنىڭ « تارىخى قەشقەر» ناملىق ئەسىرىدە ۋە 20 ـ ئەسىردە موللا موسا سايرامىنىڭ « تارىخى رەشىدى » قاتارلىق كىتابلىرىدا ئوغۇزخان ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرىمىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا « ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ ھازىر ئېنىقلانغان ھەر خىل ۋارىيانتلىرى 30 نەچچە خىل بولۇپ، بۇ ۋارىيانتلارنى يىغىش، رەتلەش ۋە ئىلمىي ھالدا خۇلاسە چىقىرىش بىزنىڭ « ئوغۇزنامە » تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ قارايمىز.

چەتەللەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا « ئوغۇزنامە » ھەققىدىكى تەتقىقاتلار باشلىنىپ كەتكەن. ئەڭ بۇرۇن گوللاندىيىلىك دىتىز (دەتز) داستاننىڭ بىر قىسمىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ئۇنىڭدىن كېيىن رادلوف radloff، رىزا نۇر (riza.nur) ، پېللىئوت (p.pelliot) باڭ (w.bang) ، رەشىد رەخمەتى ئارات ( g.r.r.arati) شېرباك (a.m.sherbak) ، زەكى ۋەلىدى توغان ((ئا.زەكى ۋەلىدى توغان زۇھەل ئۆلمەز ((زۇھال ئولمەز قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ ئەسەرنىڭ فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ۋە باشقا ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

مەملىكىتىمىزدە ئەڭ دەسلەپ بۇ ئەسەر ئۈستىدە رەتلەش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى گېڭ شىمىن ئەپەندى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ 1976 ـ يىلى تۈزگەن « قەدىمقى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇقى » (دەرسلىك) تە بۇ ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش ۋە ترانسكرىپسىيە بېرىلگەن. 1979 ـ يىلى ئابدۇشۈكۈر تۇردى ۋە خاۋ گۇەنجوڭ بىرلىكتە داستاننىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ترانسكرىپسىيەسىنى ئېلان قىلدى. 1980 ـ يىلى تۇرغۇن ئالماس « بۇلاق » مەجمۇەسىدە داستاننىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ، يەنە شۇ يىلى گېڭ شىمىن تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىشىپ بۇ داستاننىڭ ئۇيغۇرچە يەككە نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى. 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە گېڭ شىمىن ئەپەندى يەنە داستاننىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى 1986 ـ يىلى ماكەن بىلەن بىرلىشىپ قازاقچە نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. 2006 ـ يىلى گېڭشىمىن ئەپەندى ئەسلىدىكى « قەدىمقى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇقى» ( ماي باسما) ئاساسىدا «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇقى» نى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاپتا 《ئوغۇزنامە》ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش،قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان فاكسىمىلى، ترانسكرىپسىيىسى، سۆزلۈك، گراماتىكىلىق ئىزاھات قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

« ئوغۇزنامە » تەتقىقاتى دېتىسىنىڭ 1815 ـ يىلى داستاننىڭ بىر قىسىم نېمىسچە

تەرجىمە نۇسخىسىنى ئېلان قىلدۇرغىنىدىن باشلىغىنىمىزدا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. گەرچە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە، ترانسكرىپسىيە، تونۇشتۇرۇشتىن باشلانغان بولسىمۇ، بارا ــ بارا لېكسىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى ئېنىقلاشقىچە، داستاندا ئىپادىلەنگەن تارىخ، مەدەنىيەت، جەمىيەتشۇناسلىق، دىن، ئەدەبىيات مەزمۇنلىرىنى سېلىشتۇرما تەتقىقات نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىشكە چوڭقۇرلىدى. بۈگۈنكى كۈندە چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىزنىڭ مەزكۇر تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. مەملىكىتىمىزدە بولسا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن كېيىن باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ماقالىمىزدا سەھىپە ئېتىۋارى بىلەن دۆلىتىمىزدە مەزكۇر داستاننىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بىرقانچە نەشر نۇسخىسىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلەندۇق. دۆلىتىمىزدە 《ئوغۇزنامە》داستانى ھەققىدىكى باشقا تەتقىقاتلار ئاساسەن ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى، تىلى، ھەر خىل ۋارىيانتلىرى، ئەسەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئىشىنىمىزكى، قەدىمقى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنىڭ جۇملىدىن تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ « ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ تېخىمۇ كۆپ سىرلىرى نامايەن بولىدۇ. يۇقىرىدا مەزكۇر تەتقىقات ھەققىدىكى ھەر خىل ئۇچۇرلار كۆرسىتىلدى. بۇ تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى خاراكتېرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىن رەتلەش ۋە خۇلاسە چىقىرىش كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىزدا داۋاملىق قولغا ئېلىنغۇسى. تۆۋەندە داستان ھەققىدىكى باشقا مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا پەقەت داستاننىڭ موتىف قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇمىز.(تۆۋەندىكى بايانلار داستاننىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلىدۇ.)

موتىف سۆزى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھاسىدە ئىشلىتىلگەندىن بېرى، ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ھەر بىر بايانى بۆلەكنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان گېرمانىيىلىك داڭلىق ئەدەبىيات تارىخشۇناسى ۋېلھېلىم شېرېر موتىفنى تۈرلەرگە بۆلۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «موتىف بولسا ئەدەبىياتتىكى قېلىپلاشقان بايانى بۆلەكلەردىن ئىبارەت، ھەر بىر موتىف بىر يەككە ئىدىيەنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر موتىف ئۆزى ياراتقان مىللەتنىڭ ئەنەنىۋي مەدەنىيەت تارىخى، تەجرىبىلىرى، بىلىشى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ .» دەپ قارايدۇ .

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزىرىيىسىدە، موتىف تەتقىقاتى بولسا تېماشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپ بولۇپ تېماشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن

بولـۇپ ھىسـاپلىنىدۇ. " تېماشۇناسـلىقتىكى موتىـف ئادەمنىـڭ ئەدەبىـي ئەسـەرلەردا تەكـرار ئۇچرايدىغان ھەركىتى، پىسخىك ھادىسىلىرى شۇنداقلا ئۇنىـڭ ئەتراپىـدىكى دۇنياغا بولغـان چۈشىنىشى، يەنى تۇغۇم، ئۆلۈم، ھىجران، خوشاللىق، غەزەپ، قايغۇ، شاتلىق، ۋاقىت بوشـلۇق، پەسىل، دېڭىز، تاغ ـ ئېدىر، كېچە قاتارلىقلار" بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى موتىف تەتقىقاتىدىكى ئەسلى تىـپ تەتقىقاتىغا كىرىـدۇ. موتىـف تەتقىقـاتى دەل ئـۇزاق ئۆتمۈشـتىن تارتىـپ بىزنىـڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە ھېچقانچە ئۆزگىرىشتە بولماي ساقلىنىپ كەلگەن، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەزى تېما، ۋەقە ۋە پېرسوناژلار تىپى تەتقىقاتىنى كۆرسىتىدۇ.

"مەلۇم بىر ئەدەبىـي ئەسـەرگە نىسبەتەن ئېيتقانـدا، موتىـف بولسا كىچىكـرەك مەزمـۇن بۆلىكى، تېما بولسا چوڭراق مەزمۇن بۆلىكىدىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەرلەردە كىچىكلىكىدىن يەنە بۆلۈشكە بولمايدىغان تەركىپلەر بولسا موتىـف، ئەممـا تېمـا بولسـا بىرقـانچە موتىفنىـڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. موتىف بايانىي جۈملىدىكى ـــ«ئەڭ كىچىـك ئاساسـى بىرلىـك»، تېمـا بولسـا ئۆزىــدە مەلـۇم قىمـمەت قارىشى شـەكىللەندۈرگەن بايـانىي جـۈملە يـاكى قوشـما جۈملىدىن ئىبارەت." شۇڭا 《ئوغۇزنامە》داستانىنىڭ موتىف قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئىزدىنىشتىمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئىچىدىن «ئەڭ كىچىك ئاساسىي بىرلىك» لەرنى ئايرىپ ئېلىپ ئۇنىڭ بايان ئالاھىدىلىكىنى تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۇچرايدىغان بىر قىيىنچىلىق شۇكى، داستاندا بۇ خىل "ئەڭ كىچىـك ئاساسى بىرلىك" لەر توغرىدىن ـ توغرىغا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولۇپ، داستاندا ئـۆز زامـانى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھـايىتى مۇكەممەل بولغـان بىـر خىـل بايـانى شـەكىل ئەندىزىسـى ئەسـەر ئىستىلىنى زىچلىققا ئىـگە قىلالىغـان. يەنـى ئەسـەردە بايـان نۇقتىسـى ئـۈچىنچى شەخسـكە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بەزى بۆلەكلەردە ئوغۇزنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن چاقىرىقلارنى ھىساپقا ئالمىغانـدا بـۇ خىـل بايـانى نۇقتىنىـڭ مەركەزلىشىشـى« ئۇرخـۇن ئابىـدىلىرى» نىـڭ بايـانى نۇقتىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ داستانىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش ۋە خەلق ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ئىش قوشۇشى نەتىجىسىدە مۇبىيەن بەدىي شەكىلگە كىرگەنلىكىنـى كۆرسـىتىپ بېرىـدۇ. داسـتان ئاساسـەن نەسرىي ئۇسۇلدا يېزىلغان بولۇپ، بەزى بۆلەكلەرگە نەزىم ئارىلاشتۇرۇلغان. پۈتۈن ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبى راۋان، ئوچۇق، يەڭگىل، پېرسوناژلار ئوبرازى جانلىق، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەر خىل، رىۋالىنى بايان بىلەن قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولغان ئەپسانە، رىۋايەت ئۇسلۇبى ئۆزارا گىرەلىشىپ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر بايانىي ئەدەبىياتىنىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلغان.

داستاندا"ھەممىنى بىلگۈچى" دىن ئىبارەت بايانىي نۇقتا قوللىنىلغـان. بـۇ خىـل بايـان نۇقتىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ۋەقەلەرگە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل

www.kitaphumar.net

بايان نۇقتىسى داستان، ئېپوسلاردا بىرقەدەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن،« ئالپامىش »،« گۆر ئوغلى»قاتارلىق داستانلاردىمۇ قوللىنىلغىنى مۇشۇنداق بايان نۇقتىسىدىن ئىبارەت. بۇخىل ئۇسۇلدا ئادەتتە بايانچى كۆپ يۈزلىنىشلىك بايان بوشلۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

«ئوغۇزنامە »داستانى ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇش ۋەقەلىكى بىلەن باشلانغان. كېيىنكى بۆلەكلەر قەھرىمانىنىڭ ئۆسمۈرلىك ـ ياشلىق دەۋرى، ھەربىي يۈرۈش، تۆھپە، خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار. ئەڭ ئاخىردا داستان ئوغۇزنىڭ زېمىننى ئالتە ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. داستاننى بايان قىلغۇچى ئوغۇزنىڭ ھاياتى ۋە ئۇتۇقلىرىنى بىر پۈتۈنلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان سيۇژېت بۆلەكلىرىنى قەھرىمانىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خاراكتىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. مانا بۇ ھەر بىر سيۇژېت بۆلەكلىرىنى « ئەڭ كىچىك ئاساسىي بىرلىك »قىلىپ ئايرىپ ئېلىپ، موتىف قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش مۇمكىن. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «موتىف تەتقىقاتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىكى موتىفنىڭ بايان قۇرۇلمىسى، موتىفنىڭ تۈرى ۋە موتىفنىڭ تىپ تەتقىقاتى. بىراق ئېپوس موتىف تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەتمەكچى بولغان نىشانى  موتىفنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەتتىن ئىبارەت.» دېمەك، بىزنىڭ داستاننىڭ موتىف بۆلەكلىرىنى ئېنىقلىشىمىز مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ.

داستاننى ئاساسىي مەزمۇن ۋە غول سيۇژېت بويىچە ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ. گەرچە بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا داستان چوڭ ئىككى مەزمۇن بۆلىكى ياكى سيۇژېتقا ئايرىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىز داستاندىكى « ئەڭ كىچىك ئاساسىي بىرلىك »لەرنى تېخىمۇ ئاسان ئايرىش ئۈچۈن داستاننى ئۈچ بۆلەككە ئايرىدۇق. داستاننىڭ دەسلەپكى سيۇژېت بۆلىكىنى ئۈچىنچى قۇردىن 18 ـقۇرغىچە دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى ئاساسىي ۋەقەلىك ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈش ھالىتىدىن ئىبارەت. ئوغۇز تۇغۇلغاندا چىرايى كۆك، ئاغزى ئاتەشتەك قىزىل، چاچ ۋە قاشلىرى قارا، پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى ئېچىپلا بولدى قىلىدۇ. قىمىز، گۆش تەلەپ قىلىدۇ ۋە تىلى چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرى بۇقىنىڭ پۇتىدەك، بەللىرى بۆرىنىڭ بېلىدەك.... داستاننىڭ يىراق قەدىمقى زامانلاردىن قالغان ئەپسانە ـ رىۋايەت ئۇسلۇبى بىلەن بايان قىلىنغان بۇ قىسمى بىزنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سىرلىق قەسرىگە باشلايدۇ.

قەھرىمانىنىڭ غەيرى ھالەتتە تۇغۇلۇش موتىفى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوس ـ داستانلىرىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان موتىف قۇرۇلمىسى. بىز بۇ خىل قۇرۇلمىنى« قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش موتىفى» دەپ قارىساق بولىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەر داستانلىرىدىكى قەھرىمانلار تۇغۇلىشىدىنلا ئۆزىدە ئالاھىدە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ خۇددى تەڭرىنىڭ

يەر يۈزىدىكى ئىرادىسىگە تەققاسلانغان دىيىش مۇمكىن. قەھرىمانىنىڭ جاسارىتى ۋە تۆھپىلىرى ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىكى يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلەش بىلەن بىللە ئۆزلىرىگە زور شۆھرەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قەھرىمانلارنىڭ خەلق قەلبىدىكى تۇغۇلۇش ھالىتى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن باشقىچە بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ خىل قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلىشى ئادەتتىكىدەك تەسۋىرگە ئىگە بولسا، قەھرىمانىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ئىشىنەرلىك بولمايدۇ. مانا بۇ خىل بايان پىسخىيىسى « ئوغۇزنامە »داستانىدىلا ئەمەس بەلكى تۈركىي تىللىق باشقا خەلقلەر ئېپوس- داستانلىرىدىمۇ ئۇچرىشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. قىرغىز خەلق داستانى« ماناس »تىمۇ ماناس تۇغۇلغاندا چېدىرنىڭ تۆت تەرەپىگە يورۇق نۇرلار تارىلىدۇ، قىرغىز خەلقىنىڭ دۈشمىنى قالماق خانىنىڭ ئوردىسىدا قاتتىق تەۋرىنىش يۈز بېرىپ، قىرغىزلارنىڭ كەلگۈسىدىكى باش كۆتىرىشى ۋە قالماقلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بىشارەتلىنىدۇ. ..

«قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش موتىفى» تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوس ـ داستانلىرىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان موتىف بولۇپ، ئۇنى چوڭ بىر موتىف سېستىمىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل موتىف تەبىي ھالدا بايانچىدىن ئالاھىدە تۇغۇلۇش ئېپىزوتى شەكىللىنىشكە ئاساس بولالايدىغان «غايىپتىن پەرزەنت تىلەش موتىفى»، «ئالدىن (چۈشىدە)بىشارەت بېرىش موتىفى»، «ئانىنىڭ غايىپتىن ھامىلدار بولۇش موتىفى»، «قىيىن تۇغۇت موتىفى» قاتارلىق بىرقاتار موتىفلارنى ھەم شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگەن « قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش موتىفى» دىن كېيىنكى « قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ ئۆسمۈرلىك دەۋرى موتىفى» قاتارلىق موتىفلارنىڭ بولىشىنى تەقاززا قىلىدۇ.

«ئوغۇزنامە » داستانىدا سيۇژېتنىڭ پەقەت « قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش موتىفى» دىن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. داستاندا بۇ موتىفقا ئۇلىشىپ كەلگىنى « قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ ئۆسمۈرلىك دەۋرى موتىفى». قىرغىزلارنىڭ « ماناس »داستانىدىمۇ مانا مۇشۇنداق قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ بالىلىق دەۋرى موتىفى ئۇچرايدۇ. ماناسنىڭ ئانىسى سىرلىق ھامىلدار بولىدۇ ۋە تۇغۇت ۋاقتىدا تۇغۇتى بەكمۇ قىيىن توختايدۇ. ماناس بولسا تال شېخىغا ئېسىلىپ بۇ دۇنياغا كېلىدۇ. بەش ئايلىق بولغاندا يۈگۈرىيدىغان بولىدۇ. شىغايخانىنىڭ قەلئەسىنى قالماقلار ئىگەللىۋالغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بېرىپ قالماقلار بىلەن ئېلىشىدۇ. يەنە بىر ئېپوس « ئېرتۆشتۈك »دە قەھرىمان كۆندە يىللاپ چوڭ بولىدۇ. بىر ئايلىق بولغاندا بىر ياشقا كىرگەندەك چوڭىيىدۇ. ئۈچ ـ تۆت ياشقا كىرگەندە ماڭالايدىغان، سۆزلەيدىغان بولىدۇ. يەنە بىر داستان« شىرزات » تا شىرزات تۇغۇلۇپ بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا شىر بىلەن ئېلىشىپ بىر قولى بىلەنلا شىرنى يىقىتىدۇ. مانا بۇلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «قەھرىمانىنىڭ

ئاجايىپ ـ غارايىپ باللىق دەۋرى موتىفى».

« ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ ئىككىنچى سيۇژېت بۆلىكى 19 ـ قۇردىن باشلىنىپ 88 ـ قۇردا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ بۆلەكتە بايان قىلىنغىنى قەھرىمانىنىڭ يىگىتلىككە يېتىش موتىفى. ئوغۇزخان ئورمانلىقتىكى ياۋۇز يىرتقۇچ قاتىنى ئۆلتۈرىدۇ...بىر كۈنى ئوغۇز ئىبتىكاپتا ئولتۇرغاندا كۆكتىن بىر يورۇقلۇق بىلەن بىللە بىر گۈزەل قىز پەيدا بولىدۇ. ئوغۇز بۇ قىزغا ئۆيلىنىپ ئۈچ پەرزەنتلىك بولىدۇ. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئىسملىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز دەپ ئاتىلىدۇ . ئوغۇز كېيىن يەنە شۇنداق تىلسىملىق مۆجىزىلىك ھادىسە ئارقىلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىدۇ. ئۈچ پەرزەنتلىك بولىدۇ ۋە پەرزەنتلىرىگە كۆك، تاغ ۋە دېڭىز دەپ ئىسىم قويىدۇ...

قەھرىمانىنىڭ «يىگىتلىككە يېتىش موتىفى»مۇ چوڭ بىر موتىف سىستېمىسى بولۇپ ئۇ يەنە بىرقانچە «ئەڭ كىچىك ئاساسىي بىرلىك»بولغان كىچىك موتىفلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىيىش مۇمكىن. « ئوغۇزنامە » داستانىدا بۇ خىل موتىف شەكىللىرىدىن «سىناق موتىفى» ۋە «ئۆيلىنىش موتىفى» نى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. داستاندا ئوغۇزنىڭ چوڭ بىر ئورمانلىقتىكى قىئاتنى ئۆلتۈرۈشى دەل ئوغۇزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان سىناق بولۇپ، ئوغۇزنىڭ ۋەھشى ھايۋاننى قارا كۈچ بىلەن ئەمەس بەلكى بۇغا ۋە ئېيىقلارنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ كۆزىتىش ئارقىلىق قاتنى يوقىتىشى ئۇنىڭ قارام باتۇر ئەمەس بەلكى ئەقىل ـ پاراسەتتىمۇ تەڭ يېتىشۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان تەپسىلاتتىن ئىبارەت.

«ئۆيلىنىش موتىفى» داستانلاردا ھەر خىل شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. « ئوغۇزنامە » داستانىدا ئوغۇزنىڭ ئالدىدا كۆك نۇر ئىچىدە پەيدا بولغىنى كۆك تەڭرىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ پىشانىسىدىكى مەڭىنىڭ «تۆمۈر قوزۇق»قا ئوخشىشى، «ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىسا تەڭرىنىڭمۇ يىغلىشى» كۆك تەڭرى ئېتىقاتچىلىقىنىڭ مەھسۇلى، چۈنكى قەدىمقى زاماندا كۆك تەڭرى ئېتىقاتچىلىقى تەبىەت ئېتىقادىدىكى نىتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ «كۆك تەڭرى ئالەمنىڭ ئىگىسى» دەپ قارىلىدۇ. ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللارنىڭ كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئىسمىدا بولىشى يەنىلا تەبىەت تىقادچىلىقىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار تەبىەت ئېتىقاتچىلىقىدىكى ئىلاھلاردىن ئىبارەت.

ئوغۇزنىڭ ئىككىنچى ئايالىنىڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئۇچرىشى بۇ قىزنىڭ سۇ ئىلاھى ۋە دەرەخ ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. « ئۆيلىنىش موتىفى » دىكى بىرىنچى ئېپىزوتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىككىنچى قىزنىڭ تەسۋىرى تەبىەتتىكى كونكرت ماددىلارنىڭ (كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ) تەسۋىرى بولۇپ، بۇلارمۇ ئىپتىداى تەبىەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئىپتىداى تەبىەت ئېتىقادىدا بۇلاق، دەرەخ كاۋىكى، ئۆڭكۈر قاتارلىقلار ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ، جىنسقا چوقۇنۇشنىڭ ئىزنالىرىدىن

www.kitaphumar.net

ئىبارەت.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىداي ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، مەسىلەن، سەييارىلەر، يەر، سۇ، ئوت، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، چاقماق قاتارلىقلار. ئىپتىداي ئىنسانلار ياشاۋاتقان جۇغراپىيۋى مۇھىتنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بەلگىلىگەن. تاغ تاغلىق رايونلاردىكى ئىنسانلار توپىنىڭ تەڭرىسى بولغان بولسا، سۇ(دېڭىز) بولسا دېڭىز ياقىسىدىكىلەرنىڭ تەڭرىسىگە ئايلانغان. بىراق، كۆك ئاسمان، يەر، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار بارلىق ئىپتىداي ئىنسانلارغا ئورتاق تەڭرىلەر ئىدى. ئوغۇزنىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن بولغان كۆك، تاغ، دېڭىزلار دەل مۇشۇ خىل ئېتىقادنىڭ بەدىي ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسۋىرى. « ئوغۇزنامە » داستانىدىكى «ئۆيلىنىش موتىفى» ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت مەزمۇنىغا تويۇنغان بولۇپ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىپتىداي تەبىەت ئېتىقاد ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ھەم شۇنداقلا ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى ئارقىلىق ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيۋى مۇھىتنى چۈشىنىشكە شۇنداقلا ئېچكىرىلىگەن ھالدا ئوغۇزخان ھەربىي يۈرۈشىنىڭ قىياسىي لىنىيىسىنى سىزىپ چىقىشقا بولىدۇ.

داستاننىڭ ئۈچىنچى سيۇژېت بۆلىكى قولىيازمىنىڭ 89 ـ قۇرىدىن باشلىنىپ قولىيازما ئاخىرلاشقان يەرگىچە. (376 ـ378 ـقۇرغىچە) ئاساسىي ۋەقەلىكى ئوغۇزنىڭ « ھەربىي يۈرۈشى موتىفى »دىن ئىبارەت. بۇ بۆلەكتە ئۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا يېتەكچىلىك قىلىپ بارلىق دۈشمەنلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارىدۇ ۋە بارلىق تۈرك ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ بۆلەكتە قەبىلىلەر ۋە مىللەت ناملىرىنى پەيدا بولۇشى رىۋايەتلىك ئاساستا بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن داستاننىڭ قەدىمىي ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىسى ئىكەنلىكىنى بىزگە ئەسكەرتسە يەنە بىر تەرەپتىن رىۋايەتلىك تىمساللارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئۇيغۇر ـ تۈرك تارىخىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىگە يەنىمۇ چوڭقۇر ئېچكىرىلىشىمىزگە مەنبە بولالايدۇ.

داستاننىڭ بۇ سيۇژېت بولىكىدە « قەھرىماننىڭ ھەربىي يۈرۈشى موتىفى» دىن ئىبارەت موتىف سىستېمىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. داستانلاردا بۇ موتىفقا ياندىشىپ كېلىدىغان موتىف تۈرى «غەلىبە موتىفى» دىن ئىبارەت. ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشى تەسۋىرلەنگەن بۇ بۆلەكتە گەرچە نۇرغۇنلىغان «ئەڭ كىچىك ئاساسى بىرلىك» لەر يەنى كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى، چىپار ئايغىر ئاتنىڭ يوقاپ كېتىشى، ھارۋىنىڭ كەشپ قىلىنىشى، ئۇرۇق ـ قەبىلەر نامىنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار بولسىمۇ ماقالىمىزدا موتىف نۇقتىسىدىن ئەمەس بەلكى « قەھرىماننىڭ ھەربىي يۈرۈشى موتىفى»، «غەلىبە موتىفى» موتىفىغا ياردەمچى تەپسىلات قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى. چۈنكى موتىف يەنە «ئەدەبىياتتىكى قېلىپلاشقان بايانى بۆلەك» بولۇپ، بۇ خىل بايان

بۆلەكلەرنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا قانچىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقانلىقى ۋە ئىزچىللاشقانلىقىنى يەنىمۇ تەكشۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى داستاننىڭ يۇقىرىقى سىيۇژېت بۆلەكلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈش جەريانىدا تېكىست قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان « ئەڭ كىچىك ئاساسىي بىرلىك »لەر بولغان موتىفلارنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. لېكىن « ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ بارلىق سيۇژېت بۆلەكلىرىنى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت دەپ ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، «داستاننىڭ باش ۋە ئاخىرىنىڭ كەم» ئىكەنلىكىدەك پاكىت داستاننىڭ موتىف قۇرۇلمىسىنىڭ ھەم كەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا بىز سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق داستاننىڭ بىر پۈتۈن موتىف قۇرۇلمىسى، بايان ئۇسلۇبى ۋە سيۇژېتىنى ئېنىقلىيالايمىز.

سېلىشتۇرما تەتقىقات ئوبيېكتىنى تاللاش بۇ خىل تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. بىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن « ئوغۇزنامە » داستانى بىلەن سېلىشتۇرىلىدىغان بۇ ئوبيېكتنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوس- داستانلىرىنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىمىز. چۈنكى «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئورتاق تېرىتورىيەدە ياشىغانلىقى، ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورتاق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە بولغانلىقى، ئېتنىك كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئورتاق مەنبەگە تۇتىشىدىغانلىقى، تىل تۇققانچىلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە ئورتاق مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ئوخشاشمىغان دىنلارنىڭ تەسىرىگە تەڭ ئۇچرىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي خاراكتېرى، مىللىي تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئېستېتىك زوقىدا كۆپلىگەن ئوخشاشلىقلار ۋە ئورتاقلىقلار ساقلانغان.» ئېنىقكى، بۇ خىل ئوخشاشلىقلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەپسانە ــ رىۋايەت، ئېپوس، شېئىر- قوشاق، مەسەل، ماقال ــ تەمسىل قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىز شۇنى كۆرسىتىدۇكى،« ئوغۇزنامە »داستانىدا خەلق ئېپوسلىرىنىڭ بىر قىسىم قەدىمىي موتىفلىرى ساقلىنىپ قالغان، لېكىن يەنىلا مۇكەممەل دېيىشكە بولمايدۇ.« ئوغۇزنامە »داستانىنىڭ قەدىمىي موتىف تىپلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن چوقۇم باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوس ــ داستانلىرىغا مۇراجەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل موتىف تىپلىرى يەنە قايسى داستانلاردا ئۇچرىشى مۇمكىن؟ «بەزى قەدىمىي موتىفلار باشقا تۈركىي خەلق داستانلىرىدا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بەكلا تولۇقسىز، بىراق، بۇ قەدىمىي موتىفلار« ماناس »داستانىدا بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن: «قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ــ غارايىپ تۇغۇلۇش موتىفى»، «يامان ئاتا موتىفى»، «قېرىنداشلار ئاسىيلىق موتىفى»، «باتۇرلارنىڭ

www.kitaphumar.net

ئاسىيلىق موتىفى» شۇنداقلا «قەھرىمانىنىڭ قايتا تىرىلىش موتىفى» قاتارلىقلار. باشقا ناھايىتى قەدىمىي موتىفلار، يەنى، «قەھرىمانىنىڭ دىۋىدەك ئۇخلاش موتىفى» مۇ 《ماناس》داستانىدا ساقلىنىپ قالغان.

بىز يۇقىرىدا « ئوغۇزنامە »نىڭ موتىف تەكشۈرىشىمىزدە ئېرىشكەن « قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تۇغۇلۇش موتىفى »، «قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى موتىفى» شۇنداقلا «قەھرىمانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشى موتىفى » ۋە « قەھرىمانىنىڭ غەلىبە موتىفى » قاتارلىقلار « ماناس » داستانىدىكى بۇ خىل موتىف تەركىپلىرى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىدۇ. ئۇنداقتا « ماناس »داستانىدا ساقلىنىپ قالغان باشقا موتىف تەركىپلىرىنىڭ « ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ ئەسلى موتىف شەكلىگە ئوخشاش بولۇش ئېھتىماللىقى قانچىلىك؟ بۇ ئىككى ئېپوس تىپى، تېما، بايان، موتىف ۋە شۇنداقلا قۇرۇلما قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولۇشى بىزنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوس ـ داستانلىرىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. بىراق ئىككى داستانىنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىز بۇ ئىككى داستانىنىڭ موتىف تەركىپلىرىدە يەنىلا بەزىبىر ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

مەلۇمكى، داستان ۋە ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك تەرەققىياتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئالدى بىلەن ئىجادكار خەلق (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) سەرگۈزەشتىلىرى، تەجرىبىلىرى ئاساسىدا مىفلار دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئىلاھىي قەھرىمانلارنىڭ ئورنىنى ئىنسانىي قەھرىمانلار ئىگەللەشكە باشلىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئېڭى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇشى كېرەك. « ئوغۇزنامە » داستانىدا ئۇچرايدىغان «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن» دېگەن جۈملە بۇ خىل ئېتنىك ئاڭنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئوغۇزخان تىلىدىن بېرىلگەن جاكاسى بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئېتنىك ئېڭىنىڭ ئۆسۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئېتنىك فولكلورلۇق دەلىلىدىن ئىبارەت. يەنە ئوغۇزخانىنىڭ «مەن پۈتۈن جاھانىنىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك»(داستان 107 ـ 108 ـ قۇرلار) دېيىشى دەل بۇ خىل ئېتنىك ئاڭنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان قەدىمقى جەمىيەتكە خاس بولغان ھەرىكەت مىزانى ئىدى. چۈنكى «خەلقنىڭ ئېتنىك ئېڭىنىڭ تەرەققىياتى قەدىمدە شۇ خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تېررىتورىيىلىك تەشكىلىنى (جۇملىدىن دۆلىتىنى) تىكلەشكە بولغان ئىنتىلىشىدا گويا بىر قانۇنىيەتتەكلا ئىپادىلىنىپ كەلدى.» داستانىنىڭ كېيىنكى سىيۇژېتلىرىدىكى ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر ئېڭىنىڭ (ئەلۋەتتە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئېڭى) شەكىللىنىشى بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى تەشكىلىدە شاخلىما

ئــــۇرۇق ــ قەبىلـــــەر ئېڭىنىڭمـــــۇ مەۋجـــۇت بولـــۇپ تۇرۇۋاتقـــانلىقىنى ۋە داۋاملىـــــق شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ئىجتىماى تارىخى تەرەققىيات جەھەتتىن پەرق قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە سۈپەت جەھەتتىمۇ كەسكىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك بۇ نۇقتىدىن تەكشۇرگەندە « ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ۋە ئۇنىڭ مەنسۇبىيەت مەسىلىسىدە تالاش ــ تارتىش قىلىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. يەنە بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، داستانىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى پەقەت ئۇيغۇرلار نامىنىڭ تارىخنامىلەردە پۈتۈلگىنىدىن كېيىنكى دەۋرلەردىن ئىزدەش، ئۇلارنىڭ ئېتنىك نامىنى شەكىللەندۇرىشكىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋرىنى كۆرمەسكە سېلىش ياكى قەستەن بۇرمىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

« ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسىدا بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىيان دىنى، زورواستىر دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ھېچقانداق ئىزناسىنى ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭدا ساقلانغىنى يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ۋە شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت. بۇ پاكىتتىن بىز« ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىدا دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئۇرخۇن بويىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئۇچرىشىشىمۇ 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئەمەس. بۇددا دىنى ماۋوريا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 322 ــ يىلىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 185 ــ يىللار) مەزگىلىدە كەشمىر ۋە قەندىھار(بۈگۈنكى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى رايونى، پەنجابنىڭ شىمالىدىكى پىشاۋۇر ۋە راۋالپىندى قاتارلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پايتەختى پرۇشابالىق، بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى پىشاۋۇر) قاتارلىق جايلارغا تارقالدى ۋە بۇيەردە بۇددا پەلسەپەسى ۋە گىرىك سەنئىتى بىلەن ئۇچرىشىپ مەشھۇر قەندىھار بۇددا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى شەكىللەندۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خىل سەنەت تارىم ۋادىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئەدەبىيات ــ سەنەتۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مىرەن، تۇمشۇق، قىزىل ۋە قۇمتۇرا قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان سەنەت بۇيۇملىرىدىن بۇنى ئېنىقلاش تەس ئەمەس. «بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا جۇملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك. شىنجاڭنىڭ ئالاھىزەل ئىككى مىڭ يىللىق يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تارىخىدا، بۇددا مەدەنىيىتى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئىگەللەيدۇ. تۇرپان ۋە كۇچار رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇددا مەدەنىيىتى ھەتتا بىر مىڭ بەش يۈز يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن.» دېمەك، 《ئوغۇزنامە》داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى ئانا ماكاندا يارىتىلغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۇنىڭ مىلادى بەشىنچى ئەسىردىن ئىلگىرى ھەتتا مىلادىنىڭ ئالدىدا يارىتىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

چۈنكى ئېپوس-داستانلارنىڭ ئاغزاكى يارىتىلىشىدىن تارتىپ ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە تۇراقلىشىپ، شەكىل جەھەتتە مۇقىملىشىشىنىڭ مۇئەييەن دەۋرى بولىدۇ. داستانىنىڭ يېزىققا ئېلىنىش دەۋرى يەنە باشقا بىر تېما، ئەلۋەتتە.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بارلىققا كېلىشى قەدىمقى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇرلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق ئىجادىيەتكە قاتناشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى دەۋرىنى خېلى يىراق تارىخى دەۋرلەرگە سۈرۈش مۇمكىن. لېكىن «ماناس» داستانىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ يەنى داستانىنىڭ مەركىزى قىسمىنىڭ مۇقىم ھالەتكە كېلىش دەۋرى تەخمىنەن 13 ـ 16 ئەسىرلەر، ئەلۋەتتە داستانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن سەككىزىنچى قىسمىغىچە بولغان قىسمى تېخىمۇ كېيىنرەك، يەنى تەخمىنەن 16 ئەسىردىن 18 ئەسىرگىچە شەكىللەنگەن.» دېمەك، «ماناس» داستانىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرىدىن نەچچە ئەسىر كېيىن. شۇڭا كېيىنكى ئەسەر ئالدىنقىسىغا قارىغاندا بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە ھەر خىل دىن ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان. لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەنەنىۋى داستانچىلىق ئەنەنىسىنىڭ داۋاملاشقانلىقى ۋە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقى بىزنىڭ بۇ داستانىنىڭ سيۇژېتى ۋە موتىف قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپ «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ كەم جايلىرىنى تولدۇرىشىمىزنىڭ ئاساسى بولالايدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا رىۋايەت ـ ئەپسانىلاردىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامىنى چۈشەندۈرىدۇ ياكى رىۋايەت ـ ئەپسانەلەردىن پايدىلىنىپ قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بايان قىلىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئەسەردىن ئىبارەت. بىراق «ماناس» تا بولسا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي توقۇنۇشى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى كوللېكتىپ ئاھاڭغا قارىغاندا، يەككە بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى تىرىشىشلىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئوغۇزنامە» داستانى تۈركىي خەلقلەر داستانلىرى ئىچىدە شەكىللىنىش تارىخىنىڭ قەدىملىكى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانى «قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تۇغۇلۇش موتىفى» بىلەن باشلانغان. بىراق، داستانىنىڭ «باش ـ ئاخىرىنىڭ كەم» ئىكەنلىكىدەك پاكىت بىزنىڭ بۇ داستانىنىڭ موتىف قۇرۇلمىسى ھەققىدە تېخىمۇ تولۇقراق پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىزغا دەۋەت قىلىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوس ـ داستانلىرى ياكى چۆچەكلىرىنىڭ باشلىنىشى، بىر جۈپ پەرزەنتسىز قېرىنىڭ «غايىپتىن ياكى تەڭرىدىن پەرزەنت تىلەش» ئى ئارقىلىق پەرزەنتكە ئېرىشكەنلىكىدەك موتىف بىلەن باشلىنىدۇ. داستان ۋە چۆچەكلەردە بۇ خىل «غايىپتىن

پەرزەنت تىلەش موتىفى» ھەر خىل ۋارىيانتتا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل تىلەك تەڭرىنى تەسىرلەندۈرگەن ۋاقىتتا، تىلەك تىلىگۈچى چۈشىدە ئەۋلىيا بەرگەن ئالمىغا ياكى مەلۇم بىر بىشارەتكە ئېرىشىپ، سىرلىق ھالدا قورساق كۆتىرىدۇ. مەسىلەن، « ماناس» داستانىنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەممىسىدە چىپىبىردى ئالمىنى يەپ سىرلىق ھالدا قورساق كۆتىرىپ ماناسنى تۇغقانلىقىدەك موتىف بار. ئۇيغۇر خەلق داستانى« غېرىپ ــ سەنەم »دىمۇ قىز- ئوغۇل باش قەھرىمانلارنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ ئاپىلىرىنىڭ سېھىرلىك ئالما يېگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى باش قەھرىمانلارنىڭ دادىلىرى چۈشىدە خىزىر تەرەپىدىن سېھىرلىك ئالمىغا ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنى ئاياللىرىغا بېرىدۇ...مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تەبەت ئېتىقادچىلىق ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دېتاللار. ئۇنداقتا،« ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك موتىف تەركىپلىرى« غايىپتىن پەرزەنت تىلەش موتىفى»، «چۈشىدە بىشارەت بېرىش موتىفى» ۋە «غايىپتىن ھامىلدار بولۇش موتىفى » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

« ماناس » داستانىدا ئۇچرايدىغان باشقا موتىفلار، مەسىلەن، «يامان ئاتا موتىفى»، « قېرىنداشلارنىڭ ئاسىلىق موتىفى »، «باتۇرلارنىڭ ئاسىلىق قىلىش موتىفى »، « قەھرىماننىڭ ئۆلۈپ قايتا تۇغۇلۇش موتىفى» شۇنداقلا « قەھرىماننىڭ ئۆلۈم موتىفى » قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە قايسىلىرى «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ كېيىنكى كەم قىسمىنى تولۇقلىيالايدىغان موتىف تەركىبى بولالىشى مۇمكىن ؟ «ئوغۇزنامە » داستانىدا ئۇچرايدىغان « قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ــ غارايىپ تۇغۇلۇش موتىفى »، «قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى موتىفى »، « سىناق موتىفى »، « ئۆيلىنىش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش موتىفى»، « قەھرىماننىڭ ھەربىي يۈرۈشى موتىفى»، « غەلىبە موتىفى » قاتارلىق موتىف تەركىپلىرى بىر ــ بىرىگە گىرەلىشىپ ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، بايان ئۇسلۇبى يېنىك لېكىن جەڭگىۋار، ئەركىن ئەمما تەرتىپلىك بولۇپ، داستانىنىڭ بايان ئۇسلۇبىدىن تەكشۈرگىنىمىزدە داستان بىر خىل شات ــ خورام، ئازادە كەيپىياتتا ھېكايىنى بايان قىلىدۇ. مەزمۇن ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا داستاندا قەدىمقى زاماندىكى ئەجداتلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بىرگە قەبىلىلەرنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ زورىيىش، قۇدرەت تېپىش يەنى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇرۇش، ھەرقايسى ئۇرۇق قەبىلىلەرنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ئورتاق گۈللىنىشتەك قەدىمقى زامان يايلاق ئوتۇپىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. « ئوغۇزنامە » مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزىمى ئاخىرلىشىپ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزىمىنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى بىلەن باغلاش مۇمكىن. ئوغۇز خاقانىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە « خان » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىمۇ دەل داستان مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەرنىڭ دەل ئانىلىق جامائەدىن ئاتىلىق جامائەگە ئۆتۈۋاتقان

ئىجتىماي باسقۇچنىڭ قالدۇغى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

داستانىنىڭ يېشىمىدىكى ئوغۇزخاقان ئوغۇللىرىنىڭ ئالتۇن قىسمەتلىك ۋە كۈمۈش قىسمەتلىك بولۇپ ئايرىلىشىمۇ دەل سىنىپىي جەمىيەتنىڭ باشلانغانلىدىن دېرەكلەيدۇ. كىچىك ئوغۇللارنىڭ چوڭ ئوغۇللارغا بويسۇنىشىنىڭ مۇتلەقلەشتۈرلىشى دەل ھاكىممۇتلەقلىق جەمىيەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى. تۈرك شەجەرىلىرىدە ئۇچرايدىغان خاقان ـ پادىشاھ تېمىسالىدىكى « يا » ۋە ۋەزىر تېمىسالىدىكى « ئوق » نىڭ ئوغۇزخان ئوغۇللىرىنىڭ قىسمىتىنى بەلگىلىشى قانداقتۇر خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىيۇژېت بولماستىن، بەلكى سىنىپىي جەمىيەتنىڭ باشلىنىشىنىڭ بەدىي ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلىق ئىنكاسى ئىدى.

« يا » ۋە « ئوق » تېمىسالى « ئوغۇزنامە »داستانىدا بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان « قىسمەت موتىفى » ياكى « تەقدىر موتىفى » بولۇپ پەقەت قەھرىمانلىق دۆرىدە ياشاۋاتقان خەلقلەردە بولۇشقا تېگىشلىك تەقدىر ئېستېتىكىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. داستانىنىڭ« شەجەرەي تۈرك »تىكى ۋارىيانتىدا ئوغۇزخاقانىنىڭ يا ۋە ئوق ئارقىلىق تەقدىر بەلگىلەشىنى ئەجداتلارنىڭ ئەنئەنىسى دەپ قارىشى بۇ خىل ئېتنىك فولكلورلۇق ئادەتنىڭ ئوغۇزخاقان دۆرىدىن ئىلگىرىلا تۈركىي خەلقلەردە رەسىملەشكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. كېيىنكى ئۇيغۇر ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان « يا » ۋە « ئوق » تېمىسالى ئەنە شۇ « ئوغۇزنامە » داستانىدىكى «تەقدىر موتىفى» نىڭ ھەر خىل شەكىلدە قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، خەلق چۆچەكلىرىدىكى شاھزادە ۋە باتۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرنى يادىن ئېتىلغان ئوقتىن ئىزدىشى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ۋە ئانىمىزىملىق دۆرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىنسانىنى مەركەز قىلغان گۇمانىزىملىق دۆرىنىڭ باشلانغانلىغىنىڭ سىمۋۇلى بولغان « قۇتادغۇبىلىك » تە :

بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، « يا » ۋە « ئوق » تىمسالىنىڭ تەبىئەت تەقدىرچىلىكى مەناسىدىن ئىنسانىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزلىنىشىنى مەركەز قىلغان يېڭى تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ باشلانغانلىقى ھەم « يا » ۋە « ئوق » تىمسالىنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىدا قۇرۇماس ئىلھام مەنبەسى بولۇشىنىڭ تارىخى ئېتنىك باغلىنىشچانلىقىنى دەلىللەيدۇ. چۈنكى « ئېپتىداي ئوبرازلار شېئىرىيەتتە بارغانسېرى ئۆلچەمسىزلىكتىن مەلۇم ئۆلچەمگە، مۇقىمسىزلىقتىن مۇقىملىققا قاراپ تەرەققى قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ جەريان دەل كونكېرت

ئېپتىداى ئوبرازنىڭ ئادەتتىكى ئۆلچەملەشكەن بەدىي شەكىل ۋە ئۇسۇلغا ئىگە بولغان ئوبرازغا ئايلىنىش ۋە تەرەققى قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت شۇنداقلا ئىپتىداى ئوبرازنىڭ بارغانچە ئەسلىدىكى ئۇقۇم مەناسىنى يوقۇتۇپ ئابستراكتلەشكەن شەكىلگە ئۆزگىرىش جەريانىدىن ئىبارەت.»

داستاننىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە نەمۇنە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بايان قىلغۇچىلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى سوبيېكتىپ ھسسياتى سىڭگەنلىكىنى نەزەرگە ئالغان چېغىمىزدا ھېچقانداق سۈنى دىنلارنىڭ تەسىرى ئارىلاشمىغان پەقەت قەدىمقى تەبىەت ئېتىقادچىلىقى ۋە توتېم ــ ئەجدات ئېتىقادچىلىقى ئاساسي روھىي- پسىھىك تايانچ بولۇۋاتقان دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن « ئوغۇزنامە »داستانىدا « ماناس »داستانىدا ئۇچرايدىغان « يامان ئاتا موتىفى»، «قىيىرداشلارنىڭ ئاسىلىق قىلىش موتىفى »، «باتۇرلارنىڭ ئاسىلىق قىلىش موتىفى» قاتارلىق موتىف تەركىپلىرىنىڭ بولۇشى بىزنى دىگەندەك قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى، « ئوغۇزنامە » داستانى يارىتىلىۋاتقان مەزگىلدە ئىسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىماي مۇناسىۋەتلەر تېخى ئۇنچىلىك ئۆتكۈرلىشىپ كەتمىگەن بولۇپ، تەبىەت بىلەن ئادەم شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەقەت ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىگە خاس ساددا ماسلىق مۇناسىۋىتىنى داستاننىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرىۋئېلىشقا بولىدۇ.

«قەھرىماننىڭ ئۆلۈپ قايتا تىرىلىش موتىفى» ، « ماناس » شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە ئۇچرايدىغان موتىف تەركىۋىدىن ئىبارەت. بۇ خىل موتىف تەركىبىنىڭ تېكىست قۇرۇلمىسىدا ئۇچرايدىغان ئورنى ئاساسەن سيۇژىتنىڭ راۋاج نۇقتىسىدا تۇرىدىغان بولۇپ، قەھرىمان قىرانىغا يەتكەن، مەلۇم تۆھپىلەرنى ياراتقان ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھەسەت قىلىشى بىلەن قەستكە ئۇچرىغان بولىدۇ. لېكىن« ئوغۇزنامە » داستانىدا «قەھرىماننىڭ ئاجايىپ ــ غارايىپ تۇغۇلۇش موتىفى » دىن باشلانغان شادىيەنە ئاھاڭغا داستاننىڭ راۋاج قىسمىدىكى «غەلىبە موتىفى» بىلەن بىرىكىپ كەتكەن زەپەر مارشىنىڭ داستاننىڭ بايان ئىستىلىنى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچراتماي داۋاملاشقانلىقى بۇ خىل موتىفنىڭ ھەم « ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ ئەسلى موتىف قۇرۇلمىسى بولۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ.

« شەجەرەى تۈرك » تە ئوغۇزنىڭ دادىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. گەرچە بۇ ۋاريانتقا زور دەرىجىدە ئىسلام دىنى ئامىللىرى سىڭگەن بولسىمۇ،لېكىن ئۇ « يامان ئاتا » موتىفىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « ئوغۇزنامە » داستانىدا بۇ خىل موتىفنىڭ بولۇش ــبولماسلىقىنى، داستاننىڭ باشقا تولۇق نۇسخىلىرى ئاساسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق يەنىمۇ بىر قەدەم ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. قارىغاندا« ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ يېشىمىنى داستاننىڭ شات ــ خورام ھەم يەڭگىل

يئېزىلغــان ئۇســلۇبىدىن بەكــمۇ يىراقلىشــىپ كەتمــگەن ھەم شــۇنداقلا قەدىمقــى زامــان كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى قوبۇل قىلالايدىغان ھالدا تۈگەللىيەلەيدىغان بىردىن بىر موتىۋ قۇرۇلمىسى پەقەت «قەھرىمانىنىڭ ئۆلمى موتىفى» بولۇشى كېرەكتەك تۇرىدۇ.......

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. گېـڭ شـىمىن ، تۇرسـۇن ئـايۇپ « قەدىمقـى ئۇيغۇرلارنىـڭ قەھرىمـانلىق داسـتانى ئوغۇزنـامە » بېيجىـڭ ، مىللەتــلەر نەشــرىياتى ،1980 ـ يىــل 11 ـ ئــاي بىرىنچــى نەشــرى .(ئۇيغۇرچە)

2. تۈزگۈچى گېڭ شىمىن، رەتلىگۈچى مەھەممەترېھىم سايىت، « قەدىمقى تـۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇقى» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006ـ يىـل 6 ـ ئـاي بىرىنچى نەشرى.(خەنزۇچە)

3. ئوبۇلغازى باھادىرخان « شـەجەرەى تـۈرك »،جوڭخـۇا كىتـاپ نەشـرىياتى ، بېيجىـڭ ،2006 ـ يىل 8ـ ئاي 2ـ نەشرى ،(خەنزۇچە )

4.يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك »،بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 5ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.(ئۇيغۇرچە)

5.رادلوف« بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇتادغۇبىلىكى » سانتپېتېربۇرگ ،1891ـ يىل نەشرى.1ـ قىسمى.(نېمىسچە)

6.رەشــىت رەخمەتــى ئــارات « ماقــالىلار »،تــۈرك كۈلتــۈر تەتقىقاتى ئىنستوتى نەشــرگە تەييارلىغان، ئەنقەرە1987 ـ يىل. (تۈركچە)

7. پاۋۇل پېللىوت « ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئوغۇزخان داستانى توغرىسىدا » ۋەدات كۆكان تەرجىمىسى، ئاتا تۈرك كۈلتۈر ، تىل ۋە تارىخ ئالىي جەمىيىتى تۈرك تىلى ئۇيۇشمىسى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئەنقەرە نەشرى.(تۈركچە).

8. مەھمەت ئۆلمەز نەشرگە تەييارلىغان « چاغداش تۈرك ئەدەبىياتىغا تەنقىدى بىر نەزەر » ، ئەنقەرە 1997 ـ يىل سۇمروغ نەشرىياتى.(تۈركچە)

9.ئابدۇشـۈكۈر تـۇردى قاتـارلىقلار تـۈزگەن« ئۇيغـۇر ئەدەبىيـاتى تـارىخى»، مىللەتـلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 ـ يىل 4ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.(ئۇيغۇرچە)

10.مەھەممەترېھىم سايىت « تۈركىي تىللار تىلشۇناسلىقىغا كىرىش » بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 7ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.(خەنزۇچە)
11. لاڭ يىلڭ « ماناس تەتقىقاتى »، ئىچكى موڭغۇل ئونىۋېرستى نەشرىياتى 1999 ـ يىل 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.(خەنزۇچە)
12.گېڭ شىمىن« شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى »، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى 2006 ـ يىل 8 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.(خەنزۇچە)
13. سىدى تامسۇن :« دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ تىپولوگىيەسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1991ـ يىل نەشرى.
14. غەيرەتجان ئوسمان« ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. (خەنزۇچە)
15. دىلمۇرات ئۆمەر « ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995ـ يىلى نەشرى. (خەنزۇچە)
16. بىي شۈن« قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل 6 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى. (خەنزۇچە)
17.ئىلى جىڭشىن « شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 10ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.(خەنزۇچە)
18.« دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى»، تۇختى تىللا تەرجىمىسى ، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 2001ـ يىل 3ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.
19.ئابدۇكېرىم راخمان « ئوغۇزخان ۋە ‹ئوغۇزنامە › ئېپوپېيىسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزىلەر »، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1981 ـ يىلى ئۈچىنچى سان.
20.غەيرەتجان ئوسمان« ‹ئوغۇزنامە›نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1986 ـيىل 2ـ سان.
21.ئىلى شۇخۇي « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئوغۇزنامە› داستانىدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە »، « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ژۇرنىلى 2004 ـ يىل بىرىنچى سان.(خەنزۇچە)
22.جاۋ پېيلىن « ئوبراز ، دىنىي ئاڭ مەزمۇنىنىڭ بەدىئىي شەكىلگە مۇجەسسەملىنىشى » ، « تيەنجىن ئىجتىمائىي پەنلىرى » ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى 5ـ سان .(خەنزۇچە)
23.مېھراي مەمتىلى« تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش موتىفى ھەققىدە تەھلىل »، « مىراس»ژۇرنىلى 1996 ـ يىل 3 ـ سان.
24. ئۇيغۇر سايرانى، ھەبىبۇللا خوجا « ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق(نارودنوست) بولۇپ

شەكىللىنىشى توغرىسىدا »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى »، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان.

25.« غەربىي رايون يەر ناملىرى »، جۇڭخۇا كىتاب نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 ـ يىلى.

# ئىسلام دىنىدىن تېرورلۇققا نەزەر

**ئەھمەتجان ھەسەن**

21 ـ ئەسىر باشلىنىش بىلەن، ئەسلىدىنلا خەلقارا سىياسى ۋەزىيەتتىكى قارشىلىشىش ۋە سۈركىلىشىش، تۇقۇنۇش ۋە ھەمكارلىشىش، قالايمىقانچىلىق ۋە مۇقۇملىق، زومىگەرلىك ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ، دۇنيانىڭ كونا تەرتىپىنى ساقلاپ قېلىشقائۇرۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئوخشىمىغان كۈچلەر ۋە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كۆرەش ۋەزىيىتى سەۋەبىدىن، تىنىچ بولماي كىلىۋاتقان دۇنيا تېخىمۇ ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر گورووھ كىشىلەر تەرەپىدىن 2001 ـيىلى 9 ـئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئامرىكىنىڭ ۋاشىنگتون ۋە نيويورك شەھەرلىرىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان تېرورلۇق ھەركىتى پۈتۈن يەرشارىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئىنسانىيەت تېرورلۇقنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلقارا جەمىيەت تېرورلۇققا بولغان ھوشيارلىقىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكتە تېرورلۇقنى ئەيىپلىشىنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملىشىنى مۇراجەت قىلدى. تېرورلۇققا زەربە بېرىش ۋە ئۇنى يىلتىزىدىن يوقۇتۇش، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنىچلىق سۆيەر خەلقلەرنىڭ ئاساسى نىشانىغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تېرورلۇقنى پەيدا قىلغان بىر ئۇچۇم ئەسەبىي كۈچلەر ئوخشىمىغان رايون ۋە دۆلەتلەردە ئاشكارا ياكى مەخپيي ھالدا تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرخىل شەكىلدىكى زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىپ، ھاكىمىيەتكە قارشى ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. ئۇلار پەيدا قىلغان تېرورلۇق ۋەقەلىرى، تېرورلۇق يۈز بەرگەن دۆلەت ياكى رايوننىڭ سىياسى مۇقىملىقىغا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل يەرشارىنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىياتىغا زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. «11 ـسىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى ھەرقايسى ئاممۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى (تېلېۋىزور،

رادىئو، گېزىت ژورناللار)دا، مەركىزى ۋەقەنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا لەنەت

www.kitaphumar.net

ئوقۇدى. كۆپ سانلىق مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىمۇ ئىسلام دىنىي تەلىماتىنىڭ باشقا دىنلارغا ئوخشاش، ھەر قانداق شەكىلدىكى زورلۇق ۋە زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەم «ئىسلام» ۋە «تېرور» سۆزلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ ياكى تۇرلەپ ئىشلىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلىدى. ئەمما ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»

ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي، كۆرسەتمىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان، چۈشەنسىمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدىغان ئاز ساندىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر. تېرورلۇقنى سادىر قىلغان ئاشۇ بىر گورۇھ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىگە قاراپلا، ئاشۇ ئۇرۇش، توقۇنۇش ۋە پارتلىتىشلارنى ئىسلام دىنى پەيدا قىلغان، ئىسلام دىنى، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېرورلۇقنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، «ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي مۇقەددەس نامى»نى قايتىدىن تىكلەپ، ئۇنى دىنىي سىياسىيلاشتۇرۇپ، تەشكىلنى ئاپىراتلاشتۇرۇپ، دىنىي ئەقىدە ۋە ئىدىيەلەرنى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ، زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇق پەيدا قىلىۋاتقان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە تېرورچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدىكى سادالار ھەممە يەرنى قاپلىدى ھەم ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئاقلاش يولىدا ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى .دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېرورلۇق بۈگۈنكى دۇنيادا بار بولغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. لېكىن ئۇ قايسى دىننى يېپىنچا قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز شۇ دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى مەيلى يەھۇدى، خرىستىئان، ئىسلام، بۇددا، ياكى باشقا دىنلاردا بولسۇن، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس دىنىي دەستۇرلىرىدا ئەسەبىيلىك، جاھىللىق، مۇتەسسىپلىك، قىزىققانلىق، زوراۋانلىق ياكى تېرورلۇقنى تەكىتلەيدىغان، ئۇنى قىلغانلارغا «مۇكاپات بېرىمىز» دەيدىغان سۆز-ئىبارىلەر يوق. مەيلى يەھۇدىي، خرىستىئان، ئىسلام، بۇددا، ھىندى ياكى باشقا دىنلاردا بولسۇن، ئۇلار بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ ئىنسانلار ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆز نىزامىغا ئايلاندۇرغان، شۇڭا، ئۇنىداق ياكى مۇنداق قاتىللىق ۋە ۋەھشىيلىكلەرنى پەيدا قىلغان تېرورچىلارنىڭ يەھۇدىي، ناسارا ياكى مۇسۇلمان بولۇشىغا قاراپلا، شۇ دىنلار توغرىسىدا توغرا بولمىغان پىكىر ۋە خۇلاسىلەر چىقىرىش تولىمۇ ئەقىلسىزلىق، يەنى مەلۇم بىر تېرورچىنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىگە قاراپلا، ئۇنىڭ جىنايىتىگە شۇ دىنىنىڭ نامى بىلەن ئات قويۇش توغرا ئەمەس. مەسىلەن، تېرورچى ئۆزىنى يەھۇدىي دىنى مۇخلىسى دېسە، ئۇنىڭ جىنايىتىنى«يەھۇدىي تېرورچىلىقى» دېيىش؛ تېرورچى ئۆزىنى خرىستىئان دىنى

www.kitaphumar.net

مۇخلىسى دېسە، ئۇنىڭ جىنايىتىنى «خرىستىئان تېرورچىلىق» دېيىش؛ تېرورچى ئۆزىنى مۇسۇلمان دېسە، ئۇنىڭ جىنايىتىنى «ئىسلام تېرورچىلىقى» دېيىش خاتا. بىزگە مەلۇم، زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇقنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان، ئەسەبىيلەشكەن ئەقىدىلەرنى دەستەك قىلغان دىنىي سىياسىي ئېتقادلار، پەقەت يۇقىرىقى دىنلارنىڭ مەيدانىغا كىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىدە، سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەلۇم سىياسىي غەرەزنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دىنىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېگىنى ۋە قىلغىنى دىن ئەمەس، شۇنداقلا دىندىكى ئاساسىي ئېقىممۇ ئەمەس.

تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى دىنغا قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ، مەقسىتى كىشلەرنى دىندىن چەتلەشتۈرۈش، باشقىلاردا ئىمان-ئېتقادلىق ئادەملەرگە نىسبەتەن ۋە غەزەپ پەيدا قىلىش، چۈنكى، تېرورلۇق ئىمان-ئېتقادنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، باشتىن-ئاخىر رەھىمسىزلىك، زۇلۇم ،قاتىللىقنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىمان-ئېتقاد بولسا رەھىم-شەپقەتلىك، مېھرى-مۇھەببەتلىك، كۆيۈمچان، ئەپۇچان بولۇشقا، تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەرپا قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

1.«قۇرئان كەرىم »دىن تېرورلۇققا نەزەر

بىزگە مەلۇم، ئىسلامنىڭ ئاساسى «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنى رەھىم-شەپقەت،مېھرى-مۇھەببەت، كەمتەرلىك بىلەن ياشاشقا چاقىرىق قىلغان بولۇپ، «ئىسلام» دېگەن سۆز ئەسلىدىنلا «ئۇرۇش»،«ئۆچمەنلىك» دېگەن سۆزلەرگە قارىمۇ-قارشى بولغان «تىنچلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. شۇسەۋەبتىن بولسا كېرەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ئەرەب دەۋرى «جاھىلىيەت دەۋرى»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى دەۋر «ىسلام دەۋرى» دەپ ئاتالغان. مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئەھمەد ئەمىنمۇ «ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرى» ناملىق ئەسرىدە: «جاھىلىيەت» دېگەن سۆز، «بىلىم» دېگەن سۆزگە قارىمۇ-قارشى ئىشلىتىلگەن سۆز ئەمەس. بەلكى «ئۆچمەنلىك، چوڭچىلىق، يولسىزلىق، زوراۋانلىق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆزدۇر دەيدۇ، يەنە شۇ ئەسەردە تەبرىنىڭ «قۇرئان تەفسىرى» دىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى رەھىمدىللىك بىلەن يولدا كېتىۋاتقاندا باشقىلار ئۇلارغا زۇلۇم سېلىپ يولسىزلىق قىلسىمۇ، ئۇلار ئۇنداق قىلمايدۇ»①. كۆرۈۋاتىمىزكى«ئىسلام» دېگەن سۆز «كەمتەر-ئەدەپلىك بولۇش، ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» كىشلەرنى گۈزەل ئەخلاققا يۈزلەندۈرۈشكە، شەيتان ئىزىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا، زۇلۇم قىلماسلىققا چاقىرىق قىلغان:

«ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك

www.kitaphumar.net

ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر»②. ئاللاھ كىشىلەرنى يەر ـ يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىققا چاقىرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقانلارنى «شەيتاننىڭ ئىزىدىن ئەگەشكەنلەر» دەپ ئاتايدۇ.

قۇرئان تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمان كىشى ھەربىر ھەركىتى ئۈچۈن ئاللاھ ئالدىدا جاۋاپكاردۇر. شۇڭا ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا ھەققانىي، ئادالەتپەرۋەر، رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش، مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ياخشىلىق قىلىش، ئاجىز، مۇھتاج كىشىلەرنى قوغدىش ۋە ھىمايە قىلىش، باشقىلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسۇش كېرەك.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارغا مۇنداق خىتاب قىلىنغان.«ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتسىز ۋە ھايۋاناتسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). ئاللاھ بۇزغۇنچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ» ③.ھېچقانداق گۇناھى يوق ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۆمىنلەرنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان:«كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ»④. بۇ ئايەتتىن، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلۋالايمىز «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ»⑤. «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» ⑥. بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە ئاللاھ لەنەت ئوقۇيدۇ. «قۇران كەرىم» يەنە جىنايەت سادىر قىلىش مەقسىتىدە بىرلەشكەن مۇناپىق قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا لەنەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بىرىدە، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزگەن توققۇز كىشىلىك بىر گۇرۇھ ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ: «شەھەردە (يەنى ھىجرىدە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى. ئۇلار: ‹ئۆزئارا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىڭلار› دېدى. ئۇلار ئېيتتى: ‹بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن چوقۇم ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنىڭ) ئىگىسىگە، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز

ئۇستىدە ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز دەيلى›. ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولىشىنى تىزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۈيۈقسىز جازالىدۇق① .«قۇرئان كەرىم» ئىمان ئىگىلىرى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى، پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ھەمىشە تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭ

نامىدىن قەسەم ئىچىش، كىشىنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋادارلىقىغا ئاساس بولالمايدۇ. ئېھتىمال بۇ ئادەملەر ئاللاھنىڭ نامىنى ئىستىمال قىلىپ تۇرۇپ، كۇفرى، ۋەھشىيلىك ۋە ياۋۇزلۇقلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ۋە ئىسلام ئەخلاقلىرىغا تۈپتىن زىت بولغان نەرسىلەرنى شۇ قەسەملىرىنىڭ ئاستىغا يۇشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ئاسايىشلىقى يولىدا كۆپلەپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا چاقىرىدۇ : «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، (سەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ»② . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇرئان» ھەربىر ئىمان-ئېتىقادلىق ئادەمدىن، بارلىق ئىنسانلارغا رەھىم -شەپقەت يەتكۈزۈشنى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . يەنە مۇنۇ قۇرئان ئايەتلىرىدە: « ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا ، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا قول ئاستىڭلاردىكى قول-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەككەبىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ»③ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق»④. يۇقىرقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «قۇرئان» مۇسۇلمانلارنى، ھەممە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلغان بۇلۇپ، جېدەل- ماجىرا ۋە غوۋغالاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ھەم ياخشىلىق قىلغانلارغا «بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بۇلىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ»⑤. دېگەندەك مۇكاپاتلارنى ۋەدە قىلىدۇ. يەنە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى، مۇسۇلمانلارنى ئادالەتپەرۋەر، كەڭ قورساقلىق بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ :

«ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا

www.kitaphumar.net

يېقىنـدۇر (يەنـى ئۇلارنـىڭ مەنپەئىتىنـىڭ نېمـىدە بولـىدىغانلىقىنى ئوبـدان بىلـىدۇ)، نەپسـى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇزۇلـۇپ كەتمەڭـلار. ئەگەر تىلىڭلارنـى تولغىساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقنى پاكىتنى بۇزمىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، ئۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر»⑥.

يۇقىرقى ئايەتتە، يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق ئادەمگە، مەيلى ئۇ قايسى مىللەت، ئىرق ۋە دىنغا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادىل مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. ئىسلام تەكىتلىۋاتقان ئادالەت ھەرگىز زامان ماكان ۋە ئادەمگە قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك قوۋم ۋە ئىرقلارنى بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلەشسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى ئـۆز-ئـارا تونۇشـۇپ، ئـالاقە قىلىــپ ياشىســۇن دەپ ياراتقــان. دېــمەك، ئــاللاھ دۇنيانىــڭ خىلمۇخىللىقى ۋە رەڭگارەڭلىكىنى ئىرادە قىلغان. ئەمما تېرورچىلار ئادىل ۋە كەڭ قورساقلىقتىن مەھرۇم بولغاچقا، ھەر قانداق بۇزغۇنچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىكنى ناھايىتى ئاسان، ۋىجدان ئازاب چەكمــىگەن ھالــدا قىلىۋېرىــدۇ. لېكىن ئـۆزلىرى يەنــىلا بىــر خىــل ئەندىشــە، قورقــۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى، ئىچكى قىسىمدا بىـر-بىـرىگە ئىشـەنچ بولمىغاچقـا، باشقىلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشىدىن قورقىدۇ. بۇ ھالەتلەر ۋاقتىنـىڭ ئۆتۈشـى بـىلەن ئۇلارنـىڭ قەلبىدىكى رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، ئـۆز-ئـارا يـاردەم بېرىشـتەك ئېسـىل گۈزەل ئەخلاقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىدىن باشقا بارچە ئادەمگە بىر خىل غەزەپ -نەپرەت بىلەن قارايدىغان بىنورمال ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئـادىللىق بـىلەن گـۇۋاھ بېرىڭلار، بىرەر قەۋمـگە بولغـان ئـۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىـل بولماسلىقىڭلارغا سـەۋەب بولمىسۇن. (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنە ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىنـدۇر، ئاللاھـدىن قورقـۇڭلار، ئـاللاھ ھەقـىقەتەن قىلمىشـىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»①. مانا بۇئايەت بىزگە، قايسى دىن، ياكى مەزھەپتىكى قانداق ئادەم بولمىسۇن، ھەممىسىگە باراۋەر ئادىـل مۇئـامىلە قىلىشـنىڭ نەقەدەر مـۇھىملىقىنى چۈشـەندۈرۈپ بېرىـدۇ. ‹‹قۇرئـان كەرىـم››دە يەنە مۇنـداق دېـيىلگەن: ‹‹دىنـدا(ئۇنىڭغـا كىرىشـكە) زورلاش يوقتـۇر، ھىدايەت گۇمرانلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى...››②. ‹‹سەن(ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، سـەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسى سەن››③.قۇرئان››مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلار‹‹قۇرئان كەرىم››دە بايان قىلىنغان ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنى ھاياتقا تەتبىقلاش تۇغرىسىدا بىر-بىرى بىـلەن سۆھبەتلىششـى، بىـر-بىرىنـى ئاگاھلاندۇرۇشـى سـەمىگە سېلىپ قويۇشى كېرەك. ھەرگىز باشقىلارغا، مەن بەشۋاخ ناماز ئوقۇۋاتىمەن، ئون كـۈن روزىنـى ساق تۇتتۇم، زاكاتنى تولۇق بەرگەنلىكىم، ھەج قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەن مۇسۇلمان، سەن كـاپىر

دىمەسلىكى، ياكى ئۆزىنىڭ كۆز-قارشى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن باشقىلارنى ئۆلچىمەسلىكى كېرەك.

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە: ‹‹بىز ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىسلامغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىمدىن قورقۇدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز نەسىھەت قىلغىن››④. دەپ تەكىتلىنىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىغا باشقىلارغا دىنىي ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ بېرىشقا بۇلىدىغانلىقى، ئەمما ئىككىنچى بىر ئادەمنى دىنغا كىرشكە زورلاشقا ياكى مەجبۇرلاشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقى كۆرستىپ بېرىلگەن. ‹‹قۇرئان كەرىم›› كىشلەرنى سەۋر-تاقەتلىك ۋە كەڭ قورساق بۇلۇشقا چاقرىق قىلغان بۇلۇپ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئايەت بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنى قىلماي)، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن››⑤. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ‹‹ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ،ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە)تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ)سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بۇلۇپ قالىدۇ››⑥. دېمەك يۇقىرقى ئايەتتە ئەپۇچان، كەڭ قورساق، رەھىم-شەپقەتلىك

—————————

① ‹‹قۇرئان كەرىم››،سۈرە مائىدە 8-ئايەت .

②‹‹قۇرئان كەرىم››،سۈرە ۋەقەرە 256-ئايەت .

③ ‹‹قۇرئان كەرىم ››،سۈرە غاشىيە 21-ئايەت .

④‹‹قۇرئان كەرىم ››،سۈرە قاق. 45-ئايەت.

⑤‹‹قۇرئان كەرىم ››،سۈرە ئەئراف 199-ئايەت .

⑥ ‹‹قۇرئان كەرىم ››،سۈرە فۇسسىلەت34-ئايەت.

بۇلۇشنىڭ ئىنسانىنىڭ ھەققىي خىسلىتى ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بەرسە، ‹‹بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسنى)تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ››①. دىيىش ئارقىلىق، ئۆزىدە ئەنە شۇنداق گۈزەل ئەخلاقىي سۈپەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشنى پەرۋە دىگارنىڭ ئالىي مۇكاپاتى ساقلاپ تۇرغانلىقنى بايان قىلىدۇ.

‹‹قۇرئان كەرىم›› يەنى ئۇرۇش توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇرۇشنى ئامالسىز، ئىلاجسىز قالغاندا ياكى زوراۋرىيەت تۇغۇلغاندا، يەنى دۆلەت تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، خەلقنى دۆلەت زېمىنى قوغداشقا چاقىرىق قىلغاندا ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقى، شۇنداق بولغاندىمۇ ئىنسانىي ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇن ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ ھەممىدىن زوراۋرلىقنى كۆرسىتىپ بەردى .

‹‹...ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاغا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ››②. قىسقىسى‹‹قۇرئان كەرىم››بۇزغۇنچىلىق، زوراۋانلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يۇقىرقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا تىنچلىقنىڭ تۇرۇشتىن ئەۋزەللىكى ۋە مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

2.جىھادنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى توغرا چۈشىنەيلى

‹‹قۇرئان كەرىم››نىڭ نازىل بولۇشى توپتوغرا 23 يىلدا تاماملانغان بولۇپ ئۇنىڭ ئاۋۋالقى 13 يىلدا مۇسۇلمانلار ئاجىز ھالەتتە، مەككە مۇشرىكلىرى كۈچلۈك ھالەتتە مۇسۇلمانلار ئاز سانلىقنى مەككە مۇشرىكلىرى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ، ھەرخىل زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ھەممىشە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندىن سىرت، بىر قىسمى مۇنرىكلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆيلىرى مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىر قىلىنغان، ھەتتا ئۆز يۇرتىدىن قوغلانغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارغا قارشى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمىگەن، ئەكسىچە ئۇلاربىلەن سۈلھى تۈزۈپ تىنچلىقتا بىرگە ياشاشقا تىرىشقان.

بۇتپەرەسلەرنىڭ زىيانكەشلىكى چەكتىن ئېشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرى(مەككە)نى تەرك ئېتىپ، دەسلەپتە ھەبەشىستانغا، كېيىنچە يەسرىپ (كېيىنچە مەدىنە دەپ ئاتالغان) شەھرىگە بېرىپ ئورۇنلاشقان. كېيىنچە مۇسۇلمانلار مەدىنىدە سىياسى تەرتىپ ئورنىتىپ، ھەقىقي كۈچ توپلىغاندىمۇ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ياكى كونا ھساپ ـ كىتاپنى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ھۇجۇم قىلمىغان. پەقەت مۇنۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، شۇنداقلا مەككە مۇشرىكلىرى مەككىدىن مەدىنىگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغاندىن كېيىن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان.

‹‹ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر» ③. «(ئۇلار) پەقەت

پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا

——————————

① «قۇرئان».سۆرە شۇرا 40-ئايەت.

②«قۇرئان».سۆرە مائىدە 64-ئايەت.

③«قۇرئان». سۆرە ھەج 39-ئايەت.

، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى...» ①. «قۇرئان كەرىمنىڭ»نىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، يۇقارقى ئايەتلەر نازىل بولغىنى بىلەن، ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ياكى مۇداپىئەلىنىش ئۇرۇشى بولۇشىنى ، ھەرگىز تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى بولماسلىقىنى قايتا - قايتا تەكرارلىغان .

«سىلەرگەئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» ②.يۇقىرقى ۋەھىيلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلاربىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇشرىك قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم جەڭ بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بىرەر قېتىملىقىغىمۇ مۇسۇلمانلارسەۋەبچى بولمىدى ياكى مۇسۇلمانلار باشلامچى بولۇپ ئۇرۇش قوزغىمىدى. قىسقىسى، مۇسۇلمانلار تاجاۋۇزچى بولمىدى ياكى مۇسۇلمانلار باشلامچى بولۇپ ئۇرۇش قوزغىمىدى. قىسقىسى، مۇسۇلمانلار تاجاۋۇزچى بولمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، «مىلادىيە 628- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىلدا بىركىلىدىغان ھەج مەۋسۇمىدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىگە كەلدى. لېكىن، مەككىلىكلەر ھەج قىلىشقا كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى رەت قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئارقىلىق كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ سۈلھىدە (ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇشماسلىق) دېگەن بىر ماددىمۇ بار ئىدى. بۇ سۈلھىگە ئاساسەن، مەككىدىكى قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن تارقىتىش ۋە يېڭى ئېتىقادچىلارنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم مەككىگە كېلىپ ھەج قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، مەككىلىكلەر سۈلھىگە خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بويسۇندۇرغۇچى سۈپىتىدە كىرىپ كەلدى. لېكىن دۈشمەنلىرىگە ئىنتايىن كەڭچىلىك قىلدى»③. دەرۋەقە،ئۇ كەئبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بۇمۇقەددەس جاينى بۇتپەرەسلىكتىن خالىي قىلغاندىن باشقا، مەككىلىكلەرگە چېقىلمىدى، بەلكى مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورناتتى. شۇ ۋاقىتتا، ئەگەر

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام خالىغان بولسا، بۇرۇن ئۆزلىرىگە چەكسىز ئازاب كۆلپەتلەرنى سالغان مەككىلىك مۇشرىك قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا پۈتۈنلەي قادىر ئىدى. ئۇھەتتا باشقا دىنلارغا ئېتقاد قىلدىغان كىشلەرگە ئۆز دىنغا ئېتقاد قىلىش ھوقۇقىنىمۇ ھەم بەرگەن .«ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا ،ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرى ۋە خرىستىئان دىنغا ئېتقاد قىلدىغان قەبىلىلەر بىلەنمۇ تىنچلىق كېلىشمى ئىمزالىغان» ④ .

«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ»⑤. يۇقىرقى ئايەتتە،ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرىي مۇسۇلمانلارغا ئادىل، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مەسىلە «جىھاد» چۈشەنچىسى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئاساسىي بولغان قۇرئان كەرىم، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئىسلامدا تەكىتلەنگەن «جىھاد»نىڭ مەنىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى، نىمگە قارىتا ئېيتىلغانلىقى، ئۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە دائىر بىر قاتار سوئاللارغا ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولغان.

«جىھاد» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى«ئىنتىلىش»،«ھەرىكەت قىلىش»،«تىرىشچانلىق كۆرسىتىش»،«جاپا چېكىش» دېگەندىن ئىبارەت. ئىسلام ئەقىدىسىدىن قارىغاندا، «جىھاد قىلىش»ـ«جۇھد جەھىد» يەنى«بىرەر قىلىش قارار قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، مىسىر دىن ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ئالىي مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى مەھمۇد ھەمدى زەقرۇق ئۆزىنىڭ«ئىسلام دىنىنى بۇرمىلايدىغان بىر تەرەپلىملىكلەرنى تۈزىتەيلى!» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «جىھاد سۆزىنىڭ مەنىسى (شەخس ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش) دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇيەنە ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرىنچى خىل مەنىسى، شەخسىنىڭ روھىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچى خىل مەنىسى، ھەققانىي ۋە توغرا ئۇرۇشتا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ بىرىنچى خىل مەنىدىكى غەيرەت بىلەن تىرىشىش«چوڭ جىھاد» دەپ

——————————

①«قۇرئان».سۈرە ھەج 40ـ ئايەت .

②«قۇرئان».سۈرە بەقەرە 190ـ ئايەت.

④③ {پاكىستانلىق} سەئىد فەييازمەھمۇد:«ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1ـقىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996ـيىل نەشرى، 46ـ47بەتلەر.

⑤«قۇرئان كەرىم»، سۈرە مۆمىنۇن 8 - ئايەت.

ئاتىلدۇ، بۇ شەخسنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە گۇناھ ۋە ئازغۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قەلبىنى پاكلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك گۇناھلاردىن بۇلۇپمۇ ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، ئۆچمەنلىكلەردىن يىراق بولۇپ، بۇئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغائېرىششىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا شەكىلدىكى جىھادلار «كىچىك جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەققانىي، توغرا ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت»①.

دېمەك، ئىسلام ئەھكاملىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقىي جىھاد-چوڭ جىھاد بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەپسىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆز تېنىدىكى يامان خۇسۇسىيەتلەر(ئاچكۆزلۈك، ناپاكلىق، ئەخلاقسىزلىق، ۋەھشىيلىك، ۋە ياۋۇزلۇق)نى يوقىتىپ قەلبىنى پاكلاش، ئىش- ھەرىكىتى ۋە سۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقى ئىدى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ، يېنىدىكىلەرگە :«بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتىپ كەلدۇق»②. دېگەن، يەنى ئۇ، چوڭ جىھاد ياكى ئۇلۇغ جىھاد-ئىنسانىنىڭ ئۆز نەپسىگە قارشى ئېلىپ بارغان جىھادىدۇر، دەپ تەلىم بەرگەن.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى ياكى پۈتۈن ھاياتى بولسۇن، باشتىن- ئاخىر باشقىلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىش، تەربىيە بېرىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ، دىنىي دەۋەت ئېلىپ بارغان دەسلەپكى چاغلاردا، قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان، رەسۇلۇللاغا ھۇجۇم قىلغان، رەسۇلۇللا قاتتىق خورلۇقۇقا ئۇچرىغان. شۇ ۋەزىيەتكە قارىتا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايىتىدە: «سەن بۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، سالام دېگىن، (يەنى ئۇلارغا بەددۇئامۇ قىلمىغىن، دىنغا دەۋەتمۇ قىلمىغىن)، ئۇلار كەلگۈسىدە (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ»③ دېيىلگەن. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا مۇھەممەت ئەلەھىسسالامنى «كىچىك جىھات»نى قوللىنىشقا بۇيرىمىغان، بەلكى سەۋىر-تاقەت قىلىشقا بۇيرىغان. ئۇن نەچچەيىل تىنىچلىق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىنمۇ، مۇسۇلمانلار يەنىلا مەككەئاق سۆڭەكلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا ۋە زۇلمىغا ئۇچراۋەردى، ئۇلارنىڭ ھاياتى تەھتىدت ئاستىدا قالدى،بۇ چاغقا كەلگەندە، ‹‹قۇرئان كەرىم››دىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ‹‹ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى›› ④. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى جىھاد قىلىش شارائىتى ھازىرلانغان ئەھۋالدىمۇ، ئالدى بىلەن تىنىچلىقنى

تاللىغان، ئامال بولمىغاندىلا ئۇرۇش

———————————

①‹‹يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر››1ـتوپلام، 39ـ، 40ـ بەتلەر، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن. دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى 2001ـيىل نەشرى.

②‹‹يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر››1ـ توپلام، 41ـ بەت، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن، دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى 2001ـ يىل نەشرى.

③ ‹‹قۇرئان كەرىم ››، سۈرە زۇخرۇق 89ـئايەت .

④ ‹‹قۇرئان كەرىم››، سۈرە ھەج 39ـئايەت.

ئېلىپ بارغان.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا باش بولغان «خۇلەفائى راشىدىن» (يەنى توغرا يولدىكى خەلىپىلەر) ۋە مۇسۇلمان قوشۇنلىرى، ئىستېلا قىلغان جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تىنچ، بەختەر ياششىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. خەلىپىلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەبۇبەكرى سىدىق سۈرىيىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆز قوشۇنلىرىغا ‹‹قۇرئان كەرىم›› مەزمۇنىغا ئاساسەن مۇنۇ يوليورۇقنى بەرگەن:

‹‹ئەي ئىنسانلار!مەن سىلەرگە چىن دىلىڭلاردىن ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك بولغان ئون قائىدىنى مەلۇم قىلىمەن، ئۇنى پەقەت ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار ۋە توغرا يولدىن ئاداشماڭلار. باللارنى، ئاياللارنى، قېرى ،ئاجىز، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرمەڭلار، خورما دەرەخلىرىگە ئوت تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ۋە ئاخىرەتلىكنى تىلەپ تائەت ـئىبادەت قىلىۋاتقانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار››①.

ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەزرىتى ئۆمەرمۇ، ئۆزىنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە خەيرخاھلىقى، رەھىم ـشەپقەتلىكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن مۇسۇلمان دۇنياسىدىلائەمەس، بەلكى غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن، مەسىلەن: مىلادىيە 637ـيىلى ئەرەب قوشۇنلىرى پەلەستىننى ئىستېلا قىلدى. ئەسىرلەر مابەينىدە يۈز بەرگەن بېھىساپ ئۇرۇش ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ شەپقەتسىزلىكىدىن يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن خەلق، بىر ھۆكۈمران دىنىنىڭ باشقا بىر دىن بىلەن ئالمىشىشى، يەنە نۇرغۇن ۋەيرانچىلىقلارنى ۋە ئازاب ـئوقۇبەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. دەپ ئەندىشە قىلغانىدى، ئەمما خەلىپە ئۆمەر رەھبەرلىكىدىكى مۇسۇلمانلار پەلەستىندە دىنى ئەركىنلىك، تىنچلىق ۋە پاراۋانلىقنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئەنگىلىيىلىك تارىخچى، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق تارىخى بويىچە مەشھۇر مۇتەخەسسىس كەرېن ئارمىستىراڭ ‹‹ئىلاھنىڭ تارىخى›› ناملىق ئەسىرىدە: ‹‹خەلىپە ئۆمەر قۇددۇسقا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا شەھەر ھاكىمى

ۋە قۇددۇسنىڭ ئالىي روھانىيسى ھەمراھ بولۇپ، قۇددۇستىكى ئاساسىي ئىبادەتخانىلارنى كۆرسەتتى. «تەۋرات» (كونا ئەھدى)تا تىلغا ئېلىنغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان بەيتۇلمۇقەددەسكە باشلاپ باردى. خەلىپە ئۆمەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجغا كۆتۈرۈلگەن جاينى زىيارەت قىلدى ۋە شۇ جايدا ناماز ئوقۇدى. باش روھانىي بۇ ۋەقەلەرنى بىر ئاز قورقۇش ئىچىدە كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئەمدى كۇنۇم تۈگىدى دەپ ئويلىغانىدى. ئاندىن كېيىن، خەلىپە ئۆمەر ناسارالار ئىبادەت قىلىۋاتقان چېركاۋنى ۋە ھەزرىتى ئەيسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جاينى كۆرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇ نارسارلار ئىبادەتخانىسىغا بارغاندا ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى. يوپ ئەدەپ بىلەن خەلىپە ئۆمەرگە مۇشۇ ئىبادەتخانىدا ناماز ئوقۇش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن خەلىپە ئۆزرە ئېيتىپ، تەكلىپنى رەت قىلدى. ھەم ئەگەر مەن مۇشۇ ئىبادەتخانىدا ناماز ئوقۇغۇدەك بولسام، مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقەنى تارىخ سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن. كېيىنچە ئىبادەتخانا ئورنىغا مەسچىت بىنا قىلىشى مۇمكىن، دېدى. دە، ئىبادەتخانىدىن چىقىپ، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ناماز ئوقۇدى. كېيىنچە مۇشۇ جايغا ئۆمەرنىڭ نامى بىلەن بىر مەسچىت بىنا قىلىنغان بولۇپ، «مەسچىدىل ئۆمەر»(ئۆمەر مەسچىدى) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى»②

.خەلىپە ئۆمەر قۇددۇس ناسارالىرى بىلەن تۈزگەن خەۋپسىزلىك شەرتنامىسىدىمۇ: «ئۇشبۇ بىتىم، مەنكى ئاللاھنىڭ بەندىسى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى تەرىپىدىن قۇددۇس خەلقىگە بېرىلگەن ھامىلىق ھەققىدىكى بىتىمدۇر. مۆمىنلەر ئەمىرى ساق ياكى كېسەل بولسۇن، پۈتۈن خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ھىمايىچىسىدۇر.شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، بۇتلىرى ۋە دىنلىرىنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا.خەلقنىڭ بۇتخانىلىرىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا، شۇنداق جايلارنىڭ تۇرار جايلارغا ئايلاندۇرۇلماسلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئاۋالقى ھوقۇقلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىدىن ھېچنېمىگە چېقىلماسلىققا. دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىدە ھەركىمگە،ھەرقانداق جايدا بېسىم ئىشلەتمەسلىككە كاپالەتلىك بېرىمەن. ئاللاھ، ئۇنىڭ رەسۇلى، رەسۇلىنىڭ ساھابىلىرى ۋە بارچە مۆمىنلەر ئۇشبۇ

———————————

① ھارۇن يەھيا «ئىسلام تېرورلۇققا لەنەت ئوقۇيدۇ»، 2002-يىل تۈركىيە نەشرى، 49-بەت.

②كەرىن ئامستىراڭ: «ئىلاھنىڭ تارىخى»، خەينەن خەلق نەشرىياتى 2001-يىل، 172-بەت.

بىتىمنى تەستىقلايدۇ. ئىمزا: ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ» ①. دېمەك، مۇندىن مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى بىتىمدە، شەھەردىكى چېركاۋلارنىڭ بۇزۇپ تاشلانماسلىقى، مۇسۇلمانلار، ناسارالارنىڭ چېركاۋلىرىنى بېسىۋالماسلىقى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىبادەتخانىلىرىنىڭ

www.kitaphumar.net

كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى تىلغا ئېلىنغان.

دىمەك، ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ «قۇرئان»نىڭ مەزمۇنى ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلغان مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرى، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇشنىڭ، ئىسلام ئەھكاملىرىدا تەكىتلەنگەن ھەقىقى جىھاد (چوڭ جىھاد)نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە شۇنىڭغا باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلغان. شۇ ئاساستا ئوخشىمىغان ئىرق، ئېتىقاد ۋە مەزھەپلەردىكى كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، تىنچلىقتا بىللە ياشاشنىڭ يارقىن نامايەندىسىگە ئايلانغان.

ھاقىقەتەن، ئىسلام ئەھكاملىرىدا تەكىتلىگەن جىھاد، جاپالىق ئىشلەپ تاپقان مال-مۈلۈكنى تۈرلۈك خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا، جۈملىدىن ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادارلىق قىلىش، خوتۇن-بالىلىرىنى بېقىش، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاتاش، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىش، پاك-دىيانەتلىك، ئادىل بولۇش، ھەققانىيەتنى قوللاش ھەمدە گۈزەل ئەخلاق مىزانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلاش يولىدىكى تىرىشچانلىقلارنى، جۈملىدىن مۇشۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يامان ئادەم، يامان ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش، ئېيپەت-نومۇسىنى ساتىدىغان، پاھىشىۋازلىق قىلىدىغان، شەھۋانى بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئالداپ ساتىدىغان، زەھەر ساتىدىغان ۋە چېكىدىغان، قىمار ئوينايدىغان، خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغانلار بىلەن كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، «جىھاد دىگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئۇرۇش قىلىش» دىگەنلىك ئەمەس، ھەرگىز «ئادەم ئۆلتۈرۈش»دىگەنلىكمۇ ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇسۇلمانلار رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ھەققانىيەت ۋە ئۆزلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن «كىچىك جىھاد» ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە بولسا دەۋر ئۆزگەردى، جەمىيەت تەرەققى قىلدى، ئېتىقاد يۈكسەلدى مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، بۇ نىشانلار ئەمەلگە ئاشتى ۋە ئاشماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى، مۇسۇلمانلارنىڭ 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە تىنچ ياشىشىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. مانا مۇشۇنداق تىنچلىق دەۋرىدە، ئىسلامنىڭ تىنچلىقنى ئاساسى قىلىنەمە قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئاخىرقى

نىشانىنىڭمۇ تىنچلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىشىمىز لازىم.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى مەخپۇللا

مەنبەسى: شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى ژورنىلى